جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

چارلس خانايىر [ئامېرىكا]

# دۇنيادىكى ئاجايىپ پىسخىكىلىق ساۋاق

(3)

قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىدىغان تەڭداشسىز دەرسخانا.
ئىچكى ئىجادچانلىقنى ئۇرغۇتىدىغان مۇكەممەل دەستۇر.
يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە مەخپىي رىسالە.

THE NEW PSYCHOLOGY

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

## «سىر» نىڭ كەينىدىكى «سىر»

بۇ كىتاب ھەممىلا ئادەم ئۇچۇن يېزىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتى مال تونۇيدىغانلارغا ۋە كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇيالايدىغانلارغا مەنسۇپ.

- ھەربىر ئادەمدە بىباھا ئىقتىدار بولىدۇ. بۇ ئىقتىدار قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ ھەمدە سىزنىڭ ئېچىشىڭىزنى، تەتبىقلىشىڭىزنى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزنى كۈتىدۇ. ھالبۇكى، «دۇنيادىكى ئاجايىپ پىسخىكىلىق ساۋاق» دېگەن بۇ كىتاب سىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئويغىتىشىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇشلۇقتۇر.

- سىز باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل تاپالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىقتىدارىڭىز باشقىلارغا يەتمەيدىغان ئادەم ئەمەسسىز، بەلكى شېرىن خىياللىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىمىگەنسىز.

- سىز مېڭىڭىزنى مەشقلەندۈرۈشىڭىز، زېھنىڭىزنى يىغىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى گۇمان، تەشۋىش ۋە قورقۇنچلارنى يوقىتىشىڭىز، ئارزۇيىڭىز بىلەن نىشانىڭىزنىڭ چەك - چېگراسىنى ئېنىق بېكىتىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا سىز ئىچىڭىزدىكى مىسلىسىز كۈچ - قۇدرەتنى تاپالايسىز ھەمدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيسىز.



ISBN 978-7-80744-966-9
9 787807 449669 >

يەككە باھاسى
18 يۈەن

# دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق

THE MASTER KEY SYSTEM

دۇنيادا ھەممىلا ئادەم موھتاج بولىدىغان ۋە تەلەپ قىلىدىغان ئۈچ خىل نەرسە بار: ئۇ بولسىمۇ بايلىق، ساغلاملىق ۋە مۇھەببەتتۇر.

ھەممە نەرسە مۇشۇ ئۈچىدىن ئايىنىپ چىققان، شۇ تاپتا سىز بايلىق، ساغلاملىق ۋە مۇھەببەتكە نائىل بولۇۋاتىسىز. مەن ئاغزىمغا كەلگىنچە ماختايدىغانلاردىن ئەمەس... شۇڭا دىمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىستىكىدىكى يوللىرىمدا مەن ئۇچراتقان ئەڭ قالتىس ئەسەر. ئەجەبا ئۇ سىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەسمۇ؟

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

چارلس خانايىر [ئامېرىكا]

# دۇنيادىكى ئاجايىپ پسىخىكىلىق ساۋاق

## ( 3 )

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋايىت قاسىم

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界上最神奇的24堂课：维吾尔文/(美)哈奈尔著，福源汉译；伊得力斯·奴如拉维译. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社；新疆电子音像出版社，2010. 3
(中外名作欣赏)
ISBN 978-7-80744-966-9

I. ①世… II. ①哈… ②福… ③伊… III. ①成功心理学—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) IV. ①B848. 4-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第041857号

丛书名 中外名作欣赏
书　名 世界上最神奇的24堂课（下）
作　者 查尔斯·哈奈尔[美国]
译　者 阿布都瓦依提·哈斯木
策　划 艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑 迪丽努尔·阿布都热合曼
特约编辑 艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任校对 买哈巴·买买提
特约编辑 阿布都热依木·阿不力米提
封面设计 祖里喀尔设计
出　版 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
地　址 乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　编 830000
电　话 0991-8888763
发　行 新疆新华书店
印　刷 乌鲁木齐昊坤彩印有限公司
开　本 880mm×1230mm 1/32
印　张 7.125
版　次 2010年3月第1版
印　次 2011年5月第1次印刷
书　号 ISBN 978-7-80744-966-9
总定价 56.00元（全三册）

# ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ

بىز تەبىئەتتىكى بۇ قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى. مىنېراللار دۇنياسىدىكى تۈرلۈك نەرسىلەر قاتتىق ھالەتتە بولۇپ، ئاسانلىقچە پارغا ئايلانمايدۇ. ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ئالىمىدىكى، بارلىق نەرسىلەر مۇقىمسىز، ئۆزگىرىشچان بولۇپ، داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، باشتىن ـ ئاخىر پەيدا بولۇش ۋە يارىتىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئاتموسفېرادىن، بىز ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق ۋە ئېنېرگىيەنى بايقايمىز. بىز شەكىللىكتىن شەكىلسىزلىككە، يىرىكلىكتىن ئىنچىكىلىككە، تۆۋەن دەرىجىدىكى يوشۇرۇن كۈچتىن يۇقىرى دەرىجىدىكى يوشۇرۇن كۈچكە بۇرۇلغان چېغىمىزدا، ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى تۈرلەر تېخىمۇ زىللىنىشىدۇ، تېخىمۇ روھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

كۆرۈنمەس دۇنياغا يېتىپ بارغان چېغىمىزدا، ئەڭ ساپ، ئەڭ تۇراقسىز ھالەتتىكى ئېنېرگىيەنى تاپىمىز.

تەبىئەتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ كۆرۈنمەيدىغان، شەكىلسىز كۈچ بولغىنىغا ئوخشاش، ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچمۇ كۆرۈنمەيدىغان، شەكىلسىز كۈچ، يەنى مەنىۋى كۈچتۇر، ھالبۇكى مەنىۋى كۈچنى ئىپادىلەشنىڭ بىردىنبىر شەكلى تەپەككۇر جەريانى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

تەپەككۇر روھ ئىگە بولغان بىردىنبىر ھەرىكەتتىن ئىبارەت، پىكىر يۈرگۈزۈش بولسا تەپەككۇرنىڭ بىردىنبىر مەھسۇلىدۇر.

ئەقلىي خۇلاسە روھىي جەرياندىن ئىبارەت، ئاڭ روھ تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ، مەسىلە روھنىڭ يول كۆرسەتكۈچى چىرىغى ۋە لوگىكىسى؛ دىيالېكتىكا بىلەن پەلسەپە روھنىڭ ھۆجەيرىلىرىدىن

ئىبارەت .

لېكىن ھەر قانداق ئوي ـ پىكىر جەزمەن جانلىق ئورگانىزمـ ـنىڭ مەلۇم ماددىي ئىنكاسىدىن كەلگەن بولىدۇ . بۇ ئورگانىزم قوزغۇلمىسىنىڭ توزۇلۇشىدە ئوبيېكتىپ ماددىي ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىدۇ . شۇڭا ، ئېنىق بەلگىلەنگەن مەلۇم بىر ئاساسىي تېما ئۈستىدە بەلگىلىك دەرىجىدە پىكىر يۈرگۈزۈلسىلا ، ئادەمنىڭ بەدەن قوزغۇلمىسىدا ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگىرىش پەيدا قىلغىلى بولىدۇ .

مانا بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئۆزگىرىش جەريانـ ـدۇر . بۇ جەرياندا جاسارەت ، كۈچ ـ قۇدرەت ، ئىلھاملىنىش ، چولتىلىق ، مەغلۇبىيەت ، ئۈمىدسىزلىك ، چەكلىمىلىك ۋە شاۋقۇن سۈرەنلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ قەلبتە ئاستا ـ ئاستا يىلتىز تارتـ ـسا ، بەدەن قوزغۇلمىسىدىمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئۆزگىرىش يۈز بېرىـ ـدۇ ، شەخسنىڭ ھاياتى يېڭى بىر خىل نۇر تەرىپىدىن يورۇتۇلىدۇ ، كونا ئىشلار يوقىلىپ ، شەيئىلەر پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرىدۇ ، سىزمۇ شۇ قاتاردا يېڭى ھاياتقا ئېرىشىسىز . بۇ روھىي جەھەتتىكى بىر قېتىملىق قايتا تۇرىلىش بولۇپ ، ھايات مۇشۇ سەۋەبتىن يېڭى مەنىگە ئىگە بولىدۇ ، يېڭىباشتىن يارىتىلىدۇ ، خۇشاللىققا ، ئىـ ـشەنچكە ، ئۈمىدكە ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ . سىزمۇ مۇۋەپپەقىـ ـيەت قازىنىش پۇرسىتىنى كۆرەلەيسىز ، ھالبۇكى بۇنىڭدىن ئىلگىـ ـرى سىز قارىغۇ ئىدىڭىز .

ۋۇجۇدىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئويى بىلەن تولىدۇ ھەم ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ ، ئۆز ـ نۆۋىتىدە ئۇلار يەنە سىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىز ۋە يۇقىرى ئۆرلىشىڭىزـ ـگە ياردەم بېرىدۇ . سىز يېڭى ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەمكارلاشـ ـقۇچى شېرىكلەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلالايسىز ، بۇ ئەكسىچە ھالدا يەنە سىزنىڭ تاشقى مۇھىتىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ .

پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ رولىنى مانا مۇشۇنداق ئاددىي ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ، ئۆزىڭىزنىلا ئۆزگەرتىپ قالماي ،

مۇھەببىتىڭىز ، كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىز ۋە تاشقى شەرت ـ شارائىتىڭىزنىمۇ ئۆزگەرتەلەيسىز .

بىز يېپيېڭى بىر كۈننىڭ سۇبھى پەيتىدە تۇرماقتىمىز . يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەر خىل ئىمكانىيەتلەر شۇ قەدەر گۈزەل ھەم سىرلىق ، شۇ قەدەر جەلپكار ، شۇ قەدەر كەڭ ۋە چەكسىزكى ، سىزنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرىدۇ . بىز ھازىر بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتقان ئىشلار يۈز يىل ئىلگىرى ئۇخلىساق چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار ئىدى ، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ، ئەلۋەتتە .

شۇنى سۆزلەپ ئۇلتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى ، «دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» ناملىق بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى بىلىۋالغان ھەرقانداق بىر ئادەم تەسەۋۋۇر ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپ ، ھاياتقا مەغرۇر باقىدۇ — ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز ئىمكانىيەتلەرنىڭ بىر قىسمى سۇپىتىدە نامايان بولىدۇ .

# يۈكسەك ئىرادىڭىز ۋە ئۈمىدىڭىزنى چۈشىنىپ، ئۇلاردىن ھالقىپ كېتىڭ

«دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» ناملىق بۇ كىتابنى ئوقۇسىڭىز ھەم چۈشەنسىڭىز، تۇرمۇشتىكى يۈكسەك ئىرادىڭىز ۋە ئۈمىدىڭىزدىن ھالقىپ كېتەلەيسىز.

* قانداق قىلغاندا ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقنى تامامەن چۈشىنىۋالىسىز.

* «تارتىش كۈچى قانۇنى» نىڭ ئۆز رولىنى زادى قانداق جارى قىلدۇرىدىغانلىقى ھەم نېمە ئۈچۈن رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىسىز شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇنۇم بېرىشكە باشلاۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

* كۆڭۈلدىكىدەك بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى ساقلاشنىڭ بىرخىل يېڭى ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالىسىز، بۇ خىل ئۇسۇل ئورۇقلىتىش دورىلىرىنى، ئورۇقلىتىدىغان مودا يېمەكلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ھەم سىزنى ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈرۈپمۇ قويمايدۇ.

* «چوڭ مېڭىڭىزنى قانداق تاۋلاش» نى ئۆگىنىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشىڭىزدىكى گۇمان ۋە ۋەھىمىنى تۈگىتەلەيسىز.

* مەنانىڭ مۇھىملىقىنى بايقايسىز ھەم ياشاشنىڭ مەنىسىنى تېپىشتا ياردەمگە ئېرىشىسىز.

* سىز دۇنيادىكى داڭدار كىشىلەرنىڭ بايلىق يارىتىش ۋە ئىمپېرىيە قۇرۇشتىكى ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالىسىز.

* دىققەت - ئېتىبارىنى قانداق مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش ئارقىلىق، نېمە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئەقىللىق كىشىلەر-

نىڭ ئانچە ئەقىللىق بولمىغان كىشىلەر يېتەلىگەن مۆۋەپپەقىيەت چوققىسىغا يېتەلمىگەنلىكىنى چۈشىنىۋالىسىز .
* ھەرقانداق سودا تەۋەككۈلچىلىكى داۋامىدا ھەقىقىي مۆۋەپ-پەقىيەت قازىنىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولسىڭىز ، «پۇل تېپىش» نى ئارزۇ قىلىشنى ئۆگىنىشىڭىزلا كۇپايە قىلمايدۇ ، ئۇ پەقەت سىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ .
* پاسسىپ ھالەتتىكى ئۆز - ئۆزىڭىزگە دەرد تۆكۈشنىڭ قانداق قىلىپ ناھايىتى تېزلا ئاكتىپ ھالەتتىكى ئۆز - ئۆزىڭىزگە دەرد تۆكۈش تەرىپىدىن يوقىتىلىپ ، ئۇنىڭغا ئورۇن بوشاتقانلىقىنى بايقايسىز ، بۇنىڭ نىشانىڭىز ۋە ئارزۇيىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشى-ڭىزغا ياردىمى بولىدۇ .
* پىلانىڭىزنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىزگە ئايلاندۇرۇشىڭىز تې-خىمۇ ئاسان بولىدۇ شۇنداقلا مىسلىسىز تېز سۈرئەتتە يۈرۈشىدۇ .
* نەتىجە ناھايىتى تېزلا بارلىققا كېلىدۇ ، تېزلىكى تەسەۋۋۇ-رىڭىزدىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ .
*نىشان بەرپا قىلىش ناھايىتى ئاددىي بىر خىل ئىشقا ئايلىنى-دۇ .
* نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش گويا سىزنىڭ ئىككىنچى تەبىئىتى-ڭىز بولۇپ قالىدۇ .
* سىز ، ئىلگىرى قانداق ئىش يۈز بەرگەن بولسىدىن ، ئۇلارنىڭ ھازىرغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەر-زىمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىسىز . سىز مەردانە ھالدا كۆكرىكىڭىزنى كېرىپ ، كەلگۈسىگە گىگانت ئادەمنىڭ ئىرادىسى بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولىسىز .
* ئۈچ تۈرلۈك قانۇنىيەت سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولىدۇ . ئۇلارنىڭ كۈچىدىن قانداق پايدىلىنىش-نى ئۆگىنىۋالسىڭىز ، بۇنىڭ بىلەن نىشانىڭىزنى ، ئارزۇ - ئارمان-لىرىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرالايسىز .

* سىز ئۆزىڭىزنى ۋە نىشانىڭىزنى بەلگىلەش ئارقىلىق ، ئۆزىڭىزنى مۇۋەپپەقىيەت ۋە پۇرسەتنى جەلپ قىلىشقا يارايدىغان قىلالايسىز .

* «ماھىرلىق بىلەن ئىشلەش»نىڭ ھەرقانداق تىرىشچانلىقلار ئارىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يېگى «سىرى»ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسىز .

* سىز ئارزۇيىڭىزنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش جەريانىنى چۈشەنگەن چاغدا ، ئۇنى تۇرمۇشىڭىزدىكى ھەرقانداق تەرەپكە — خۇسۇسىي ئىشلار ، مالىيە ئىشلىرى ياكى سودا ئىشلىرىغا قوللىنالايسىز .

* ئۆگىنىش ھەم ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭىزنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرىسىز ، ئۆزىڭىزنى روھىي جەھەتتىن ئازادىلىككە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ناھايىتى چوڭ ياردەمگە ئىگە بولىسىز .

* ئوقۇش ئەلۋەتتە مۇھىم ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، سىز نېمىنى ئوقۇش كېرەكلىكىنى بىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايقايسىز .

* سىز ھەممىنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويغانمىدىڭىز ؟ ئەمدى ئۇنداق قىلمايدىغان بولىسىز . ئەگەر ئارزۇيىڭىز ۋە نىشانىڭىز ئېنىق بەلگىلەنسىلا ، سىز ئىچكى دۇنيايىڭىزدىن ئېنېرگىيە ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى تاپالايسىز .

* ھەربىر ئادەمنىڭ «مىليون دوللارلىق ئىقتىدارى»بولىدۇ ، لېكىن ئۇلار بۇلاردىن پايدىلانمايدۇ . تاۋلىنىش ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ بايلىقىڭىزنى بايقىيالايسىز ، سىز يەنە قانداق قىلغاندا ئۇنىڭدىن دەرھال ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز .

* سىز خام خىيال بىلەن دەرھال ھەرىكەتلىنىپ نىشان تىكلەش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ، شۇنىڭدەك بىر ئادەمنىڭ قانداق قىلغاندا باشقىلاردىن ئون ھەسسە كۆپ پۇل تاپالايدىغانلىقىنى چۈ-

شىنىۋالىسىز .

* كىچىكلىرىدىن ۋاز كېچىپ ، چوڭلىرىنى ساقلاپ قالغان چېغىڭىزدا ، كۆز ئالدىڭىزدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر تۇرمۇشىڭىزدىن يوقىلىدۇ .

* تۇرمۇشىڭىزدا يولۇقىدىغان «زىددىيەت» لەر تېخىمۇ ئازىيىدۇ .

* سىز قانداق قىلغاندا بىر پۈتۈن مەسىلىنى ياكى نىشاننى ئۇششاق پارچىلاپ نۆلگە تەڭ قىلىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز ، ھەرقانداق مەسىلىنى يېڭىپ ، ھەرقانداق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان بولىسىز .

* سىز ، ئۆزىڭىزنى شەيئىلەرگە يېقىنلاشتۇرغان چېغىڭىزدا تىنچلىنىدىغانلىقىڭىزنى ، شەيئىلەرنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدىغانلىقىڭىزنى ھەم شۇ سەۋەبتىن ئارزۇيىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پۇرستى ۋە مۇمكىنچىلىكىنى كۆرۈۋالالايدىغانلىقىڭىزنى بايقايسىز .

* سىز ئۆز خاتالىقىڭىز ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىپلا قالماي ، ئۆز مۇۋەپپەقىيەتىڭىز ئۈچۈنمۇ ھەقىقىي تۇردە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئالىدىغان بولىسىز ، بۇ نۇرغۇن ئادەملەر قىلىشتىن خىجىل بولىدىغان ياكى قىلىشتىن قورقىدىغان ئىش ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئۇنداق قىلمايدۇ .

* ياخشى نەرسە بارلىققا كەلسە ، ئەسكى نەرسە يوقىلىدۇ . ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى ئالاھىدىلىكىڭىزنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ ، ئەسكى ئالاھىدىلىكىڭىزنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتسىڭىز ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىسىز .

* سىز ، ئۆزىڭىز يولۇققان مەسىلىنى ناھايىتى ئاسان يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى ، ئۇلار ئىشىڭىزدىن چاتاق چىققانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەس ، بەلكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىڭىزدىكى «پەلەمپەي» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىسىز .

* تۇرمۇشىڭىز ئويلىغىنىڭىزدىكىدىن تېخىمۇ مول، تېخىمۇ باياشات، تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولىدۇ.

* سىز ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، قايسى ئاچقۇچى بىلەن قايسى ئىشىكنى ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالىسىز.

# ئوقۇرمەنلەرگە

قەدىرلىك كىتابخان :

بىر يىگىت راھىبنى ئىزدەپ بېرىپ ، قانداق قىلغاندا كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ .

راھىب ئۇنىڭدىن : «ئەگەر سىز ئالەمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بايلىققا ئىگە بولسىڭىز ، يەنە نېمىگىز كەم بولار ئىدى ؟ » دەپ سوراپتۇ .

— قانداق قىلغاندا ئالەمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت چۈشەنمەي .

— بۇ سوئالىڭىزنى بارلىققا كەلتۈرگەن جاي دەل ئالەمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بايلىقتىن ئىبارەت ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ راھىب .

بىر راھىبقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ ئۇلار ئادەتتە نام چىقىرىشتا پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ دەل جايىدا بېرىلگەن جاۋاب ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئەلۋەتتە بىر ئادەمنىڭ ئەقلى ، يەنى بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن ئىبارەت .

بارلىق بايلىق ، بارلىق بەخت ، بارلىق ساغلاملىق ، بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەقلىمىز ، يەنى بىزنىڭ ئوي - پىكىرىمىزنىڭ مەھسۇلى . مەرھۇم روبېرت ئانتون ۋىلسوننىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا : «مېڭە بىز بېشىمىزدىن كەچۈرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ، بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلىرىمىز ، دىلخەستىلىكلىرىمىز ، بارلىق خۇشاللىقلىرىمىز ، بارلىق تەرەققىيات دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى مەنزىللىرىمىز ۋە دەۋردىن ھالقىغان يۇقى-

-رى پەللە چۈشەنچىلىرىمىز ، شۇنىڭدەك مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەر-سىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . «ئالەمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بايلىق» ھېسابلىنىدۇ . ئۇ بارلىق ئوي - پىكىرلەرنى ياراتقان ، بۇ ئوي - پىكىرلەر جەمئىيەت تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ ، ئىلمىي قانۇن-يەت ، كالېندار ، زاۋۇت ، كومپيۇتېر ، جاننى قۇتقۇزىدىغان دورى-لار ، تېببىي ئىلىم ، كالا ھارۋىسى ، ئاپتوموبىل ، رېئاكتىپ ئاي-روپىلان ، ئالەم كېمىسى... دېگەندەك بايلىقلارغا ئايلانغان .

كىتابنىڭ بېتىدىن كۆزىڭىزنى ۋاقتىنچە ئۈزۈپ ، ئەتراپىڭىز-غا نەزەر سېلىڭ . سىز كۆرگەن ھەربىر خىل نەرسە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئەقلىنىڭ مەھسۇلى . بۇ ھەقتە بىر پەس ئويلىنىپ كۆرۈ-شىڭىزنىڭ زىيىنى يوق .

سىز ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇندۇق دەسلەپتە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئوي - پىكرىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ . ئۇ ئادەم بىر ئورۇندۇق ياساش كېرەكلىكىنى ئويلايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورۇندۇقنى لايىھەلەپ چىقىدۇ ، لازىملىق سەپلىمىلەرنى سېتىۋېلىپ (ياكى ئۆزى ياساپ ) ، ئۇلارنى قۇراشتۇرىدۇ ، ئاندىن ئۇنى سېتىشقا يارى-غۇدەك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ . ئۆيىڭىزنى يورۇتىدىغان لامپۇچكىنى ئالايلى ، سىز جەزمەن ئېدىسوننى ئەسكە ئالىسىز ، بۇ ئامالنى ئۇ ئويلاپ چىققان ، ئاندىن كېيىن يەنە زېھنى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان . كىتاب ئىشكابىدىكى كىتاب-لار ، تۇرۇۋاتقان ئۆيىڭىز ، ھەيدەۋاتقان ئاپتوموبىلىڭىز ... ھەممىسى ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەن . ھەربىر خىل نەرسە دەس-لەپتە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ بىر خىل ئوي - پىكرىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ .

ئەمدى ، بۇ يەردە بىر چوڭ سوئال بار :

قانداق قىلغاندا ئەقلىڭىز يەنى ئالەمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بايلىقتىن

پايدىلىنىپ ئۆزىڭىز ئىرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئىرىشەلەيسىز؟
بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن مەن سىزدىن بىرقانچە سوئال سوراي:

* ئۆز ئوي ـ پىكىرىڭىزگە تايىنىپ پۇل تاپالىدىڭىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ تولۇق قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالىدىڭىزمۇ

* ئوبدان يەۋاتامسىز؟ ئوبدان ئۇخلاۋاتامسىز؟ ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتالامسىز؟

* ئۆز تىجارىتىڭىزگە ياكى خىزمىتىڭىزگە كۆڭۈل قويالامسىز ھەم ئائىلىڭىزدىكىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالامسىز

* سىز ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغاندىكىدەك شۇنچىۋالا ساغلاممۇ؟

* كۈنلىرىڭىزنى ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرالامسىز؟

*كۈندۈزى ئۆزىڭىز تاماملاشقا تېگىشلىك ئىشنى تاماملايدىغانغا يېتەرلىك ۋاقتىڭىز بارمۇ ـ يوق؟

* قاتتىق ئۇخلاپ، سىزنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ۋە بىئارام قىلىدىغان ھەرقانداق چۈشنى كۆرمەي روھىي كەيپىياتىڭىزنى ياخشى ئەسلىگە كەلتۈرەلەمسىز

* ھەمىشە كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭىز ئۇرغۇپ تۇرغان، پۈتۈنلەي يېڭى قىياپەتكە كىرگەن ھالدا ئويغىنالامسىز؟

* ھەربىر كۈنىڭىز ئەھمىيەتلىك ئۆتەمدۇ؟

* ھەربىر كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلامسىز؟

* تۇرمۇشىڭىزدىكى ھەربىر ئىشنى روھىڭىز ۋە جىسمىڭىزغا پايدىلىق قىلالامسىز؟

* ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سىز قىلىسكەن دېگەن ئىشلارنى قىلالامدۇ؟ ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان قارىشى ئويلىغىنىڭىزدىكىدەكمۇ؟

* سىز دۇچ كەلگەن ئىشلار قىلىش ئاسان بولغان ھەمدە

غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارمۇ؟
* زېھنىڭىزنى بىر مەسىلىگە مەركەزلەشتۇرۇپ، باشقا بارلىق مەسىلىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويالامسىز؟
* بىر مەسىلىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى چۈشىنىش مەقسىتىدە ئۇنى چۇۋۇپ، پارچىلاپ، بۆلۈپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئېنىق، ھەل قىلغۇچ چارىسىنى تېپىپ ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىشقا قۇلايلىقلاشتۇرالامسىز؟
* بىر مەسىلىنى ھەل قىلغان چېغىڭىزدا، بۇ ئىشنى قايتا ئويلانماي، دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزنى باشقا ئىشقا بۇرىيالامسىز؟
* سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىز خاتىرجەممۇ، غەم ـ قايغۇدىن، تىت ـ تىت بولۇشتىن، تەشۋىشلىنىش ۋە گۇمانلىنىشتىن قۇتۇل-دىڭىزمۇ؟
ئەگەر سىز ھەقىقەتەن ئۆزىڭىز ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئىش ھەققىگە ئېرىشىشنى، ھەربىر يېڭى كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى يېڭى زېھنىي كۈچ ۋە ھاياتىي كۈچ بىلەن كۈتۈشنى، تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى ئوڭاي ھەل قىلالايدىغان، ئەندىشىسىز بولۇشنى، كىشىلەرنىڭ سىزنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئىنكاسلاردا بولۇشنى، كۆڭلىڭىزدىكى غەم ـ ئەندىشە ۋە گۇمانلاردىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىسىڭىز، بۈگۈن ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم-لەشتۈرگەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىشىڭىزنىڭ مۇھىملىقىنى مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.
سىز، ئۆزىڭىزنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى قى-لالايدىغانلىقىڭىزنى، بەلكى تېخىمۇ كۆپ قىلالايدىغانلىقىڭىزنى باي-قايسىز — سىز ئۆزىڭىز ئىگە بولغان ئەڭ ئۇلۇغ بايلىقتىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالاي-سىز.

## مۇندەرىجە

ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ ........................................ 1
يۈكسەك ئىرادىڭىز ۋە ئۈمىدىڭىزنى چۆشىنىپ ئۇلاردىن هال-
قىپ كېتىڭ........................................ 1
ئوقۇرمەنلەرگە ........................................ 1
1 ـ ساۋاق : مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش روھىي هالىتىڭىزگە
باغلىق ........................................ 1
2 ـ ساۋاق : سىزمۇ ھەممىگە ئىگە بولالايسىز ......... 15
3 ـ ساۋاق : پېشىۋالارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى.......... 33
4 ـ ساۋاق : «مەن»نى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ ......... 46
5 ـ ساۋاق : پەقەت %2 ئادەمنىڭلا ئىجادىيەت تۇغما تالانتى
بولىدۇ ........................................ 56
6 ـ ساۋاق : ئىجاد قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇڭ... 68
7 ـ ساۋاق : تەكچۆكلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ...... 76
8 ـ ساۋاق : ساغلام تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ... 87
9 ـ ساۋاق : كۆكۈلدىكى ۋەھىمىنى تۈگىتىش ......... 96
10 ـ ساۋاق : ئىلمىي پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىدا چىڭ
تۇرۇش ........................................ 106
11 ـ ساۋاق : دۇئانىڭ قۇدرىتى ........................ 119
12 ـ ساۋاق : ھەربىر ئادەمدە ئوخشاشلا ئۇلۇغ ئىدىـ-
يە بولىدۇ ........................................ 126
13 ـ ساۋاق : يوشۇرۇنغان شەربەت........................ 133
14 ـ ساۋاق : خۇدانىڭ سوۋغىسى ........................ 147
15 ـ ساۋاق : هاياتلىق كۆۋرۈكى ........................ 159
16 ـ ساۋاق : دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ دىنلار ......... 174

# 1 ـ ساۋاق : مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش روھىي ھالىتىڭىزگە باغلىق بولىدۇ

بىر نىشان ياكى مەقسەت روشەن ھالدا ئوي ـ پىكرنى ئىگىلەپ تۇرغان چاغدا ، ئۇنىڭ نەتىجىگە ئايلىنىشى ، يەنى شەكلى بار ، كۆرۈنىدىغان ھالەتكە كېلىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ . ئوي ـ پىكىر ھەمىشە ئەمەلىيەتتىن بۇرۇن بولىدۇ ھەم ئەمەلىيەتنى بەلگىلەيدۇ .

— لىللىئىيان ۋىلتمرىن

1 . پۇل ئىگىغا ئىگە ئادەم ھەمىشە پۇلنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . نامراتلىق ئىگىغا ئىگە ئادەم ھەمىشە نامراتلىقنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغان ئىشى ۋۇ-جۇدقا چىقىدۇ ، ھەرگىز باشقىچە بولمايدۇ ، ئۇلار ئوي ـ پىكرى ، گەپ ـ سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ، ئۆز ئىگىدىكى نەرسىلەرگە يول ھازىرلايدۇ . «ئۇ كۆڭلىدە قانداق ئويلىغان بولسا ، ئۇ ئۆزى شۇنداق ئادەم بولىدۇ .»① جوب : «مەن قورقىدىغان ئىش ئۆزۈمـ-نىڭ بېشىغا كەلدى .» دېگەنىدى ئاڭ ياكى ئىدىيە ۋە ئېتىقاد روھىي ئۆتكۈزگۈچ سىمدىن ئىبارەت بولۇپ ، بىز تونۇپ يەتكەن شەيئىلەر دەل ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىزگە تونۇشقان يولنى تاپقان شەيئىلەردۇر .

2 . كېچىدىكى ئوغرىدىن ئەنسىرەيدىغان ئائىلە كېچىدىكى

① بۇ داڭلىق نەقىل جامېس ئاللېننىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى . بۇ سۆز ئەسلىدە «كونا ئەھدە پەندىنامە» 23 ـ باب 7 ـ پايەتتىن ئېلىنغان . جامېس ئاللېن بىر پارچە داڭلىق ماقالە يازغان بولۇپ ، بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ماۋزۇ قىلىپ قوللانغان .

ئوغرىنى جەلپ قىلىدىغان ئائىلىدۇر . كېچىدىكى ئوغرىدىن زادىلا ئەنسىرىمەيدىغان ياكى كېچىدە ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايدىغان ئادەم ھەرگىز پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمايدۇ . يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغانلار قىلچىمۇ قورقمايدىغان ئادەمگە ھۇجۇم قىلمايدۇ — مەلۇم نەرسە ئۇلارنى توسۇپ تۇرىدۇ . قورقۇنچاق ئادەم ھەمىشە ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ . قورقۇنچاق ئادەمگە ئوخشاشلا ، كوچىدا دەككە - دۈككە بولۇپ يۈرگەن ئىت تەبىئىي ھالدا باشقا بارلىق ئىتلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

3 . ئادەم ئۆز كەلگۈسىنىڭ ياراتقۇچىسى . ئۇ ئۆزىنى يارىتالايدۇ ، ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ . ئۇ كۈچلۈكمۇ ، ئاجىزمۇ ، بايمۇ ، نامراتمۇ بولالايدۇ ، ھەممە ئۇنىڭ ئۆز ئېڭىنى تىزگىنلەش ، ئىچكى قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىغا باغلىق بولىدۇ . بىر ئادەمگە زۆرۈر بولغىنى كۈچ ، ئىرادە ، شۇنىڭدەك خىزمەت ، ھەرىكەت ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئۆز - ئۆزىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت . سىز ئۆز كاللىڭىزغا كۈچ ۋە قابىلىيەتنىڭ چىرايلىق تونىنى كىيدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز زۆرۈر . سىز كىيىنىش - ياسىنىشقا سەرپ قىلغانغا ئوخشاش كۆپ پۇل ، ۋاقىت ۋە سەۋرچانلىقنى بۇ خىل مەنىۋى تونىنى ئۇنۇملۇك ھالدا چىرايلىق بېزەشكە سەرپ قىلىشىڭىز زۆرۈر . تىجارەت دۇنياسىدا ئىشەنچ قانۇنىيىتىگە ۋە مۇۋاپىق تەڭشەشكە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ، مۇمكىن بولمايدىغان ھەر قانداق ئىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ .

4 . سىزدە چەكسىز قىممەتكە ئىگە بىر مىراس بار . گەرچە ئۇ ئاللىقاچان سىزنىڭ قولىڭىزغا تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن تەبىئەت ، مەنىۋىيەت ۋە روھىيەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىڭىزگە تۇتىشىدىغان يول ئاچقىنىڭىزدىلا ، ئاندىن ئۇنىڭغا ھەقىقىي تۈردە ئىگە بولالايسىز . تۇرمۇشتىكى ئۇلۇغۋار نىشان ۋە مەقسەتنى قارىغۇ مۇشۇكنىڭ چاشقانغا ئۇسۇۋېلىشىغا ئوخشاش ئۇسۇل ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئە-

مەس . سىزگە لازىملىق بىردىنبىر ئىقتىدار بىر ئۇلۇغ ئادەم ، بىر كۈچلۈك ئادەم بولۇش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت . بىراق ، بۇ خىل ئىقتىدارنى ھەرگىز قەغەز قولىياغلىقتا ئوراپ يوشۇرۇپ قويماسلىق كېرەك . چوقۇم ئۇنى نامايان قىلىش ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇ-رۇش كېرەك . ئۇنى جەزمەن يېتىلدۈرۈش لازىم . ئەگەر سىز بىر ئۇلۇغ ئادەم بولماقچى بولسىڭىز ، ئۇنداقتا ئۆز قابىلىيىتىڭىزنى بايقىشىڭىز ، ئاندىن ئۆزىڭىزگە : «مانا بۇ مەن قىلماقچى بولغان ئىش ، باشقا بارلىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىم ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ ، يېڭى چوققىغا چىقىشىم كېرەك» دېيىشىڭىز زۆرۈر . سىزنىڭ بىر تۈرلۈك يۈكسەك ، تۇغۇلۇشىڭىز دىنلا بارلىققا كەلگەن ھوقۇقىڭىز بولىدۇ . ئەگەر پايدىلىنىشقا ماھىر بولمىسى-ڭىز ، بۇ خىل ھوقۇقىڭىزنى باشقىلار بىلمەي قالىدۇ .

5 . باياشاتلىققا ئىگە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلار ناھايىتى ئاز ، مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى ، ئاشۇ چوققىغا چىقالىغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت ، نام ـ ئاتاق ۋە شان ـ شەرەپكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ . ئۇ يەردە سىزگىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن قالدۇرۇلغان . ئۇ يەردە بايلىق ، شان ـ شەرەپ سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەگەر سىز ئاشۇ يۈكسەكلىككە يەتمەكچى بولسىڭىز ، پەسكەش شەيئىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزنى ئىگىلەش ھوقۇقى-نى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىشىڭىز كېرەك . ئىرادىڭىز ۋە ئارزۇيىڭىزدىن ئىبارەت ئىچكى كۈچىڭىز ئارقىلىق ، دۇنيادىكى ئورنىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىڭىز لازىم .

6 . ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، مەقسەت دىققەت ـ ئېتىبارنى تېز-گىنلەپ تۇرىدۇ . بىر ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك غايىگە ئىگە بولۇڭ ، بۇ غايىڭىز مەڭگۈ ئۆزىڭىزدىن ھالقىپ تۇرسۇن . ئالغا ئىلگىرىلە-ۋاتقان چېغىڭىزدا ، داۋاملىق يېڭى غايىلەرنى تىكلىشىڭىز زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن ، چۈنكى مەلۇم غايە ئەمەلگە ئاشسا ، ئۇ غايە بولماي قالىدۇ . غايىڭىزنى تەتقىق قىلىڭ ، غايىڭىز بىلەن سىردى-

شىڭ ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىڭ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇخلاڭ ، كۆڭلىڭىزنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈڭ ، يۈكسەك ئىرادىڭىز ۋە ھاياتىي كۈچىڭىز سىزنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارسۇن . «سىزنىڭ بايلىقىڭىز ئاشۇ يەردە ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزمۇ ئاشۇ يەردە .»[①]

7 . سىزنىڭ ئۆز قىممىتىڭىزگە باھا بەرگەن چاغدىكى سۆزلىگەن ئاۋازىڭىز شۇقەدەر ئۇنلۇك ، شۇقەدەر كۈچلۈك بولسۇنكى ، ھەتتا كىشىلەر تەبىئىي ھالدا : بۇنداق قىممەت سىزنىڭ دەۋاتقان ھەربىر ئىبغىز گېپىڭىزنىڭ ئىچىدە ، دەپ ھېس قىلىدىغان بولسۇن . «ئادەمنىڭ سوۋغىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن يول ئاچىدۇ ، ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئادەمنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىدۇ .»[②] ئۆزىڭىزگە ئىشەنىسىڭىز ، ئۆز سوۋغىڭىزنى بايقايسىز ، ھالبۇكى سوۋغىڭىز سىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن سىزگە تاج كىيدۈرىدۇ . ئۆزىڭىزگە بولغان بۇ خىل ئىشەنچنى ساقلاپ قېلىڭ .

8 . سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر ئۇلۇغۋار كەلگۈسىنى پىلانلىغانمۇ ؟ ئۇنداقتا بۇنى ھەرقانداق كىشىگە تىنىمسىزمۇ ئىشقا ئاشۇرالايسىز .

9 . سىز تۈزۈۋاتقان بىر ئۇلۇغۋار پىلان ، لايىھە ياكى ئىجادىيەت بارمۇ ـ يوق ؟ ئۇنى ئۆزىڭىزگە قالدۇرۇپ قويۇڭ ، ئاشكارىلىماڭ . ئەگەر مۇشۇنداق قىلمىسىڭىز ، يېرىم يولدا توختاپ قالىسىز .

10 . بۇلار سىزنىڭ شەخسىي مۈلكىڭىز ، سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز ، كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ، تامامەن سىزنىڭ شەخسىي كارتىنىڭىزدىن ئىبارەت ، ئۆزىڭىزدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم ئۇنى كۆرمەسلىكى كېرەك .

11 . بۇ نەرسىلەرنى چوڭ مېڭىڭىزدىكى ئۇلارنى بىخلاندۇرغان جايدا ساقلاپ قويۇڭ . ئۇلار دۇنياغا كەلگەن ھامان ، دۇنيا ئۇلارنى

---

① «يېڭى ئەھدە ، ماتتىي خاتىرىلىگەن خوشخەۋەرلەر» 6 ـ باب 21 ـ ئايەت .
② كونا ئەھدە ، پەندىنامە 18 ـ باب 16 ـ پاراگىراف .

بىلنۋالىدۇ .
12 . ھەربىر ئىمارەت ، چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، دەسلەپتە بىر خىل مەنىۋى ئوقۇمدىن ئىبارەت بولىدۇ . ئوقۇم ھالىتىدىن ئۇ تەدرىجىي ھالدا روھىي كارتىنىغا تەرەققىي قىلىدۇ . روھىي كارتىنىدىن ئۇ بىر پارچە ئىسكىمىغا تەرەققىي قىلىدۇ ياكى بىر ۋاراق قەغەزگە سىزىپ چىقىلىدۇ .
13 . بۇ بىر ۋاراق قەغەزدىن باشلاپ ، ئۇ پولات ياكى ياغاچ مودېلغا ئۆزگىرىدۇ . ئارقىدىن ياغاچ ماتېرىياللار ، خىش ـ كېسەك ، تاش ـ شېغىل ياكى سېمونتتىن قويۇلغان تام ئارقىلىق ، ئۇ ئاخىرى ماددىي ئىپادە ۋە ھالەتكە تەرەققىي قىلىدۇ .
14 . مانا بۇ ئىمارەتنى كۆرۈنىدىغان ھالەتكە كىرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇلىدۇر . ھەربىر ئىمارەتنىڭ ئالدى بىلەن روھىي شەكلى بارلىققا كېلىدۇ ، ئاندىن ئۇنىڭ ماددىي شەكلى بارلىققا كېلىدۇ . ماددىي شەكلىنىڭ ئارقىسىدا دەسلەپتىكى ئوقۇم بولىدۇ . ئوقۇم كۆرۈنمەيدىغان ساھەدىن كېلىدۇ . قوبۇل قىلىنغان ۋە تەستىقلانغان ئوقۇم كۆرۈنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ .
15 . بارلىق چوڭ تىجارەت ، بارلىق چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر دەسلەپتە چوڭ ئوي ـ پىكىردە ، چوڭ پىلاندا مەۋجۇت بولىدۇ ھەمدە ئالەمنىڭ ئۇلۇغ پاراسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ .
16 . كۆرۈنىدىغان قىلىش جەريانىدا ياكى ئىشلىرىڭىزنىڭ روھىي كارتىنىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئۇ ھەمىشە مۇۋاپىق ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش دائىرىسىدە بولىدۇ . ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەت ھامان مۇۋاپىق ئۆسۈش ۋە تەرەققىي قىلىش دائىرىسىدە بولىدۇ . سىز بەرپا قىلغان مۇۋەپپەقىيەتنىڭ روھىي كارتىنىسى ئەگەر ئەقلىيەلىك ئىسپاتلىيالايدىغان چەكتىن چوڭ بولۇپ قالسا ، سىز جەزمەن قاتتىق مەغلۇپ بولىسىز . پۇرسەتنى پىشىپ يېتىلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ داۋاملىشىشىۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس .

17 . بىر ئىشنى سىز تاكى ئۇ كۆرۈنىدىغان بولغانغا قەدەر ۋۇجۇدقا چىقىرىڭ . بىر قېتىملىق تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتنى تاكى كۆرۈنىدىغان بولغانغا قەدەر ۋۇجۇدقا چىقىرىڭ . ئاندىن بىر قېتىملىق تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ھامان ئەقلىيىلىكىڭ چېكى دائىرىسىدە بولىدۇ ، ھامان مۇمكىن بولمايدىغان ياكى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان تۇيۇقسىز ئەھۋاللارغا ئىمكانىيەت قالدۇرۇلىدۇ .

18 . ئاشۇ چوققىنىڭ ئۈستىدە ، چوڭ پۇرسەتلەر بار . چۈنكى ئۆزىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان ، قەتئىي داۋاملاشتۇرالايدىغان ھەم ئۆزىنىڭ چوققىغا چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ . ئېيىغا 500 ئامېرىكا دوللىرى تاپىدىغان كىشى 1000 دوللارغا يارىغۇدەك مۇلازىمەت قىلمىغۇچە . ئېيىغا 1000 ئامېرىكا دوللىرى تاپالمايدۇ .

19 . سىز ، ئۆز كەلگۈسىڭىزنىڭ ياراتقۇچىسى . سىزنىڭ ھەقىقىي قىممىتىڭىز يېتەرلىك دەرىجىگە ، مۇلازىمىتىڭىز كەم بولسا بولمايدىغان سەۋىيەگە يەتكەندە ، سودىگەرلەرگە ئۆزىڭىز تەلەپ قىلىدىغان مائاش ئارقىلىق ناھايىتىڭىزنى مەلۇم قىلسىڭىز بولىدۇ شۇنىڭدا سىز ئۇنىڭغا ئېرىشەلىشىڭىز مۇمكىن .

20 . پۇلنى مەنىۋى قورالغا سەرپ قىلىشنى ياقتۇرۇش كېرەك . قىممەت يارىتالايدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىش كېرەك .

21 . ئۆزىڭىز ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ مۇۋەپپەقىيەت يارىتىشىڭىز زۆرۈر ، چۈنكى مەلۇم دەرىجىدە ، مۇۋەپپەقىيەت بىر - بىرىگە تايىنىدۇ . ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ئۈچۈن ، باشقىلارمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىششى زۆرۈر .

22 . ھېچنېمىسى يوق ئادەمنىڭ سىزنىڭ مۇلازىمىتىڭىز ياكى مەھسۇلاتىڭىزنى سېتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ، باشقىلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىڭىز زۆرۈر . بۇ جەھەتتە سىز قانچىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسىڭىز ، مۇۋەپپەقى-

يىتىگىز شۇنچە مۇكەممەل بولىدۇ.

23 . سىزنىڭ ئېرىشكىنىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بىغىشلىغىنىڭىز-دىن ئىبارەت . بىغىشلىغىنىڭىز كۆپ بولسا، ئېرىشىدىغىنىڭىز تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، چۈنكى باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكرى سىزگە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئاتا قىلىدۇ، بۇ ھەرىكەتلەندۈر-گۈچى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە، سىز ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ بىلەن بىللە ئىلگىرىلەيسىز، ھالبۇكى بۇ خىل كۈچ بارلىق كۈچلەرنىڭ مەنبەسىدۇر.

24 . مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ھەممىشە بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ. ئىلگىرىكى ئۇلۇغ كەشپىياتلار، ئۇلار-نى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا باشقىلاردىنمۇ بەكرەك ئى-شەنگەن ئادەملەر تەرىپىدىن يارىتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىشەنچى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە، تەتقىقاتىغا، پىكىر يۈرگۈزۈشىگە ۋە تىرىش-چانلىق كۆرسىتىشىگە ئىلھام بەرگەن. ئىشەنچ خىزمەتنىڭ كۈچ-لۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن چاغدا، مول مېۋە بېرىدۇ. مانا بۇ «ئومۇمىي قانۇنىيەت»تۇر.

25 . يەنە نۇرغۇن ئىشلار ئىشەنچى بار ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. ئەگەر سىز ئىشەنچكە ئىگە ئادەم بولسىڭىز، بىلىم ساھەسىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، كۆر-گىلى بولمايدىغان ساھەلەردىكى يېپىيېڭى، كىشىلەرنى ھەيران قال-دۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئاشكارىلىيالايسىز.

26 . بۇ يېتەرلىك دەرىجىدىكى باتۇر ئادەم ئۈچۈن تەييارلانغان بىر تۇرلۇك خىزمەت، ئۇ شىرنىڭ ئۆڭكۈرىدە تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ، بۇ شىر زاڭلىق قىلىش ياكى قورقۇتۇش تەلەتى بىلەن ھۆركىرەپ ئۇنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالغان چاغدا، ئۇ ھېچقانداق سۈركەنمەي، قورقماي تۇرىدۇ.

27 . تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىڭىز،

كۆچىگىزنى ساقلاپ قىلىپ ، بۇ ئۇنى ئۆز غايىگىزنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇشقا ئىشلىتىشىگىز زۆرۈر . كان ئىشچىسى يەرشارىنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ ، بوشاشماستىن تىرىشىپ ئىشلەپ ، راھەت كۆرۈش ۋە ھەشەمەتكە بېرىلىشنى رەت قىلىدۇ ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئاندىن قىممەتلىك مەدەنلەرنى تېپىپ چىقالايدۇ . بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى تېخىمۇ چوڭ ، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر .

28 . ھەم ماددىي ئالتۇن كان ، ھەم روھىي ئالتۇن كان بولىدۇ . روھىي ئالتۇن كاننى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش ، تىرى-شىش ھەم ئىزچىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قازغىلى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئادەم روھىي ئالتۇن يېپىنچا كىيىۋالسا بولىدۇ ، بۇنداق يېپىنچا ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ، ئەپچىل ھەم مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق ماددىي بايلىقنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئىمكانىيى-تىگە ئىگە قىلىدۇ .

29 . ئىجتىھات بىلەن تەپەككۇر قىلىش روھىي كاننى قېزىش-تىن ئىبارەت ، ئىجتىھات تەپەككۇر يۈرگۈزگۈچىنى كاللىسىدىكى ئالتۇننى قولىدىكى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلى-دۇ .

30 . روھىي كاننى قېزىشتا ئالتۇن كېنىنى قازغانغا ئوخشاش پۈتۈن ئوي ـ پىكىرنى يىغىشقا توغرا كېلىدۇ . پۈتۈن ئوي ـ پىكىرنى يىغىش دىققەت ـ ئېتىبارنى بىر ئورتاق مەركەزگە قارى-تىشتىن ئىبارەت . دىققەت ـ ئېتىبارنى مەركەزلەشتۈرۈش ھەم كۆچەيتىش قىلچە بوشاشماسلىق ، ھەرگىز ئىككىلەنمەسلىك ، دىق-قەت ـ ئېتىبارنى يۈز پىرسەنتكە يەتكۈزۈش پۈتۈن زېھنىنىڭ يىغىلىشىدىن ئىبارەت .

31 . پارتلاتقۇچ دورا توپلاش ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش ھەم ئېنېرگىيەنى كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ . تەپەككۇر مەر-كەزلەشتۈرۈلگەن چاغدا ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ . بۇنداق ھاياتىي

كۆچكە تولغان تەپەككۇر مۆجىزە يارىتىدۇ ھەم باشقىلار مەغلۇپ بولغان جايدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ . بۇ راست ، چۈنكى ئۇ تەرەققىي قىلىدۇ ھەم مۇۋەپپەقىيەتنى جەلپ قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسىنى ئىجاد قىلىدۇ . ئۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرىدىغان كۆچكە ئىگە بولىدۇ .

32 . مۇۋەپپەقىيەتكە تۇتاشقان يول يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ چوققىغا چىقىش داۋامىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولىدۇ ، بۇ جەر-ياندا نۇرغۇن نەرسىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ ، بۇ نەرسىلەر يەر مەركىزىنىڭ تارتىش كۈچىگە ئوخشاش ، ھەمىشە بىزنى تۆۋەنگە تارتىپ تۇرىدۇ .

33 . تەربىيەلەنگەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب ، ئۇلارنىڭ بىلىمىنىڭ ئەمەلىي ، جانلىق بولماستىن يۈزە-كى ، چولتا بولغانلىقىدا ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىلىم ئۇلارنى كۈچ مەنبەسى بىلەن بىرلەشتۈرەلمەيدۇ . ئېلىپنى تاياق ، مىمنى چوماق دەيدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ھېلىقىدەك ئىچكى روھ تۈپەيلى مۇۋەپپە-قىيەتكە ۋە شان ـ شەرەپكە ئېرىشىدۇ ، بۇ خىل روھ يېڭىلمەستۇر .

34 . مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ھامان مۇمكىن بولىدىغان ئىشقا ئايلاندۇرۇلىدۇ . «بۈيۈك پاراسەت» نىڭ كۈچىگە ئېرىشمەك-چى بولسىڭىز ، پۇت ـ قولىڭىزنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ ، توسال-غۇسىز تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىڭىز ، ئىشىنىشىڭىز ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىڭىز زۆرۈر .

35 . ھەرقانداق بىر باياننى (مەيلى ماختايدىغىنى بولسۇن ياكى تەنقىد قىلىدىغىنى بولسۇن ) مەقسەتلىك ھالدا تەكرارلاۋەر-سىڭىز ، سىزدە مۇشۇ باياندا ئىپادىلەنگەن پەزىلەت بارلىققا كېلى-دۇ . سىز «ئۆزىڭىز»گە بىر يامان ئاتاق بەرسىڭىز ھەم ھاقارەتلە-ۋەرسىڭىز ۋە تۆھمەت قىلىۋەرسىڭىز ، ئۇ راستتىنلا سىز ئۇنىڭغا بەرگەن ئاتاققا ئۇيغۇنلىشىدۇ .

36 . ئەمەلىيەتتە ، ھەقىقىي «ئۆزىڭىز»نىڭ مۇكەممەل ، كۆ-

ئۆلدىكىدەك ئىكەنلىكىنى ، چۈنكى ئۇنىڭ مەنىۋى ئىكەنلىكىنى ، يەنە كېلىپ ئۇ خىل مەنىۋىلىكنىڭ ھەرگىز مۆكەممەل بولماي قالمايدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدە تۇتسىڭىز بولىدۇ . ئەگەر سىز ئۇنى ماختاۋەرسىڭىز ، مەدھىيەلەۋەرسىڭىز ، ئۇ قارىماققا كۆتكەن يېرىڭىزدىن چىقمىغان تەقدىردىمۇ ، ھامان ئۇنىڭغا بەرگەن ياخشى ئاتاققا ئېرىشىسىز ، يەنە كېلىپ سىز ئاخىرى ھەقىقەتەن «بىباھا گۆھەر» نى تاپقانلىقىڭىزنى بايقايسىز .

37 . دىققەت - ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى تالانت ئىگىسىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان بەلگىسىدۇر . ئۇ مۇنداق ئىقتىدارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : ئۇلارنىڭ ئەقلى چەكسىز بىلىم مەنبەسىگە ئېچىۋېتىلگەن ھالىتىنى ساقلايدۇ ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار ئەقىل ، بىلىم ، كۈچ ۋە ئىلھام جەھەتتىكى يۇكسىلىشكە ئېرىشىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشتىن ۋە نىشانسىز مەنىۋى كۈچتىن ساقلىنالايدۇ ، بۇ تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەبتۇر .

38 . نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى نىشانسىز ھالدا قارىغۇلارچە ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ . تۇرمۇشتا ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغان ئىش «ئومۇمىي قانۇنىيەت»نى پىششىق بىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم ، بۇ قانۇنىيەتلەر مەۋجۇدىيەتنىڭ مەنىۋى قاتلىمى ۋە ماددىي قاتلىمىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ .

39 . توكنى مىسالغا ئالساق ، روھنى يۇقىرى بېسىملىق توكقا ، ئەقىلنى بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ . ئېلېكتىر سىمىدىن ئايرىلغان چاغدا ، ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى تۇراقسىز ، قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ ، بۇ ھالەتنى قايتا يېڭىلاشتىن ئىلگىرى ، ئەگەر ئۇ دادىللىق بىلەن تەۋەككۇل قىلمايدىغان بولسا ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كېتىدۇ .

40 . روھىي جەھەتتە ئۆزىڭىزنى چۈشەنگىنىڭىز ، زۆرۈر مۇناسىۋەتنى قانداق ئورنىتىشنى چۈشەنگىنىڭىز بولىدۇ ھەم شۇ سەۋەب-

تىن ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئەڭ كىچىك قارشىلىقتىن ئىبا-
رەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى تۈرمۇشىڭىزدىكى قىيىن مەسىلە-
لەرگە تەدبىقلىيالايدىغان بولىسىز .
41 . بۇ كۈچنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتكە نىسبەتەن ،
كىشىلەرنىڭ ئىگە بولغان بىلىمى ئوخشاش بولمايدۇ ، ئادەملەرنىڭ
پەرقى مانا مۇشۇ يەردە . ئىشلىتىلمىگەن كۈچنىڭ يەر ئاستىغا
كۆمۈلۈپ تۇرغان ئالتۇندىن پەرقى يوق . بايقىلىش ، ئىشلىتىلىش-
تىن ئىلگىرى ، ئۇنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ .
42 . مەنىۋى كۈچنى ھەرقانداق بايلىققا ئايلاندۇرغىلى بولى-
دۇ . ئەگەر مۇۋاپىق يېتەكلەنسە ، ئۇ ھەرقانداق نىشاننى ئەمەلگە
ئاشۇرالايدۇ .
43 . بۇ كۈچ «بىباھا گۆھەر» دىن ئىبارەت . ئۇ «يەرئاستىغا
كۆمۈلۈپ تۇرغان بىر بايلىق بولۇپ ، بىر ئادەم يەر ھەيدىگەن
چېغىدا ئۇنى بايقىغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسى-
نى سېتىپ ، بۇ بىر پارچە يەرنى سېتىۋالغان (تەرجىمانىنىڭ ئىزا-
ھاتى : «يېڭى ئەھدە ، ماتتىي خاتىرىلىگەن خۇشخەۋەرلەر» 13 ـ
باب 44 ـ ئايەتكە قارالسۇن ) . ئۇ قەغەز قولياغلىققا ئوراپ يوشۇ-
رۇپ قويۇلغان تۇغما قابىلىيەتتىن ئىبارەت ، قىممىتى بار ھەر
قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ، كىشىلەر ئۇنى بايقىشى ،
ئاشكارىلىشى زۆرۈر .
44 . بۇ «بىباھا گۆھەر »گە ئۇزاققىچە داۋام قىلىنىغان ، ئاقى-
لانە ، توغرا يېتەكلەنگەن تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولى-
دۇ .
45 . ئادەم تەبىئەتتىكى بارلىق قانۇنىيەت ، كۈچ ۋە ھادىسى-
لەرنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت . تېلېفون ، فوتو
ئاپپارات ، ئايروپىلان ، ماشىنا قاتارلىقلار بىلەن ئادەمنىڭ مۇرەك-
كەپ خۇسۇسىيىتى ۋە تۇزۇلۇشى ئارىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش بولى-
دۇ . «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەتقىقاتى ئادەم ئۈستىدىكى تەتقى-

قاتتىن ئىبارەت» دېگەن سۆز ھېلىھەم توغرا .

46 . ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئادەم روھ بىلەن تەندىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىقتا ئىگە . روھنى ئېلىۋەتسە ، قىلچە ھاياتى كۈچى يوق بىر پارچە ئادەتتىكى ماددا قېپقالىدۇ ، ئادەمنىڭ روھىدا ئېنىق تەسىر قىلىش قانۇنىيىتىنى ۋە ئېنىق بارلىققا كەلتۈرۈش قانۇنىيىتى بولىدۇ . بۇ قانۇنىيەتلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات «پسىخولوگىيە» (psychology ) دەپ ئاتىلىدۇ .

47 . psycho نىڭ مەنىسى «روھ» دېگەنلىك ، logyنىڭ مەنىسى ئۇچۇر ، ئىلىم ياكى قانۇنىيەت دېگەنلىكتۇر . شۇنىڭ ئۇچۇن ، پسىخولوگىيە روھ توغرىسىدىكى ئىلىمدىن ئىبارەت .

48 . بۇ پەنگە باشچىلىق قىلىدىغان قانۇنىيەتلەرنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى سىزنى تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىش ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى بەختسىز كەچۈرمىشلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ .

49 . بىز بىر ئادەمنى «كۆڭلى»نىڭ ھەممىسىنى خىزمەتكە قاراتتى دېگىنىمىزدە ، بۇنىڭ مەنىسى : ئۇ ئۆزىنىڭ «روھى» نى ئۆزى ئىشلەۋاتقان خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇزۇۋاتىدۇ ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ . بارلىق خىزمەت ، بارلىق ماھارەت (تېخنىكا ) ـ ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە «روھ» سىڭدۈرۈلگەندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ . «روھ» بىلەن «جان» ئەمەلىيەتتە مەنىداش سۆزدىن ئىبارەت ، ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان قانۇنىيەت ماتېماتىكىلىق قانۇنىيەتكە ئوخشاشلا ئېنىق ، مۇقەررەر بولۇپ ، نەتىجىسى ئوخشاشلا قىلچە نۇقسانسىز بولىدۇ .

50 . جۇغراپىيەلىك بىلىمى يوق ، كومپاسى يوق بىر ئادەمنىڭ يات ئەلنى ياكى شەھەرنى ئىزدەپ تېپىشى ئىنتايىن قىيىن . لېكىن جۇغراپىيە بىلىمىگە ، كومپاسقا ۋە ساياھەت قىلىشنىڭ

زوّروۇر ۋاسىتىلىرىغا ئىگە بولسا ، ئۇ بۇنداق مەنزىلنى ناھايىتى ئوڭايلا تاپالايدۇ .

51 . پسىخولوگىيە بىلىملىرىگە ئىگە بولسىڭىز ، تۇرمۇشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىسىز ، باسقان ھەربىر قەدىمىڭىز توغرا نىشانغا قاراپ ماڭىدۇ . شۇنىڭ بىلەن سىز ۋاقىت ۋە پۇلنى زىيان تارتىشتىن ساقلىنىپ ، تۇرمۇشىڭىزدا دۇچ كېلىدىغان ئەھۋاللار ۋە كەچۈرمىشلەرنى خېلى زور دەرىجىدە تىزگىنلىيەلەيدىغان بولىسىز .

52 . ئومۇمىي قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدۇ ، نەسىل قالدۇرۇشنى ئالايلى ، ھەربىر ئەۋلاد ھەممىشە ئۆزىنىڭ تۇرىگە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ . تەن قاتلىمىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ ، روھ قاتلىمىدا شۇنداق بولىدۇ ، سىزنىڭ روھىڭىز ئومۇمىي روھنىڭ ئادەم ھالىتىدىكى داۋاملىشىشى ۋە بارلىققا كېلىشىدىن ئىبارەت . سىز چەكسىز ئەقىلنىڭ بىر تارمىقى ، خۇددى بىر تال يۇمران شاخنىڭ بىر تۇپ دەرەخ ياكى بىر تال پىلەكنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىغا ئوخشاش ، بۇ ئىككىسىنىڭ مەنە جەھەتتە پەرقى يوق ، خاراكتېرىمۇ ئوخشاش .

53 . ئادەم پەقەت ئادەملا ئەمەس . بارلىق «ئىلاھىي مەن» سىز ئارقىلىق كېڭىيىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولىدۇ ، بۇ خۇددى تېخى ئېچىلمىغان ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ ، ئۇ قىشتا ئۆسۈملۈك تېنىدە ئۇخلايدۇ ، ياز پەسلىدە ، بۇ خىل ئەقىلنىڭ ياردىمى بىلەن ، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا غۇنچىلاپ ، پورەكلەپ ئېچىلىدۇ . ئەتىرگۈل ۋە باشقا بارلىق چېچەكلەيدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەقلى تىمتاسلىق ئىچىدە پورەكلەپ ئېچىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ، ئېچىلىش (چېچەكلەش ) ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى . قاراڭ ، ئۆسۈملۈكتىكى روھ ئارزۇنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئۆزىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ .

54 . ئادەممۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ، كۈچكە ، شان ـ شەرەپكە ئېرىش-

شىشنى مانا مۇشۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ «ئىلاھىي مەۋجۇدىيەت» بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئوچۇق ئىسپاتىدۇر. بۇ ئارزۇلار بىر خىل «ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق»تىن ئىبارەت. ئۇ ئۆزىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان «ئومۇمىي قانۇنىيەت»نى چۈشىنىشكە باشلىغان ھامان، بۇنداق ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ.

55. مەغلۇپ بولغان ئادەملەر قاراڭغۇلۇق ياكى بىقارارلىق ئىچىدە ياياق مېڭىپ يۈرگەن بولىدۇ. ئۇلار يورۇقلۇق بىلەن ئۇچرىشالمايدۇ، «ئومۇمىي قانۇنىيەت» نىڭ كۆرسەتمىسى بىلەنمۇ ئۇچرىشالمايدۇ. ئۇلار «ئىلاھىي مەن»نىڭ ئىرادىسىگە ئەمەس، بەلكى شەخسىي ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئۇلار ھېلىمۇ ئۆزلىرىنى ئەركىنلىككە ئىگە قىلىدىغان بىلىملەرگە ئېرىشكىنى يوق.

56. كونا پىسخولوگىيە ئۆتمۈشكە ئايلىنىشى زۆرۈر. «قاراڭلار، مەن ھەممىنى يېڭىلىدىم»[①] بىر خىل يېڭى پىسخولوگىيە بارلىققا كەلمەكتە.

57. «بىر ئادەم ئۇرۇق سالسا باشقا بىر ئادەم ھوسۇلنى يىغىۋالماسلىقى لازىم. شىر بىلەن قوزىنى بىللە باقماسلىق كېرەك. يەنە يىغا - زارە ۋە ياش تۆكۈشلەر بولماسلىقى كېرەك. يەنە ئۆلۈم بولماسلىقى كېرەك. ئەگرى - بوگرى جايلارنى تۈزلەش، ئېگىز جايلارنى پەسەيتىش، پەس جايلارنى ئېگىزلىتىش، چۆل - جەزىرىلەر نى گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان باغچىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. يەنە قاراڭغۇ كېچە بولمىسۇن، يەنە ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەر بولمىسۇن.[②]

① «يېڭى ئەھدە، ۋەھىينامە» 21 - باب 5 - ئايەت
② بۇ بىر ئابزاس سۆز «ئىبسايا مەكتۇپلىرى» دىن ئېلىنغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

# 2 ـ ساۋاق : سىزمۇ ھەممىگە ئىگە بولالايسىز

كۆڭۈلدە ئويلىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقار .

كۆڭۈلدە ئويلىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقار ، ئىشىنىمەن قەتئىي بۇنىڭغا ،
ئوي ـ پىكىر ئىگە قىلىنسا گەۋدىگە ، نەپەسكە ۋە يەنە قاناتقا ؛
ئوي ـ پىكىرىمىزنى قىلدۇرايلى ئەركىن پەرۋاز ،
نەتىجە بىلەن تولدۇرايلى دۇنيانى ياخشى بولسۇن ۋە ياكى ناچار .
كۆڭلىمىزگە يوشۇرۇنغان ئويىمىزغا قىلايلى چاقىرىق ،
بارسۇن ئۇ يەر شارىنىڭ ئەڭ يىراق يېرىگە قىلىپ پەرۋاز ،
يول بويى قېپقالسۇن ئۇنىڭ تىلەكلىرى ياكى ھەسرىتى ،
ئارقىسىدا قالدۇرغان قاتار ـ قاتار ئىزلىرىغا ئوخشاش .
ئۆز كەلگۈسىمىزنى يارىتايلى ئۆزىمىز ، ئوي ـ پىكىرىمىز ئۇلاشسۇن بىر ـ بىرىگە داۋاملىق ،
نەتىجىسى ياخشىمۇ يامانمۇ ، بىلمەيمىز بۇنى تېخى بىز ،
ئەمما ، ئالەم مانا مۇشۇنداق بولغاندۇر پەيدا .
ئوي ـ پىكىر تەقدىرنىڭ باشقا بىر نامىدۇر پەقەت ؛
تاللايلى ، ئاندىن كۈتەيلى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ،
چۈنكى نەپرەتتىن تۇغۇلار نەپرەت ، سۆيگۈدىن تۇغۇلار مۇھەببەت .

— ھېنرى ۋان دايك

1 . باياشاتلىق — ئالەمنىڭ تەبىئىي قانۇنى . بۇ قانۇننىڭ
دەلىل ـ ئىسپاتى ھەل قىلغۇچ بولۇپ ، بىز ھەربىر قولىمىزدا
ئۇنى كۆرەلەيمىز . مەيلى قەيەردە بولسۇن ، تەبىئەت سېخىي ، ئىسـ
راپخور ، ھەشەمەتچى . يارىتىلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ تېجەشلىك
بولغانلىقىنى كۆزەتكىلى بولىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق . سانىنى
ئېلىش تەس بولغان ياپ يېشىل دەرەخلەر ۋە گۈل ـ گىياھلار ،
ئۆسۈملۈكلەر ، ھايۋانلار ، شۇنىڭدەك يارىتىلىش ۋە قايتا يارىتىـ
لىش جەريانىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشتا تايىنىدىغان ناھايىتى زور
كۆپىيىش سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ ئىنىـ
سانلار ئۈچۈن مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەن چاغدىكى ئىسراپخورلۇقىـ
نى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ .

2 . تەبىئەت ھەربىر ئادەم ئۈچۈن مول تەمىنات ھازىرلىغان ،
بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق ، قارىماققا نۇرغۇن ئادەملەرگە بۇ خىل
تەمىنات نېسىپ بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ ، بۇ نۇقتىمۇ ئوخشاشلا
ئېنىق ، ئۇلار بۇگۈنگە قەدەر بارلىق ماددىلارنىڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە
ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىنى يوق ، ھېچكىممۇ ئەقلىنىڭ ئامال ـ
چارىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۇنۇملۇك ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈـ
شەنگىنى يوق ، بۇ خىل ئامال ـ چارىگە تايىنىپ ، ئۆزىمىز ئارزۇ
قىلغان نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالايمىز .

3 . مۇھىتنى تىزگىنلىمەكچى بولساق ، ئوي ـ پىكىرنىڭ
رولىغا دائىر بەزى ئىلىم ـ پەن قائىدىلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە
توغرا كېلىدۇ . بۇنداق بىلىم ئەڭ قىممەتكە ئىگە بايلىقتۇر . ئۇنىڭـ
غا پەيدىنپەي ئېرىشكىلى بولىدۇ ، ئۇنى ئىگىلىۋالغان ھامان ئەمەـ
لىيەتتە قوللىنىشقا بولىدۇ . مۇھىتنى تىزگىنلەيدىغان كۈچ دەل
ئۇنىڭ مېۋىلىرىنىڭ بىرى ؛ ساغلاملىق ، تەڭپۇڭلۇق ۋە گۈللىنىش
ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈك قەرز جەدۋىلىدىكى كىرىمىدىن ئىبارەت .
ئۇنىڭغا لازىملىق بەدەل ، پەقەت ئاشۇ زور مال ـ مۈلۈككە ئىگە
بولۇش ئۈچۈن سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەكتىن ئىبارەت بولىدۇ .

4 . بارلىق بايلىق كۈچىنىڭ مەھسۇلى ؛ بايلىق كۈچ ئاتا قىلا-
لىغان چاغدىلا ، ئىگە بولغان بايلىقنىڭ قىممىتى بولىدۇ . مەشغۇ-
لات كۈچكە تەسىر كۆرسىتەلىگەن چاغدىلا ، ئاندىن ئۇ ئەھمىيەتلىك
بولىدۇ . بارلىق شەيئىلەر مەلۇم ھالەتتىكى ، مەلۇم دەرىجىدىكى
كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ .

5 . يوشۇرۇن كۈچنى بايقاش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش
ئۇنى ئىنسانلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىغا خىزمەت قىلدۇرالاي-
دىغان قانۇنىيەت بولۇپ ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم
دەۋرىدىن بېشارەت بېرىدۇ . ئۇ خۇراپاتلىق بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت-
نىڭ چېگرا سىزىقى ؛ ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى تۇراقسىز ئامىللارنى
چىقىرىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇتلەق ، ئۆزگەرمەس ئومۇمىي
قانۇنىيەتنى دەسسىتىدۇ .

6 . يار ، توك ، خىمىيەلىك بىرىكىش كۈچى ۋە يەرمەركىزى-
نىڭ تارتىش كۈچىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تىزگىنلەپ
تۇرىدىغان قانۇنىيەتنى چۈشىنىش كىشىلەرنى دادىللىق بىلەن پىلان-
لاش ، باتۇرلۇق بىلەن ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى .
بۇ قانۇنىيەتلەر «تەبىئىي قانۇنىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ ، چۈنكى ئۇلار
دۇنيانى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ . بىراق بارلىق كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى
فىزىكىلىق كۈچ دېگىلى بولمايدۇ ، يەنە مەنىۋى كۈچ ، ئەخلاقىي
كۈچ ، روھىي كۈچمۇ بولىدۇ .

7 . ئىدىيەنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىرخىل كۈچ ئىكەنلىكى
يېقىنقى يېرىم ئەسىر مابەينىدە ئاندىن ئاشكارىلاندى ھەم كىشىنى
شۇقەدەر ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلدى ، ئۇ
يارانقان دۇنيا ، 50 يىل ئاۋۋالقى (يەنى 25 يىل ئاۋۋالقى ) ئادەمگە
نىسبەتەن ئېيتقاندا قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئىدى . بىز 50 يىل
ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇنداق مەنىۋى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى قۇ-
رۇش ئارقىلىق بۇنچىۋالا نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىكەنمىز ، ئۇن-
داقتا ، كەلگۈسى 50 يىل ئىچىدە ، بىز ئارزۇ قىلساق بولمايدىغان

يەنە نېمە باركەن؟

8 . بەزىلەر، ئەگەر بۇ قائىدىلەر راست بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۇچۇن ئۇلارنى ئىسپاتلىمايمىز؟ بۇ ئاساسىي قائىدىلەر ئېنىق هالدا توغرا ئىكەن، ئۇنداقتا بىز نېمە ئۇچۇن توغرا نەتىجىلەرگە ئېرىشمەيمىز؟دېيىشىدۇ. بىز دەل شۇنداق قىلىۋاتىمىز، بىز ئېرىشكەن نەتىجىلەر بىزنىڭ قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىش، قوللىنىش ئىقتىدارىمىزغا تامامەن ئۇيغۇن بولماقتا. بەزىلەر توكنى تىزگىنلەش قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەپ ئۇنى قانداق قوللىنىشنى بىزگە ئېيتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، بىز بۇ قانۇنىيەتلەردىن هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشمىگەن ئىدۇق.

9 . بۇ بىزنى مۇهىت بىلەن پۈتۈنلەي يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇخلىساقمۇ چۈشىمىزگە كىرمەيدىغان هەرخىل ئىمكانىيەتلەرنى ئاشكارىلاپ بەردى، بۇلار بىر قاتار تەرتىپلىك قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىلدى، هالبۇكى بۇ قانۇنىيەتلەر جەزمەن بىزنىڭ يېڭى روهىي قىياپىتىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

10 . شۇنىڭ ئۇچۇن ناهايىتى ئېنىقكى، باياشاتلىق ئىدىيەسى پەقەت شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان ئىدىيەگىلا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئادەمنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ ئىچكى ماهىيىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئىچكى باياشاتلىق تاشقى باياشاتلىقنىڭ سىرى بولۇپ، ئۇ سىرتقى بايلىقنى يېنىمىزغا جەلپ قىلىپ ئەكىلىدۇ.

11 . ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەخسنىڭ هەقىقىي بايلىق مەنبەسىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىر ئادەم ئەگەر ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەۋاتقان خىزمەتكە بارلىق جىسمانىي ۋە روهىي (مەنىۋى) كۈچىنى سەرپ قىلسا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئۇ داۋاملىق هالدا بەدەل تۆلەيدۇ، بېرىدۇ؛ ئۇنىڭ تۆلىگەن بەدىلى قانچىكى كۆپ بولسا، ئېرىشىدىغىنىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

12 . ئىدىيە تارتىش كۈچى قانۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشلەيدى-

غان بىرخىل ئىنىرگىيەدۇر ، ئۇنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى كىشى-لەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى باياشاتلىقتىن ئىبارەت .

13 . بارلىق كۈچلەر ، بارلىق ئاجىزلىقلارغا ئوخشاشلا ، ئىچ-كى دۇنيادىن كېلىدۇ . بارلىق مەغلۇبىيەتلەرگە ئوخشاشلا ، بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ سىرىمۇ ئادەمنىڭ قەلبىدىن كېلىدۇ . بارلىق ئۆسۈپ يېتىلىشلەر قەلبنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت . بارلىق شەيئىلەرنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس . ھەربىر توپ ئۆسۈملۈك ، ھەربىر ھايۋان ، ھەربىر ئادەم بۇ ئۇلۇغ قانۇننىڭ تىرىك شاھىتىدۇر . ئىلگىرىكى خاتالىق ، كىشىلەرنىڭ كۈچ ياكى ئىنىرگىيەنى ھەمىشە سىرتقى دۇنيادىن ئىزدىگەنلىكى-دە .

14 . ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بۇ ئۇلۇغ قانۇننى تولۇق چۈشەنسەك ، ئۇ بىزنى ئىجادىي تەپەككۇرىمىزدىن پايدىلىنى-دىغان ۋە ئۇنى كېڭەيتىدىغان ئوي - پىكىرگە ئىگە قىلىدۇ ، بۇ خىل ئىجادىي تەپەككۇر تۇرمۇشىمىزغا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى ئاتا قىلىدۇ .

15 . ياخشى پۇرسەتلەر كىشىلىك ھايات يولىڭىزغا چېچىلغان بولىدۇ ، بۇ پۇرسەتلەردىن توغرا پايدىلىنىش ئىقتىدارىڭىز ۋە پارا-سىتىڭىز قەلبىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ ، دوستنى چاقىرمىسىڭىز-مۇ ئۆزى كېلىدۇ ، مۇھىت ئۆزىنى تەڭشەپ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ . سىز ھەقىقىي «بىباھا گۆھەر»نى تاپالايسىز .

16 . ئەقىل ، ئىنىرگىيە ، جاسارەت ۋە ماسلىشىشچان مۇھىت پۈتۈنلەي كۈچنىڭ نەتىجىسىدۇر ، بىز بارلىق كۈچنىڭ قەلبتىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدۇق ؛ ئوخشاشلا ، ھەربىر خىل كەمچىل-لىك ، چەكلىمىلىك ياكى پايدىسىز مۇھىت ئاجىزلىقنىڭ نەتىجىسى-دۇر ، ئاجىزلىق كۈچسىزلىكتىن ئىبارەت . ئۇ يوقلۇق ماكانىدىن كەلگەن ، ئۇنىڭ ئۆزى ھېچنەرسە ئەمەس — ئۇنداقتا ، ئۇنى تولدۇ-رۇشنىڭ يولى كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت .

17 . مانا بۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قولدىن بېرىشنى ئېرىشىشكە ، قورقۇنچاقلىقنى باتۇرلۇققا ، ئۈمىدسىزلىكنى خۇشاللىققا ، ئۈمىدنى دېئاللىققا ئايلاندۇرالىشىدىكى ئاچقۇچلۇق سىردۇر .

18 . بۇ قارىماققا بەكلا ياخشىدەك ، ھەتتا راست ئەمەستەك بىلىنىدۇ ، لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، ئىلىم - پەن بىر قانچە يىل ئىچىدە ، بىر كۇنۇپكىنى بېسىش ياكى بىر پىشاڭنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ، ئالغانغا تۈگىمەيدىغان بايلىقنى ئىنسانلارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، تېخىمۇ چوڭ ئىمكانىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا بەزى قانۇنلار مەۋجۇت ئەمەسمىدۇ ؟

19 . تەبىئەتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ كۆرۈنمەيدىغان ، شەكىلسىز كۈچ ، ئادەمنىڭ جىسمىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچمۇ كۆرۈنمەيدىغان ، شەكىلسىز كۈچ - ئۇنىڭ مەنىۋى كۈچىدىن ئىبارەت ، مەنىۋى كۈچنى ئېنىق كۆرسىتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدۇر . پىكىر يۈرگۈزۈش روھ ئىگە بولغان بىردىنبىر پائالىيەتتىن ئىبارەت ، ئىدىيە بولسا پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ بىردىنبىر مەھسۇلى .

20 . ھادىسە ، پايدا - زىياننى ئاشۇرۇش - كېمەيتىش مەنىۋى ئىشتىن ئىبارەت . ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش روھىي جەرياندۇر ؛ كۆزقاراش ، روھ تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ ؛ مەسىلە روھنىڭ كۆرسەتكۈچ چىرىغى ۋە لوگىكىسىدۇر ؛ دىيالېكتىكا ۋە پەلسەپە ، روھنى تۈزگۈچى ئورگانىزمدۇر .

21 . لېكىن ئوي - پىكىر جەزمەن جانلىق ئورگانىزمنىڭ مەلۇم قۇرۇلمىسىنىڭ ماددىي ئىنكاسىنى ، مەسىلەن ، چوڭ مېڭە ، نېرۋا ، مۇسكۇل قاتارلىقلارنىڭ ئىنكاسىنى قوزغايدۇ . بۇ ئورگانىزم توقۇلما تۈزۈلۈشىدە ئوبيېكتىپ ماددىي ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇڭا ، مەلۇم بىر ئېنىق ئاساسىي تېما ئۈستىدە مۇئەييەن مىقداردا پىكىر يۈرگۈزۈلسىلا ، ئادەمنىڭ بەدەن قۇرۇل-

مىسىدا ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگىرىش پەيدا قىلغىلى بولىدۇ .

22 . مانا بۇ مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئۆزگەرتىش جەريا-نىدۇر . جاسارەت ، كۈچ - قۇۋۋەت ، ئىلھام ، تەڭپۇڭلۇق قاتارلىق بۇ ئوي - پىكىرلەر ئەسلىدىكى مەغلۇبىيەت ، ئۈمىدسىزلىك ، كەمچىللىك ، چەكلىمىلىك ۋە شاۋقۇن سۈرەنلەرنىڭ ئورنىنى ئە-گىلەپ ، قەلبتە ئاستا - ئاستا يىلتىز تارتسا ، بەدەن قۇرۇلمىسىمۇ مۇشۇنىڭغا يارىشا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ ، شەخسىنىڭ ھاياتى يېڭى يورۇق نۇر تەرىپىدىن يورۇتىلىدۇ ، كونا ئىشلار يوقىلىپ ، بارلىق شەيئىلەر پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن سىزمۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىسىز . بۇ بىر قېتىملىق روھىي جەھەتتىن قايتا تۇرىلىش بولۇپ ، ھايات مۇشۇ تۈپەيلى يېڭى مەنىگە ئىگە بولىدۇ ، ھايات قايتا يارىتىلىپ ، خۇشاللىق ، ئىشەنچ ، ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ .

23 . سىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىنى كۆرۈۋالدى-سىز ، ئەمما بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىز قارىغۇلارچە ئىش قىلاتتى-ڭىز . سىز يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى بايقايسىز ، ئەمما بۇنىڭدىن ئىل-گىرى بۇ ئىمكانىيەتلەر سىزگە نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيەتسىز ئى-دى .

ۋۇجۇدىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئوي - پىكرى تولىدۇ ھەم ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرگە تەسىر قىلىدۇ ، ئۇلار ئەكسىچە ھالدا يەنە سىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىز ۋە يۇقىرى ئۆرلىشىڭىز-گە ياردەم بېرىدۇ . سىز يېڭى ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەمكارلاش-قۇچى شېرىكلەرنى جەلپ قىلىسىز ، ھالبۇكى بۇ ئەكسىچە ھالدا يەنە سىزنىڭ تاشقى مۇھىتىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ . شۇڭا ، ئىدىيەنىڭ رولىنى مانا مۇشۇنداق ئاددىي ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ، سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن ، مۇھىتىڭىزنى ، كىشى-لىك مۇناسىۋىتىڭىزنى ۋە تاشقى شەرت - شارائىتىڭىزنىمۇ ئۆز-گەرتەلەيسىز .

24 . سىز كۆرۈۋالالايسىز ھەم كۆرۈۋېلىشىڭىز زۆرۈركى ،
بىز يېپيېڭى بىر كۈننىڭ سۈبھى پەيتىدە تۇرماقتىمىز . يېتىپ
كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەرخىل ئىمكانىيەتلەر شۇقەدەر گۈزەل ھەم
سىرلىق ، شۇقەدەر جەلىپكار ، شۇقەدەر كەڭ ۋە چەكسىز بولۇپ ،
سىزنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدۇ . يۈز يىل ئىلگىرى ، بىرئادەم كۈ-
رەشچى ئايروپىلانى ئەمەس ، پەقەت بىر دانە پىلىموتى بولسىلا ،
ئەينى ۋاقىتتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان پۈتۈن بىر ئارمىيەنى
يوقىتىۋېتەلەيتتى . ھازىرمۇ دەل شۇنداق . ھەر قانداق ئادەم ھازىر-
قى زامان پەلسەپە سىستېمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىمكانىيەتلەرنى
تونۇپ يېتىدىغانلا بولسا ، تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئۈستۈنلۈككە ئىگە
بولىدۇ ، شۇ ئارقىلىق باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ ، ئاددىي ئادەم-
لەرگە مەغرۇرلىنالايدۇ .

25 . ئەقىل ئىجادىي بولىدۇ ، ئۇ تارتىش كۈچى قانۇنى ئارقى-
لىق ئىشلەيدۇ . بىز ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئۆزىمىز ئۇ قىلىشقا
تېگىشلىك دەپ قارىغان ئىشنى قىلىشقا زورلاشقا ئۇرۇنماسلىقىمىز
كېرەك . ھەربىر شەخسنىڭ تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ ، لېكىن بۇنىڭ-
دىن باشقا ، بىز كۈچلۈك قانۇنىيەتكە ئاساسەن رولىمىزنى جارى
قىلدۇرۇشىمىز كېرەك ، ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ بۇزغۇن-
چىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ ، تارتىش كۈچى قانۇنىغا زىت .

26 . ئازراق ئەسلىسىڭىزلا ، بارلىق ئۇلۇغ تەبىئەت قانۇنلىرى-
نىڭ زۇۋان سۈرمەستىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىغا ،
تۈپ قانۇننىڭ تارتىش كۈچى قانۇنى ئىكەنلىكىگە چىن پۈتىسىز .
پەقەت بەزى بىر بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە جەريانلارلا ، مە-
سىلەن ، يەر تەۋرەش ۋە ئاپەتلىك ئۆزگىرىشلەرلا كۈچلۈكلۈك قانۇ-
نىنى ئىشلىتىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ مەڭگۈ ھېچقانداق
ياخشى نەتىجىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ .

27 . مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ، دىققەت - ئېتى-
بارىڭىزنى باشتىن - ئاخىر ئىجادىيەت قاتلىمىغا تارتىشىڭىز زۆ-

رۇر ، ئۇ جەزمەن رىقابەت خاراكتېرىگە ئىگە بولماسلىقى كېرەك . سىز باشقا ھەر قانداق ئادەمدىن ھەر قانداق نەرسىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىماسلىقىڭىز كېرەك ؛ سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن مەلۇم نەرسىنى ئىجاد قىلىشىڭىز ، ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان نەرسىگە ھەممە ئادەمنىڭ ئىگە بولۇشىغا خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشىڭىز كېرەك .

28 . سىزگە مەلۇم ، مەلۇم بىر ئادەمدىن بىر نەرسىنى ئېلىۋېلىپ باشقا بىر ئادەمگە بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ، تەبىئەت بارلىق ئادەملەر ئۈچۈن مول تەمىنات ھازىرلىغان . تەبىئەتنىڭ بايلىق ئامبىرى پۈتمەس ـ تۈگىمەستۇر ، ئەگەر مەلۇم بىر جايدا قارىماققا تەمىنات كەمچىل بولۇۋاتقاندەك قىلسا ئۇ پەقەت تارقىتىلىش يولىدا نۇقسان بولغانلىقىدىن بولىدۇ .

29 . بايلىققا ئېرىشىشتە ، دەل «بايلىق قانۇنىيىتى» توغرىسىدىكى بىلىمگە تايىنىلىدۇ . ئەقىل پەقەت ئىجاد قىلغۇچىلا بولۇپ قالماي ، بىردىنبىر ئىجاد قىلغۇچىدۇر . شەك ـ سۇبھىسىزكى ، ھەر قانداق شەيئى بىز ئۇنى ئىجاد قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ھەم مۇناسىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىنلا ، ئاندىن ئىجاد قىلىنىدۇ . ھازىرقى دۇنيادا ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا «توك» تىن ئىبارەت بۇ نەرسە كۆپىيىپ قالغىنى يوق ، پەقەت بەزىلەر توكنىڭ قانۇنىيىتىنى بايقىغان ھەم ئۇنى ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغاندىن كېيىن ، بىز ئاندىن ئۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشتۇق . بۈگۈنكى كۈندە ، كىشىلەر توكنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالدى ، پۈتۈن دۇنيا توك تەرىپىدىن يورۇتۇلماقتا . «بايلىق قانۇنىيىتى» مۇ شۇنداق ، پەقەت ئۇنى چۈشەنگەن ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ئادەملا ، ئاندىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەپتىن بەھرىمەن بولالايدۇ .

30 . بايلىق قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى بىلىم بەزى روھىي پەزىلەتلەر ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ ، بۇ جاسارەت ، ساداقەت ، زېرەكلىك ، چىۋەرلىك ، ئاقىلانىلىك ، ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە ئىجادىيلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىدىيە-

نىڭ مايىللىقىدىن ئىبارەت ، ھالبۇكى بارلىق ئىدىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئىجادىي بولىدۇ ، ئۇلار روھىي مۇھىت بىلەن بىردەك بولغان ئوبيېكتىپ مۇھىتتا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇ ئىنتايىن توغرا ، چۈنكى ، شەخسنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتى ئۇنىڭ «ئومومىي ئەقىل» گە تەسىر كۆرسىتىش ھەم ئۇنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان قىلىش قابىلىتىدىن ئىبارەت . ھەر بىر ئوي ـ پىكىر سەۋەپ ، ھەر بىر خىل ئەھۋال بولسا نەتىجىدىن ئىبارەت .

31 . بۇ پرىنسىپ شەخسكە قارىماققا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىمكانىيەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ ، بۇنىڭدىكى بىر ئىمكانىيەت ، پۇرسەت يارىتىش ۋە قايتا يارىتىش ئارقىلىق شەخسنىڭ ئەھۋالىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت . بۇخىل پۇرسەتنىڭ يارىتىلىشى كەم بولسا بولمايدىغان پەزىلەت ياكى ئىقتىدارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ياكى يارىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ، ھالبۇكى بۇ پەزىلەتلەر ياكى ئىقتىدارلار ئىدىيەنىڭ كۈچىدىن ئىبارەت ، ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بەلگىلەيدىغان كۈچنى بىلىشكە سەۋەب بولىدۇ . دەل بۇخىل ئەقىلنىڭ ئىچكى قىسمىدا غەلىبە ياكى مۇۋەپپەقىيەت بەرپا قىلىنىدۇ ، بۇخىل ئىچكى كۈچنى بىلىش مۇناسىپ بولغان ماسلىشىشچان ھەرىكەتنى ھاسىل قىلىدۇ ، بۇنىڭغا ئاساسەن بىز ئۆزىمىز ئىشلەۋاتقان ئوبيېكت ۋە نىشان بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالايمىز ، مانا بۇ ھەرىكەت جەريانىدىكى تارتىش كۈچىدىن ئىبارەت . بۇ قانۇن بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ ، ئۇ توغرىسىدا يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭدىن پايدىلانسا بولىدۇ .

32 . جاسارەت روھىي توقۇنۇشقا بولغان قىزغىنلىقتا ئىپادىلىنىدىغان ئەقىل كۈچى بولۇپ ، ئۇ تەنتەنىلىك ھەم ئېسىل بىر خىل خاراكتېردىن ئىبارەت ؛ ئۇھەم بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ، ھەم ئىتائەت قىلىپ ئىجرا قىلىشقىمۇ ماس كېلىدۇ ، ھەرئىككىلىسى جاسارەتكە موھتاج . ئۇھەمىشە ئۆزىنى يوشۇرۇشقا مايىل . بەزى

ئەرلەر ۋە ئاياللار كۆرۈنۈشتە ھەمىشە باشقىلارنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنىلا قىلىدۇ، لېكىن، مۇرىتى كەلگەندە، يوشۇرغان نەرسىسى ئاشكارىلىنىدۇ، بىز يۇمشاق پەلەيننىڭ ئىچىدە تۆمۈردەك ئالقاننىڭ بارلىقىنى بايقايمىز، بىز ئۇنى خاتا كۆرمىگەن بولىمىز. ھەقىقىي جاسارەت تەمكىن بولىدۇ، سوغۇققانلىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھەرگىزمۇ پاراسەتسىزلىك، ئۇستۇنلۇك تالىشىش، چۇشلۇق ياكى تالاشقاق بولۇش ئەمەس.

33. جۇغلاش بىز ئۇزلۇكسىز ھالدا ئېرىشكەن تەمىنىنى قىسمەن ھالدا زاپاس قويۇش ۋە ساقلاش قابىلىيىتىمىزدىن ئىبارەت، مۇشۇنداق قىلساق بىز تېخىمۇ چوڭ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنالايمىز، ھالبۇكى بىز ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ تۇرىدىغان بولساق، بۇنداق پۇرسەتلەر بارلىققا كېلىدۇ «ئۇنىڭغا ئېرىشكىنىنى بەر». («يېڭى ئەھدە. ماتتىي خاتىرىلىگەن مۇشخەۋەرلەر» 25- باب 29- ئايەتكە قارالسۇن) دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بارلىق سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق پەزىلەت بار، يەنە كېلىپ ئۇلار بۇنى ناھايىتى ئوبدان راۋاجلاندۇرغان. مەرھۇم جامىس. J. شىپېر[①] 52 مىليون ئامرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق بايلىقنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشتا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىڭىز ياكى چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ناھايىتى ئاسانلا جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز. بۇنى سىناشنىڭ ئۇسۇلى ئاددىي ۋە ئوڭاي، توغرا ۋە خاتاسىز: سىز پۇل ساقلىيالامسىز؟ ئەگەر ساقلىيالمايدىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا بولدى قىلىڭ. سىز

---

① جامىس. J. شىپېر (1823 - 1916) قۇرۇق قول ئىش باشلاپ بىر تۆمۈر يول ئىمپېرىيىسىنى بەرپاقىلغان. بىر مۇخبىر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرىنى سورىغاندا، شىپېر: «ئىشلەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەش، ئەقىل پاراسەت بىلەن ئىشلەش، ئاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئىشلەشتىن ئىبارەت» دەپ جاۋاپ بەرگەن. تۆمۈريولدىن باشقا، شىپېر يەنە كۆمۈركېنى، تۆمۈركېنى، سۇتىرانسپورتى، بانكا ۋە پۇل مۇئامىلە، يېزا ئىگىلىكى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى قاتارلىق باشقا نۇرغۇن تىجارەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان تۆمۈرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، شىپېر «تەرەققىي قىلۋاتقان چوڭ يول» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىساد پەلسەپىسىنى تەپسىلىي شەرھىلىگەن.

مەغلۇپ بولىسىز . بەلكىم بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن ، لېكىن سىز شەكسىز مەغلۇپ بولىسىز ، خۇددى هايات ياشاۋاتقىنىڭىزنىڭ شەكسىز ئىكەنلىكىگە ئوخشاش . مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۇرۇقى ۋۇجۇدىڭىزدا يوق ئىكەن» ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ، بۇ كۆزقاراش ناهايىتى ياخشى ، لېكىن جامېس . J . شيېرنىڭ تەرجىمىهالىنى ئوقۇغان كىشىلەرگە مەلۇمكى ، ئۇ بىز ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ھېلىقى ئۇسۇللارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئاندىن 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى پۇل تاپقان . ئالدى بىلەن ، ئۇ ئىشنى بىرۋاراق ئاق قەغەزدىن باشلاپ ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ غەربىي قىسىمدىكى چوڭ ئوتلاقنى كېسىپ ئۆتىدىغان كاتتا تۆمۈر يول پىلانىنى كۆڭۈلدىكىدەك تۈزۈپ چىققان . ئاندىن كېيىن ، بۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ۋاستە بىلەن تەمىنلەشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ، ئۇ بايلىق قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ؛ ئەگەر ئۇ بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرمىغان بولسا ، ئۇنىڭ جۇغلايدىغان ھېچقانداق نەرسىسى بولمىغان بولاتتى .

34 . جۇغلاش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە موھتاج . جۇغلىغىنىڭىز قانچىكى كۆپ بولسا ، ئارزۇيىڭىز شۇنچە كۆپ بولىدۇ ، ئارزۇيىڭىز قانچىكى كۆپ بولسا ، جۇغلايدىغىنىڭىز شۇنچە كۆپ بولىدۇ . مانا مۇشۇنداق قىلىپ ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ، تەسىر كۈچ ۋە ئەكس تەسىر كۈچ سىزنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئېرىشتۈرىدۇ . ئەمما ، جۇغلاشنى ھەرگىز مۇ شەخسىيەتچىلىك ، ئاچ كۆزلۈك ياكى بېخىللىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك . بۇلارنىڭ ھەممىسى قىڭغىر يولدا ماڭغانلىق بولۇپ ، ھەقىقىي ئىلگىرىلەشنى مۇمكىن بولمايدىغان قىلىپ قويىدۇ .

35 . بەرپا قىلىش ئەقلىنىڭ ئىجادىي ماھىيىتىدۇر . كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەسكى ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەربىر سودىگەر

جەزمەن پىلانلاش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى بەرپا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولىدۇ . سودا ساھەسىدە ، ئۇ ئادەتتە «يېڭىلىق يارىتىش روھى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئالدىنقىلارنىڭ كونا يولىنى بويلاپ مېڭىش ھەرگىز كۇپايە قىلمايدۇ . يېڭى كۆزقاراش ، يېڭى ئىش ئۇسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر . يېڭىلىق يارىتىش روھى بەرپا قىلىش ، لايىھەلەش ، پىلانلاش ، كەشىپ قىلىش ، بايقاش ۋە ياخشىلاشتا ئىپادىلىنىدۇ . يېڭىلىق يارىتىش روھى ئەڭ قىممەتكە ئىگە پەزىلەت بولۇپ ، داۋاملىق ئىلھام بېرىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېرىشىشى زۆرۈر . ھەر بىر شەخس مەلۇم دەرىجىدە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ چەكسىز ھەم مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيەدىكى بىر ئاڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ بارلىق شەيئىلەر ئاشۇ ئېنېرگىيەدىن كېلىپ چىقىدۇ .

36 . سۇ مۇز ، سۇ ۋە پاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل بىرىكمە بىردىنبىر ئوخشايدىغىنى ئۇلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن ئىبارەت . لېكىن ھېچكىممۇ مۇزدىن پايدىلىنىپ ماتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئۇرۇنمايدۇ ، ئەمما ئۇنى پارغا ئايلاندۇرسا ، ئۇ ناھايىتى ئاسانلا بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ . سىزنىڭ ئېنېرگىيەڭىزمۇ شۇنداق ، ئەگەر سىز ئىجادىي قاتلامغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز ، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇرىڭىزنىڭ يالقۇنىدىن پايدىلىنىپ مۇزنى ئېرىتىشىڭىز كېرەك ، ئوت قانچىكى كۈچلۈك بولسا ئېرىشتىن چىققان ھورمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ . سىزنىڭ ئىدىيەڭىزمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ ھەم ئارزۇيىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزمۇ شۇنچە ئاسان بولىدۇ .

37 . پاراسەت تەبىئەت قانۇنىيىتىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت . ھەقىقىي پاراسەتلىك كى-

شى چۈشكۈنلەشكەن چېغىدىمۇ ئالداش ۋە كۆز بوياشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالايدۇ، ئۇ چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ مەھسۇلى، ھالبۇكى بۇنداق كۆزىتىش ئىقتىدارى سىزنى شەيئىلەرنىڭ يادرو-سىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ شەرتلىرىنى يارىتىدىغان ھەرىكەتنى قانداق قوزغاشنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

38. سەزگۈرلۈك سودا ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئىنتايىن كىچىك، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىلدىن ئىبا-رەت. سەزگۈرلۈك بىۋاسىتە سىزنىڭ ئۇخشاپ كېتىدۇ. سەز-گۈرلۈككە ئىگە بولماقچى بولسىڭىز، ئىنتايىن زىل سەزگۈگە ئىگە بولۇشىڭىز، بىۋاسىتە سىزنىگە تايىنىپ نېمە دېيىش كېرەكلىكى، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدىغان بولۇشىڭىز زۆرۈر. سەزگۈر بولماقچى بولسىڭىز، ھېسداشلىقتا ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىڭىز زۆرۈر، چۈشىنىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، چۈنكى بارلىق ئادەملەر كۆرەلەيدۇ، ئاڭلىيالايدۇ، سېزەلەيدۇ، لېكىن «چۈشىنەلەيدىغان» ئادەملەر بەكمۇ ئاز بولىدۇ، سەزگۈرلۈك سىزنى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىشنى ئالدىن بىلىش ھەم ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېسابلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، سەزگۈرلۈك بىزنى قايسى ۋاقىتتا جىسمانىي، روھىي ۋە ئەخلاقىي پاكلىقتا ئىگە بولغانلىقىمىزنى سېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلى-دۇ، چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتە زۆرۈر بولغان بەدەل ھېسابلىنىدۇ.

39. ساداقەت كۈچلۈك، پەزىلەتلىك ئادەملەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك رىشتىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق ئادەم بۇنداق رىشتىنى ئۈزۈۋەتسە جازاغا ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بىلىكىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا رازى، لېكىن دوستىغا ساتقۇنلۇق

قىلىشنى خالىمايدىغان ئادەمنىڭ دوستى ھەرگىز ئاز بولمايدۇ. ئۆز ساداقىتىنى ئۇندىمەستىن چىڭ ساقلايدىغان، زۆرۈر تېپىلسا ھەتتا ئۆلگىچە چىڭ ساقلايدىغان ئادەم، ئىشەنچ ۋە دوستلۇقنىڭ مۇقەددەس قەسرىگە ئېرىشكەندىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ئالەم كۈچى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ، پەقەت مۇشۇ خىل كۈچلا ئارزۇ قىلىشقا ئەرزىيدىغان شارائىتنى جەلپ قىلالايدۇ.

40. خاراكتېر بىز ئىگە بولغان يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلەرنى كېڭەيتىدىغان كۈچتىن ئىبارەت، ئۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ كەتمەسلىكنى، مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىگە ئەمەس، جەريانىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قابىللار ئۆزىچە كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۆزىگە ئەگىشىپ يۈگۈرۈۋاتقان زور تۈركۈمدىكى دورامچىلارغا قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت بىر توپ ئادەمگە باشلامچىلىق قىلىش ياكى بىر توپ ئالىمانلارنىڭ تەنتەنە قىلىپ ئالقىش ياغدۇرىشىغا ئېرىشىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايدۇ. بۇلار پەقەت ئىچى تار ئادەملەرنىلا خۇش قىلالايدۇ. خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ئاجىزلارنىڭ نومۇسسىزلىق بىلەن خۇشامەت قىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئىچكى كۈچىنىڭ راۋاجلانغانلىقىدىن تېخىمۇ ئىپتىخارلىنىدۇ.

41. خاراكتېر ھەقىقىي ئىچكى كۈچتىن ئىبارەت، بۇ كۈچنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ نەتىجە سۈپىتىدە ئىپادىلىنىشى، بىر ئادەمنى ئۆز سەنئىتىگە دەسسەيدىغان مەلۇم بىر باشلامچىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدىغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان قىلىدۇ.

42. ئىلھام دېڭىزلارنىڭ دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ سۈيىنى قوبۇل قىلىش ماھارىتىگە، ئۆزىنى تونۇش سەنئىتى، شەخسنىڭ ئەقلىنى تەڭشەپ ئومۇمىي ئېقىنىغا ماسلىشىش سەنئىتى، بارلىق كۈچلەر-

نىڭ مەنبەسىگە مۇۋاپىق مىخانىك قوزغىلما ئورنىتىش سەنئىتى، شەكىلسىزلىك بىلەن شەكىللىكلىكنى پەرقلەندۈرۈش سەنئىتى، چەكسىز ئەقىلنى راۋان يۈتكىلىشكە ئىگە قىلىش سەنئىتى، مۇ- كەممەللىكنى ئوبرازلاشتۇرۇش سەنئىتى، ھەممىگە قادىر كۆچنىڭ ھەممە پەردە بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش سەنئىتىدىن ئىبارەت.

43. سەممىيەت بارلىق بەختنىڭ زۆرۈر شەرتى. شۇنى مۇ- ئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، سەممىيەتنى بىلىش ھەم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش بىرخىل قانائەتلىنىشتىن ئىبارەت، باشقا ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. سەمە- مىيەت ئەڭ تۆپكى چىنلىقتىن ئىبارەت، ئۇ بارلىق مۇۋەپپەقىيەت- لىك سودا مۇناسىۋىتى ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالدىنقى ھەل قىلغۇچ شەرتىدۇر.

44. سەممىيەتكە زىت ھەر بىر قىتىملىق قىلىق، مەيلى بىلمەسلىكتىن قىلىنغان بولسۇن ياكى ئەتەي قىلىنغان بولسۇن، مەۋقەيىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئىناقسىزلىقنى ھەمدە ساقلانغىلى بولمايدىغان مەغلۇبىيەت ۋە قالايمىقانچىلىقنى سەۋەب بولىدۇ، چۈن- كى ئەڭ ئاددىي ئەقىل ھەربىر قىتىملىق ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى توغرا ھالدا ئالدىن بىلەلەيدۇ، ئەگەر توغرا پىرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەشتە، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ سەزگۈر ئەقىل بولغان تەقدىرىدىمۇ، گاڭگىراپ، ھېچقانداق ئۇقۇمغا ئېرىشەلمەيدۇ.

45. قەلبىدە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەقىقىي زۆرۈر ئامىللىرىنى بەرپا قىلغان ئادەم ئۆزىگە ئىشەنچ تىكلەپ، غەلبىنىڭ ئاساسىنى سالغان ھېسابلىنىدۇ، قېپقالغان بىردىنبىر ئىش دائىم مۇنداق تەدبىرنى قوللىنىشتىن ئىبارەت: يېڭىباشتىن ئويغىتىلغان ئىدىيە- نىڭ كۆچىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىش ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ بار-

لىق كۆچلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدى-
غان دەرىجىدە ساقلاش لازىم .
46 . بىزنىڭ مەقسەتلىك پائالىيىتىمىزنىڭ روھى ئۇن پىر-
سەنتكىمۇ يەتمەيدۇ ؛ قالغان توقسان پىرسەنتى ئاڭسىز ياكى مەق-
سەتسىز بولىدۇ . شۇڭا ، يالغۇز مەقسەتلىك ئىدىيەگىلا تايىنىپ
نەتىجە ھاسىل قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ ئۈنۈملۈك
بولۇشىمۇ ئۇن پىرسەنتكە يەتمەيدۇ . قىممىتى بار ھەرقانداق ئىشنى
ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقان ئادەملەر تېخىمۇ چوڭ بۇ مەنىۋى بايلىق
ئامبىرىدىن پايدىلىنالايدىغان ئادەملەردۇر . زور بولغان چىنلىق
دەل تۆۋەن دەرىجىلىك ئەقىلنىڭ بىپايان زېمىنغا يوشۇرۇنغان بو-
لىدۇ ، يەنە دەل مۇشۇ يەردە ، ئىدىيە ئۆزىنىڭ ئىجادىي كۈچىنى ،
ئۇنىڭ نىشانى بىلەن باغلىنىشلىق كۈچنى ، كۆرۈنمەيدىغان نەرسى-
نى كۆرۈنىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرىدىغان كۈچنى تاپىدۇ .
47 . ئېلېكتىر ئىلمىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئوبدان بىلىدىغان
ئادەم توكنىڭ چوقۇم ھەممىشە توك بېسىمى يۇقىرى ئورۇندىن توك
بېسىمى تۆۋەن ئورۇنغا يۆتكىلىدىغانلىقىدەك پرىنسىپىنى ئوبدان
چۈشىنىدۇ ھەم بۇ خىل كۈچنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ . بۇ
قانۇننى ئوبدان بىلمەيدىغان ئادەملەر ھەرقانداق مەقسىتىنى ئىشقا
ئاشۇرالمايدۇ . روھىي دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قانۇنمۇ
شۇنداق بولىدۇ ؛ بەزىلەر ئۇنى چۈشىنىدۇ : ئۇيى بارلىق شەيئىلەر-
گە سىڭىپ كىرىدۇ ، ئەقىلنىڭ يەتمەيدىغان يېرى يوق بولۇپ ،
ئىنكاسى تېز بولىدۇ ؛ ئۇلار بۇ قانۇندىن پايدىلىنىپ ، شەرت -
شارائىتىنى ، ئەھۋالىنى ۋە مۇھىتنى تىزگىنلىيەلەيدۇ . چۈشەنمەي-
دىغان ئادەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار بۇ ھەقتە
ھېچنەرسە بىلمەيدۇ .
48 . بۇ خىل بىلىم ئېلىپ كەلگەن نەتىجە ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ

ئىلتىپاتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. دەل مۇشۇ «ھەقىقەت» ئادەمنى ئاسارەتتىن، يوقسۇللۇق ۋە چەكلىمىلىكتىن خالىي قىلىپلا قال-ماي، ئازاب - ئوقۇبەت، دىلخەستىلىك ۋە غەم - قايغۇدىنمۇ خالىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قانۇن ئادەمگە قاراپ پەرقلىق بولماي-دۇ، ئىلگىرىكى تەپەككۇر ئادىتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن، بې-سىپ ئۆتكەن يولىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىزگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايدۇ، ئەجەبا بۇلارنى بىلىۋېلىش، كىشىنى ھەيران قالدۇرمامدۇ؟

# 3 ـ ساۋاق : پىشىۋالارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى

ئۇلۇغ ئادەم ياكى خۇددى يېگانە ئېگىز مۇنارغا ئوخشاش مەڭگۈلۈك قەلئەسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . سىرتقى تەبىئەتنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىنى تېشىپ ئۆتىدىغان مەخپىي يوللار ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئەقىل بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ، دەل بۇ خىل ئەقىل ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى كۈچەيتىدۇ ھەم تىزگىنلەپ تۇرىدۇ . بۇ ، يەر يۈزىدە يىل بويى تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ .[1]

— ھېنرى ۋودسوۋرز لاڭفېللوۋ

1 . پىشىۋالارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى سىزنىڭ جىسمىڭىز ۋە روھىڭىز ئىچىدە بولىدۇ ھەم بۇ ئىككىسىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ . ئۇ ھەربىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا «ئۇلۇغ ئادەم» ، يەنى «مۇقەددەس ئادەم» بولىدۇ . ئۇ بارلىق ئادەملەرنىڭ ھاياتىدا ئوخشاش بولىدىغان ، بىز «مەن» دەپ ئاتايدىغان ، بىزگە پىششىق تونۇشلۇق ھېلىقى نەرسىدىن ئىبارەت .

2 . پىشىۋا قان ، گۆش ، ئىبلىس (جىن ـ شەيتان) ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تىزگىنلىشىگە ياكى باشقۇرۇشىغا ئۇچرىمايدىغان ئادەمدۇر . ئۇ پۈتۈنلەي ئەمەس ، بەلكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىدۇر . ئۇ ، دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن ، ئەركىن بولىدۇ ،

---

[1] ھېنرى لاڭفېللوۋنىڭ «كاۋانوۋ» (kavanaugh) ناملىق رومانىنىڭ بېشىدىكى ئابزاستىن ئېلىنغان .

ھەرقانداق نەرسە تەرىپىدىن تىزگىنلەنمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ .

3 . سىز مۇشۇ ھالەتكە يەتكەن چېغىڭىزدا ، ئىشنى پۇختا قىلغان ھالدا ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەيسىز ۋە يېڭىسىز ، بارغانسېرى كۆپ بىلىم بىلەن كاللىڭىزنى قوراللاندۇرۇپ ، يۈزىڭىزنى يورۇق-لۇققا ، ئالدىغا ، يۇقىرىغا يۈزلەندۈرىسىز .

4 . قانۇنىيەت سىزنىڭ خوجايىنىڭىز ئەمەس ، بەلكى چاكىرى-ڭىزغا ئايلىنىدۇ . سىز ئىدىيەڭىز ياكى سۆزىڭىزنى ئېيتسىڭىز ، ھەقىقەت ، ئىرادە ۋە مۇۋاپىق روھىي كارتىنا ئۇنىڭغا ماسلىشىدۇ ، سىزنىڭ سۆزىڭىز ئۆزى مۇراجىئەت قىلغان نىشاننى ۋۇجۇدقا چىد-قىرىدۇ .

5 . ئاشكارىلانمىغان ، يوشۇرۇن ھالەتتە تورۇۋۋاتقان بىلىملەر-گە ئىنتىلىشتە ، «بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى ئىدى» دەيدىغان دەرىجىگە يېتىشىمىز لازىم . كونا قائىدە - يوسۇن ، كونا ئادەت ۋە مەشھۇر چولپانلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى پۇتلىكا-شاڭ ياكى توسالغۇغا ئايلىنىپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقى-مىز كېرەك . ئېگىز پەللىگە چىققان ھەربىر ئوبيېكت دۇنيانىڭ ئىدىيەسىگە ، ھۆكۈمىگە ۋە ئاساسىغا خىرىس قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك .

6 . مۇنداق بىر ھېكايە بار : بىر ئوقۇغۇچى بىر دانىشمەننى ئۇستاز تۇتۇپتۇ . بۇ دانىشمەن شاگىرتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە قىزىقمىغاندەك ، بىپەرۋا يۈرۈپتۇ . شاگىرت دانىش ھېچنەرسە ئۆگىنەلمىدىم دەپ ئاغرىنىپتۇ . دانىشمەن : «ناھايىتى ياخشى ، يىگىت . مەن بىلەن يۈر» دەپتۇ . ئۇ شاگىرتنى باشلاپ دۆڭلۈكتىن ئېشىپ ، جىلغىدىن ۋە دالىدىن ئۆتۈپ ، كۆل-نىڭ بويىغا كەپتۇ ۋە چوڭقۇر سۇغا كىرىپتۇ . ئاندىن كېيىن ، دانىشمەن شاگىرتنى سۇغا بېسىپ ، بۇ يىگىتنىڭ بارلىق ئارزۇلد-رى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەشنالىققا — ھاۋاغا بولغان تەشنالىققا مەركەزلەشكەنگە قەدەر ، ئۇنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپتۇ . ئالتۇن ،

بايلىق ،شان ـ شەرەپ ، ئورۇن ـ مەرتىۋە ۋە نام ـ شۆھرەت
دېگەنلەر بۇ يىگىتكە قىلچە مۇھىم ئەمەستەك بىلىنىپتۇ . ئاخىرىدا ،
يىگىت تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دەپ قالغان چاغدا ، دانىشمەن ئۇنى سۇدىن
تارتىپ چىقىرىپ ، «يىگىت ، سۇنىڭ تېگىدە تۇرغان چېغىڭدا ،
ھەممىدىن بەك ئېرىشمەكچى بولغان نەرسەڭ نېمە ئىدى ؟» دەپتۇ .
يىگىت : «ھاۋا ، ھاۋا ، ھاۋا»دەپتۇ . ئارقىدىن ، دانىشمەن ئۇنىڭ-
غا : «ئەقىلگە بولغان تەشنالىقىڭ ھاۋاغا بولغان تەشنالىقىڭغا ئوخ-
شاش جىددىي بولغان چاغدا ، سەن ئۇنىڭغا ئېرىشىسەن» دەپتۇ .

7 . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كۈچلۈك تەشنالىق «پىشىۋالارنىڭ ئەقىل
ـ پاراستى»گە ئېرىشىشنىڭ ھەممىدىن مۇھىم شەرتىدۇر . بۇ
دۇنيادا ئىز قالدۇرغان ئادەملەر ، ئېگىز چوققىلارغا چىققان ئادەم-
لەر تەشنالىق بىلەن ئۈزلۈكسىز ئارزۇ قىلغان ئادەملەردۇر . ئار-
زۇسى ناھايىتى ئاجىز ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى كۈچلۈك ، جىددىي
بولۇپ ئۆزگەرمىگۈچە ، كېرەكلىك پەللىگە ياكى ئېگىز چوققىغا
چىقىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس .

8 . خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ بىر ـ بىرىنى تارتىشى ۋە چەتكە
قېقىشى پۈتۈنلەي ئىقتىدار ۋە قۇتۇپچانلىق مەسىلىسىدۇر ، بىز
ئۇنى مۇھەببەت ۋە نەپرەت مەسىلىسى دېسەكمۇ بولىدۇ . دەل مۇ-
شۇنداق بولغانلىقتىن ، ئەقىل ھەم مۇۋەپپەقىيەتنى جەلپ قىلىدى-
غان ماگنىت قۇتۇپى بولالايدۇ ھەم مەغلۇبىيەتنى جەلپ قىلىدىغان
ماگنىت قۇتۇپى بولالايدۇ . سىزنىڭ ئەقلىڭىز ، ئېڭىڭىزنى ئىدارە
قىلىدىغان ئۇسۇلغا ئوخشاش بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ، پۇل ماگنى-
تىغا ئايلىنىدۇ . ئۇ بىر پارچە پۇل ماگنىتىغا ئايلانغان چاغدا ،
ھەربىر سودىڭىز سىزگە كۆرۈنەرلىك پايدا ئېلىپ كېلىدۇ .

9 . بىر ئادەمنىڭ سودا قىممىتى ئۇنىڭ ئىچكى قىممىتى ،
شۇنىڭدەك ئىچكى قىممىتىنى سىرتقى ئېڭىغا ۋە ھەرىكىتىگە ئېلىپ
چىقىش ئۈنۈمى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . باشقىچە قىلىپ ئېيتقان-
دا ، دەل ئىچىدىكى ئالتۇن تېشىدىكى ئالتۇننى جەلپ قىلىدۇ ، دەل

ئىچكى قىممىتى تاشقى قىممىتىنى جەلپ قىلىدۇ . ئادەم بايلىق ئېگى ۋە قىممەت ئېگىغا ئىگە بولسا ، بۇنىڭغا تەڭ ـ باراۋەر بىلىم قوشۇلسا ، ئۇ هامان ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئورنىنى تاپالايدۇ .

10 . بەزىلەر مۇنداق دېگەن : «ئەقىلنىڭ تەننى ئىدارە قىلىشى تەڭداشسىز بولىدۇ ، مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ، ئۇ تەننى ۋە نېرۋىنى پولاتتەك مۇستەھكەم ، مۇسكۇلنى پولاتتەك كۈچلۈك قىلىۋېتەلەيدۇ ، ئاجىز ئادەم مانا شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ئادەمگە ئايلىنىدۇ . چۈنكى ، مۇۋاپىق تىزگىنلەنگەن ئەقىل ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە بارلىق شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىدۇ ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە بارلىق شەيئىلەرگە باها بېرىدۇ ، ئۆزىنىڭ ئۇستۇنلۇكىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىدا قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرىدۇ ، چۈنكى ئۇ بۇ كۆز قاراشلارنىڭ كۈچىنى ۋە سالمىقىنى بىلىدۇ .»①

11 . مۇنداق قانۇنىيەت مەۋجۇت : ئەگەر ئۇلارغا خىلاپلىق قىلىنسا ، ئەقىلنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ، ئەكسىچە بولغاندا ، كۈچلۈك ئەقىلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بۇ قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىنسا ، ئەقىلنىڭ ئاجىز بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ، كۈچلۈك دەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئەقىل پەزىلىتىنى يېتىلدۈرگىلى ۋە ئىپادىلىگىلى بولىدۇ .

12 . ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەقلىگىزنى ئىدارە قىلىشىغا يول قويماڭ ! نۇرغۇن ئادەملەر دوستى ، قوشنىسى ياكى تۇغقىنىنىڭ قوشۇلماي قېلىشى ياكى قوۋۋەتلىمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ، ئۆز ئىدىيەسىنىڭ ئالىيجاناب ۋە دەبدەبىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتىن قورقىدۇ . بۇنىڭ ئۆزى توسۇش ياكى چەكلەشتىن

① بۇ بىر ئابزاس سۆزنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ستوۋ خانىمنىڭ «تام تاغىنىڭ كەپىسى» ناملىق رومانىدىن ئېلىنغان . تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى : بۇ بىر ئابزاس سۆزنىڭ كېيىنكى يېرىمى لاروشفوكوئۇنىڭ «تەپەككۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان .

ئىبارەت ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ چەكلەنگەن شارائىتتا كۆچلۈك ياكى قاۋۇل بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس . ئىپادىلەش ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ قائىدىسىدۇر .

13 . سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان قورقۇنچاقلىقىڭىز ، ئىدىيەڭىزنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇش سىزنىقنى چۆرىدىتىپ ، ئەقلىڭىزنى ئەخمىقانە ۋە پەمسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويىدۇ ، ئۇنىڭغا كۆچ ئاتا قىلىنىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ . ئۇزۇن ۋاقىت ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئارىلىقىدا تەۋرىنىپ تۇرۇش ئەقىلنىڭ كۆچلۈك راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ .

14 . ئىدىيە ساھەسىدە ئىزدەنگۈچى بولۇشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك . چوڭقۇر ، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك . بۇنداق جۈرئەت ، خۇددى مۇسكۇلغا ئوخشاش ، قانچىكى كۆپ ئىشلىتىلسە ، شۇنچە كۈچىيىدۇ .

15 . ئۇلۇغلۇق سانسىزلىغان ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولىدۇ ، ئۇ تەشەببۇسكارلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلى ، دۇنياغا كېلەلمەيدۇ ، ئىپادىلىنەلمەيدۇ . تەشەببۇسكارلىقنىڭ كەمچىل بولۇشىدىكى سەۋەب قورقۇنچاقلىقتىن ئىبارەت . قورقۇشنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئەقلىي كۆچ ۋە رەزىل كۆچتىن ئىبارەت ئىككى خىل كۆچنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىدىن بولىدۇ . ئۇلۇغلۇقنى ئۆز روھىنىڭ تەكتىگە چوڭقۇر يوشۇرۇپ ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە يول قويمايدىغان ئادەم ئەقلىي كۆچكە ئەمەس ، بەلكى رەزىل كۆچكە بەكرەك ئىشىنىدۇ ، مۇشۇنداق قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلى ، ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ روھىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىشقا ھەم شۇ ئارقىلىق غەلىبە قازانغۇچى ۋە بويسۇندۇرغۇچى دېگەن تاجغا ئېرىشىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ .

16 . ھەرىكەت قىلىشتىن ۋاز كېچىش جەريانىدا ، ئۇ ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن يېڭىلىدۇ . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، قورقۇنچاقلىق ئەڭ چوڭ ئىبلىس ، بارلىق نامراتلىق ،

بەختسىزلىك ، كېسەللىك ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسىدۇر .

17 . ھەرقانداق ئادەمگە ئۆزىدە ھەرقانداق ياخشى نەرسىنىڭ ھەرگىز كەمچىل بولمايدىغانلىقى ، ئۆزىنىڭ روناق تېپىش يولىغا مېڭىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ھەم ئىشەندۇرۇش كېرەك .

18 . ئالىملار ، ئاتالمىش ماددىنى يوقىتىۋېتىشنىڭ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقىدى . ئۇنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولىدۇ ، ئۇ يىمىرىلىپ كۆرۈنمەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسىمۇ ، ئۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .

19 . ئەگەر بارلىق يانىدىغان ماددىلارنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىۋېتىلسە ، بىز ياشاۋاتقان بۇ پلانېتىنىڭ ئېغىرلىقى يەنىلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بولىدۇ ، بۇ يوقىتىۋېتىشكە بولىدىغان ھېچقانداق نەرسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .①

20 . ھالىتى ئۆزگەرتىۋېتىلسىمۇ ، لېكىن ماددا يەنىلا باشقا ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .

21 . بۇنىڭ ئۆزىلا ئىسپات بولۇپ ، ئۇ ماددىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ، يوقىتىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ئەگەر نۇرغۇن كۆرۈنىدىغان ماددىلار ئاتموسفېرادا لەيلەپ تۇرالىسا ھەم ئۇتنىڭ پارچىلاش كۈچى ئارقىلىق كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا بىز تۆۋەندىكى كۆز قاراشنىمۇ ئوخشاشلا توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك : كۆرۈنمەيدىغان نەرسىمۇ كۆرۈنىدىغان نەرسىگە ئايلىنالايدۇ .

22 . تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنالايدىغان ، چوڭقۇرلۇقتا ئېلېكتىر كۈچى ۋە باشقا غەيرىي ماددىي كۈچلەر توغرىسىدا ، تېخى بايقالمىغان بىلىم ۋە قانۇنىيەتلەر ساھەسىگىچە ئويلاپ يېتەلەيدىغان ئادەملەر كەشپىياتچى ياكى ئىختىراچى بولالايدۇ ، ئۇلارنىڭ نامى «داڭ-

① بۇ بىر فىزىكا قانۇنى ، يەنى ماددىنىڭ يوقالماسلىق قانۇنىدىن ئىبارەت ، ئۇنىڭدا : ماددىنى ھەم ياراتقىلى ھەم يوقىتىۋەتكىلى بولمايدۇ ، دېيىلىدۇ .

دارلار سارىي» غا يېزىپ قويۇلىدۇ.

23. بۇنداق ئادەم جەزمەن قورقۇشتىن خالىي بولىدۇ، ئۇلار مازاق قىلىنغانلىقى ۋە مەسخىرە قىلىنغانلىقى تۈپەيلى تەۋرىنىپ قالمايدۇ ياكى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئۇلار ئۆز روھىنىڭ بىر نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھالىتىنى ساقلىيالايدۇ. بۇنداق ئادەم جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدۇ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، باشقىلارنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىغا، نېمە دەيدىغانلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

24. مانا بۇنىڭ ئۆزى تەشەببۇسكارلىقتىن ئىبارەت، ئاشۇ تەشەببۇسكارلىق غايىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق قەتئىي ئىشەنچكە كەلگەن ئادەم دەل پىشۋالىق يولىغا مېڭىدىغان بولىدۇ. ئىلھامنىڭ نۇرى ئۇنىڭ ئاڭقى ئاستىدىكى يولنى يورۇتۇپ، ھەربىر قەدىمىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى توزاق ۋە پۇتلىكاشاڭلاردىن قۇتقۇزۇپ، غەلىبىدىن – غەلىبىگە باشلايدۇ.

25. قۇرامىغا يەتكەن ھەربىر ئادەم دېگۈدەك تۆۋەندىكى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ھادىسىلەر ۋە كەچۈرمىشلەرگە يولۇققان بولىدۇ: ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇنداق بىر ئەقىل مەۋجۇت، بۇ ئەقىل ئۆزىدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئەخلاق جەھەتتىكى ۋە ئەقىل قاتلىمىدىكى ۋەقەلىك ۋە ئىشلارنى بىلىدۇ ۋە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ ھادىسىلەر مۇمكىنچىلىكى بار «ئاجىز ئاۋاز» شەكلىدە ياكى جانلىق، بېشارەت خاراكتېرىدە ئايان بولغان بولۇشى مۇمكىن.

26. ئەقىل نۇرغۇن قېتىم بىر خىل تەسىرات ياكى تۇيغۇ ھالىتىدە بارلىققا كېلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشتا ئاساسلىنىدىغىنى سىرتقى قاتلامدىكى ھادىسە ياكى ھۆكۈم ئەمەس، بەلكى ھەمىشە ئىچكى دۇنيادا شەكىللەنگەن ئاۋاز ياكى تەسىراتتىن ئىبارەت بولىدۇ، گەرچە ئۇنداق ھۆكۈملەر ئەقىلگە

بەك ئۇيغۇن كەلسىمۇ .

27 . بۇ كەچۈرمىشلەر ئىچكى دۇنيادىكى ئاۋازدىن ئىبارەت ، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ مەلۇم بىر سىرلىق مەنبەدىن ئاشكارا ئاڭ ئەقىلگە كىرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . دەل شۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىل قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن بارلىق پىشىۋالار ئارقىلىق گەپ قىلماقتا .

28 . بۇ ئاۋاز ۋە ھادىسىلەر ئاڭنىڭ ئۈچلەمچى قاتلىمىدىن كېلىپ چىقىدۇ . ئۇ بەزىدە «ئالتىنچى سەزگۈ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . پسىخولوگىيەدە ، ئۇ «زىيادە ئاڭ» ياكى «زىيادە ئەقىل» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ «زىيادە ئەقىل» سىزگە كېلىۋاتقان خەتەرنى بىلىۋالىدۇ ھەم سىزنى قوغداپ قالىدۇ . بۇ خىل قوغداشنى ئادەتتە چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ .

29 . بۇ «زىيادە ئەقىل» يەنە يېشىل ئوتلاقنى ۋە تورغۇن سۇنى بىلىپ ، مولچىلىق ۋە تىنچلىقنىڭ ئومۇمىي ئىنزاسىنى سۇ- رەتلىيەلەيدۇ . ئۇ ھېلىقى ئىنكاسى سەزگۈر ئوقۇغۇچىنى يېتەكلەي- دۇ ، بۇ ئوقۇغۇچى ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ ئەقلىگە قۇلاق سالىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق پۇرسەتكە ئىگە بولىدۇ ، ئەگەر بۇ مەسىلىھەتچى ۋە يول باشلىغۇچى بولمىغان بولسا ، ئۇ خەتەر ۋە قورۇق ئاۋارىچىلىك- تىن ئىبارەت بولغان تىرىشچانلىقى ھەم تەۋەككۇلچىلىكى تەرىپە- دىن يېڭىلگەن بولاتتى .

30 . ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مالىيە مۇتەخەسسىسى سۇلايمان ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىگىنى سىرتى- قى ئاڭ بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھەم ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ، پادىشاھلىق ، مالىيە ئىشلىرىدا ئۈنۈملۈك ھالدا ئىپىق كۆرسەت- كەن ، شۇڭا ئۇ ئىسرائىلىيەنىڭ خان ئوردىسىدىكى ئەڭ باي ، ئەڭ شۆھرەت تاپقان پادىشاھ بولۇپ قالغان .

31 . بەزىدە ، بارلىق باشقا ھەرىكەت قىلىش ۋە ئالغا ئىلگىرى- لەش يوللىرى بىزگە نىسبەتەن ئېتىۋېتىلگەن بولىدۇ ، شۇنىڭ

بىلەن بىز بۇ بىردىنبىر ئىچمۇيتىلگەن يولغا ماڭمىز ھەم مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمىز ، ئەگەر بىز جىمجىتلىق ئىچىدىكى ئاۋاز ئارىسىدىن مەلۇم خىلدىكى نەرسىنى بىلمۇۋالالىغان بولساق ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېتىپ كېلىشى بەلكىم كۆپ بۇرۇن بولار ئىدى .

32 . سىزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقلىڭىز بىلەن ئالاقە ئورناتقان چاغدا ، ئۆزىڭىزنىڭ يول كۆرسەتكۈچىڭىز بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتقان بولىسىز ، بۇ يول كۆرسەتكۈچىسى ئۇندىمەسلىك ئۇسۇلى بىلەن سىزگە ئالدىڭىزدا پەيدا بولغان بارلىق ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ۋە مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ . «قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە» ، پەرىشتە سىياقىغا كىرىۋالغان ئىبلىس ، شۇنىڭدەك ياۋاش كۈچۈك سىياقىغا كىرىۋالغان تۈلكە قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتى كۆز ئالدىڭىزدا ئاشكارىلىنىپ ، سىزنى سەگەكلەشتۈرىدۇ ، ھوشيارلىقىڭىزنى كۈچەيتىسىز .

33 . بۇ ھەممىدىن خەۋەردار ئەقىل راستىنلا مەسلىھەتچى ، قوغدىغۇچى ۋە يول باشلىغۇچى بولۇپ قالىدۇ . بۇ ئىچكى دۇنيانىڭ ئاۋازى ياكى بىۋاستە سېزىمىڭىز ئاقىلانىلىك بىلەن يېتەكچىلىك قىلىدۇ . ئۇ يەنە ھەر قېتىم زۆرۈر تېپىلغاندا سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ ھەم جاننى ئەپقاچىدىغان بىر يول ئېچىپ بېرىدۇ .

34 . يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بۇ ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇھىمى سىزنىڭ تەنھا ، جىمجىت ياكى سۈكۈتتە تۇرىدىغان چېغىڭىز بولۇشى ، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ھەر قانداق نەرسىنىڭ سىزگە كاشىلا قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك .

35 . ھەربىر مۇسكۇلىڭىزنى ئازادە تۇتۇشىڭىز ، ئەقلىڭىزنى سىرتقى ئىشلاردىن يىغىۋېلىپ ، ھەممىنى قوبۇل قىلىش قىياپىتىدە تۇرۇشىڭىز لازىم ، شۇنداق قىلسىڭىز ، ئادەتتىن تاشقىرى ئەقلىڭىز ئايان بولىدۇ ھەم ئاكتىپلىشىدۇ ، روشەنلىشىدۇ ، ئاشكارا ئەقىل ئويىڭىزنىڭ سىرتقى قاتلىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ .

36 . ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ھەركۈنى مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇنى مۇشۇنداق سوكۇتتە تۇرۇشقا ئىشلىتىشتىن ئىبارەت . سىز. نىڭ يەنە باشقا سوكۇتتە تۇرىدىغان ۋاقىتلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن ، مەسىلەن ، يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ، مېھمانخانىدا ئولتۇرغان ياكى ئاپتوبۇستا كېتىۋاتقان بىرقانچە مىنۇتتا .

37 . مۇشۇنداق سوكۇتتە تۇرغان مەزگىلىڭىزدە ئەگەر كىشى. نى ھەيران قالدۇرىدىغان ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا ، ھەرگىز ئىشەنچىڭىزنى يوقاتماڭ . كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئىشلار ئادەتتە سوكۇتتە تۇرۇش داۋامىدا ئەمەس ، بەلكى سوكۇت. تە تۇرۇشتىن كېيىن يۈز بېرىدۇ .

38 . ئۆزىڭىز ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىماي ، ھېلىقى چەك. سىز ئەقلىڭىزنىڭ سىز ئارقىلىق ئويلىنىشىغا ھەم سىز ئۈچۈن ئويلىنىشىغا يول قويۇشىڭىز كېرەك .

39 . دەسلەپتە ، ئوي - پىكىر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان چاغدا ، ئۇلار ئىنتايىن ئېنىق ياكى ئىنتايىن توغرا بولماسلىقى مۇمكىن . سىز پەقەت قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشىڭىز زۆرۈر . پىكىر - خىيال ، ئۆزىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ، سىز تۇرمۇشىڭىز ۋە خىزمىتىڭىزگە چوڭ ياردەم بېرىدىغان پاراسەتنى قوبۇل قىلىسىز .

40 . سىز گويا ھېچقانداق ئاشكارا ئەقلىي تەپەككۇرنى زادىلا قوبۇل قىلمىغاندەك تۇرىسىڭىزمۇ ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى جەزملەشتۈرسىڭىز بولىدۇ ، ئۇنىڭغا ئېھتى. ياجلىق بولغان چېغىڭىزدا ئۇ سىزنىڭ ئاشكارا ئاڭ ئەقلىڭىزدە زاھىر بولىدۇ .

41 . سوكۇتتە تۇرۇش داۋامىدا ، قەلبىڭىز يورۇتۇلىدۇ ، زېھ. نىڭىز ئېچىلىدۇ ، تۇرمۇش يولىدا سىز ئەمدى سىناق قىلغۇچى ياكى پۇرسەتپەرەس بولمايسىز .

42 . سوكۇتتە تۇرۇش داۋامىدا ، سىزنىڭ تەجرىبىڭىز مۇنداق

خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ : ئۇ سىزنىڭ يېتىلىشىڭىز ۋە راۋاجلىنىشىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . بۇ جەرياندا ، بەزىلەر مول ئىدىيە ۋە پىلاننى تۇتۇۋالىدۇ ، بەزىلەردە بىر خىل تۇيغۇ ياكى ھاياجانلىنىش بارلىققا كېلىپ ، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئويلىغان ئىشنى قىلغۇزىدۇ (ياكى قىلغۇزمايدۇ ) .

43 . سۇكۇتتە تۇرۇشتىكى ئىدىيە ۋە مەقسەت ، ئۇلۇغ پاراسەت ئامبىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت — ئۇنىڭ ئىچىگە سىزنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىڭىزغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ماگنىت تەۋرىنىشى قاچىلىنىپ ، خۇددى توك قاچىلانغان ئاككۇمۇلياتورغا ئوخشاپ قالىدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇن ، سىز ئەقىل ، ھاياتى كۈچ ياكى زېرەكلىك جەھەتلەردە يۇقىرى سەۋىيەگە يەتمىگەن چاغلىرىڭىزدا ، سۇكۇتتە تۇرۇش ھالىتىگە كىرىپ ئۆزىڭىزگە توك قاچىلاڭ .

44 . بۇ ئۆزىڭىزگە كۈچ تولۇقلىغانلىق بولىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن سىز يېتەرلىك ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىنىپ ، ئىشلار دۇنياسىغا يېڭىباشتىن قايتىپ كېلەلەيسىز . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ سىزنى غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ .

45 . پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئۆزىنى مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە ھەقىقىي تۈردە باشلاپ بارىدىغان يولنى تاپالايدۇ . ئۇ كىشىلەرگە ناتونۇش مەخپىي چىغىر يولدىن ئىبارەت . ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزى يوشۇرۇپ قويۇلغان . بىپەرۋا ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئويلىمايدىغان ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرمەيدىغان ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىدىن پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ ، ئۇنى قىلچە سەزمەيدۇ . سۇكۇتتە تۇرۇشنى بىلىدىغان ئادەملەر ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىنى تاپالايدۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ نىشانىغا يېتىپ بارالايدۇ .

46 . ئۇستۇرا بىسى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىتتىك كېسىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ . ماددا مولېكۇلىلىرى ئارىسىنى كېسىپ ئۆتكەندە ئىنتايىن كىچىك قارشىلىق كۈچىگە ئۇچراي-

دۇ . دىققەت ـ ئېتىبارنىڭ مەركەزلەشتۈرىدىغان كاللىمۇ كۈچ-لۈك ، ئۆتكۈر ، بۆسۈپ ئۆتۈش كۈچىگە ئىگە بولۇپ ، قىيىن مەسىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈش يولىنى تاپالايدۇ ؛ شۇڭا ئۇ قارىماققا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى بۆلۈپ ، پارچىلىۋېتەلەيدۇ .

47 . گاڭگىراپ قالغان نۇرغۇن تىجارەتچىلەر ھەر كۈنى ئاز-راق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆزىنىڭ تىجارەتتىكى ئورنى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ ، شۇ ئارقىلىق مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە ئايلاندۇ-رىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئىككى مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ : ئۇلار «ئومۇمىي قانۇنىيەت» بىلەن ھەممە يەر ، ئۇنىڭ رىتىمىگە چۈشىدۇ ، تارتىش كۈچى قائىدىسىنى ئىشقا سالىدۇ ، بۇ ماگنىتنىڭ رولىنى ئويناپ ، گۈل شىرنىسىنىڭ ھەسەل ھەرىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشىشىپ قالىدۇ .

48 . سۈكۈتتە تۇرۇش— پىششىقلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئۆگىنىدىغان ئالىي مەكتەپ . دەل مۇشۇ يەردە ، بارلىق ئەقىللىق ئادەملەر ئۇلارنىڭ پاراستىنى قوبۇل قىلىدۇ . يەنە دەل مۇشۇ يەردە ، ئەڭ ئۇلۇغ دانىشمەنلەر شاگىرتلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ .

49 . ھەقىقىي سۈكۈتتە تۇرۇش ، يوشۇرۇن ھالەتتىكى شەرەپ-نى يورۇققا چىقىرىدۇ ، بۇ خۇددى گۈلسامساقنىڭ شان ـ شەرەپنى ئۆز غۇنچىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ تۇرغىنىغا ئوخشايدۇ ، يەنى ئۇ ، غۇنچىسىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان شان ـ شەرەپنى ئاشكارىلايدۇ . ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئەقىل ۋە كۈچمۇ شۇنداق ، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە سۈكۈتتە تۇرۇش-تىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ، ئۇلار ئىپادىلىنىش ھالىتىگە باشلاپ كىرىلىدۇ ياكى چېچەكلىتىلىدۇ . مانا بۇ ھەقىقىي تەلىمدۇر . تەلىم بېرىش دېگەن بۇ سۆز لاتىنچە «educio» دېيىلىدۇ ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىش» دېگەنلىكتىن ئىبارەت .

50 . ئەگەر سىز سۈكۈتتە تۇرۇشنى بىر خىل بەھرىمەن بولۇشقا ئايلاندۇرۇپ ، ئىنتايىن يېقىن بىر دوستىڭىز بىلەن پاراڭ-

لاشقانغا ئوخشاش قىلىدىغان بولىسىڭىز ، ئۇنداقتا سىز ناھايىتى تېزلا نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز .
51 . پوزىتسىيەڭىز قىزغىن تەشنالىقتا ئىگە ، سەمىمىي ۋە قەتئىي بولۇشى لازىم . ئەڭ چوڭ نەتىجىنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىڭىز ، ئالدى بىلەن ئەڭ چوڭ ئارزۇيىڭىزنى ئېنىق بەلگىلە-شىڭىز كېرەك . ئاندىن ، دىققەت - ئېتىبارىڭىزنى بۇ ئارزۇيىڭىزغا مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز ، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ ، دەپ ھۆكۈم قىلىشىڭىز كېرەك .
52 . ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئۆزىڭىزگە ياردەم قولىنى سۇنىـ-دىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىڭ .
53 . بىلىشىڭىز كېرەككى ، سىز يالغۇز ئەمەس ، يەنە ئىچكى دۇنيادىكى ئەقلىڭىز سىز بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ، سىزنى نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ، ئامال - چارىڭىز ، قارارىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىز-گە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بولىدۇ .
54 . ھەربىر مۇسكۇلىڭىزنى بوشاشتۇرۇپ ، تىنچلىنىڭ . پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقنى ئۆزىڭىز ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ .
55 . ئۇلۇغ داھىيلارنىڭ سىرداش دوستى ناھايىتى ئاز بولىـ-دۇ . ئۇلارغا مەلۇمكى ، ئۇلۇغ چارە - تەدبىر ، ئۇلۇغ ھەرىكەت ، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ تۆھپە سۈكۈتتە تۇرۇش داۋامىدا دۇنياغا كېلىدۇ .

# 4 ـ ساۋاق : «مەن»نى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ

تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قانداق تىزگىنلەپ بىر ئادەمنىڭ ئارزۇ-سىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ھەقىقىي روھىي تاۋلىنىش بىلەن پىششىق تونۇشمىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئانچە قىيىن ئەمەستەك قىلىدۇ . بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ، ئۆ-زىنى ياخشىلىيالايدۇ ، ئۆزىنى يېڭىباشتىن يارىتالايدۇ ، ئۆزىنىڭ سىرتقى مۇھىتىنى تىزگىنلەپ ، ئۆز تەقدىرىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ ، بۇ ، توغرا ئويلىنىشنىڭ ئىجابىي ھەرىكەتتىكى كۈچىنى تولۇق تونۇغان ئادەم چىقارغان يەكۈندۇر .

— لارسون

1 . نېرۋا سىستېمىسى ماددا ، ئۇنىڭ ئېنېرگىيەسى ئەقىلدىن ئىبارەت . شۇنىڭ ئۇچۇن ، ئۇ «ئومۇمىي ئەقىل» نىڭ ۋاستىسى-دۇر . ئۇ ماددا بىلەن روھنى ، بىزنىڭ ئېڭىمىز بىلەن «ئالەم ئېڭى» نى تۇتاشتۇرغۇچىدۇر . ئۇ «پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ» نىڭ دەرۋازىسىدۇر .

2 . مىڭە ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى بىلەن سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى ئوخشاش تۈردىكى نېرۋا ئېنېرگىيەسى تەرىپىدىن تىز-گىنلىنىدۇ ، بۇ ئىككى نېرۋا سىستېمىسى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، ھەتتا ئۆزىنىڭ غىدىقلىنىشلىرىنىمۇ بىر ـ بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . بەدەننىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ، نېرۋا سىستېمى-سىنىڭ ھەر بىر غىدىقلىنىشى ، بىزنىڭ ھەربىر ئوي ـ پىكرىمىز نېرۋا ئېنېرگىيەسىنى خورىتىدۇ .

3 . نېرۋا سىستېمىسى بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتى پىيانىنو

بىلەن ئۇنى چالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئەقىل ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا تايىنىدىغان قورال توغرا بولغان چاغدىلا ئاندىن ئىپادىلەشنى ئورۇندىيالايدۇ.

4. مېڭە ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئورگىنى چوڭ مېڭە، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئورگىنى بولسا قورساق بوشلۇقى نېرۋا چىگىچىدىن ئىبارەت. ئالدىنقىسى ئاڭلىق ياكى مەقسەتلىك بولىدۇ، كېيىنكىسى بولسا ئاڭسىز ياكى ئىختىيارسىز بولىدۇ.

5. بىر مېڭە نېرۋا سىستېمىسى ۋە چوڭ مېڭە ئارقىلىق، ئۆزىمىز ئىگە بولغاننى سېزەلەيمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئىگە بولۇش سېزىمىدىن باشلىنىدۇ. كىچىك بالىنىڭ يېتىلمىگەن سېزىم ياكى كالۋانىڭ تۇغما سېزىمى ئىگە بولۇشنى «سېزەلمەيدۇ».

6. بۇ خىل روھىي مۇھىت — سېزىم — ئېرىشكەن بىلىملەرىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىدۇ. بىلىمگە كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش ۋە تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

7. بىز ئەقلىمىز ئىگە بولغان بۇ ماھارەتلەرنى سېزىشكە باشلىدۇق، شۇڭا ئىگە بولۇشنىڭ ئاڭ ئاساسىغا قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، بىز بۇ خىل ئاڭنى «ئىچكى دۇنيا» دەپ ئاتايمىز. بىز ئېرىشكەن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئىگە بولۇشلار بولسا «تاشقى دۇنيا»غا مەنسۇپ.

8. ئىچكى دۇنياغا ئىگە بولىدىغىنى ئويدىن ئىبارەت. بىزنى تاشقى دۇنيادا ئىگە بولۇشقا ئېرىشتۈرىدىغىنىمۇ ئەقىلدىن ئىبارەت. ئەقىل ئىدىيە، روھىي كارتىنا ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيە ئىجادىي بولىدۇ.

9. بىزنىڭ ئىدىيەدىن پايدىلىنىپ شارائىت، مۇھىت ۋە باشقا تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمىزنى يارىتىش ئىقتىدارىمىز، بىزنىڭ تەپەككۇر ئادىتىمىزگە باغلىق بولىدۇ.

10 . نېمە قىلىشىمىز ، نېمە ئىكەنلىكىمىزگە باغلىق بولىدۇ ، نېمە ئىكەنلىكىمىز بولسا بىزنىڭ نېمىنى ئويلاشقا ئادەتلەنگىنىمىزگە باغلىق بولىدۇ . نېمە «قىلىشىمىز»دىن ئىلگىرى ، بىز ئالدى بىلەن نېمە «بولۇشىمىز» زۆرۈر ؛ ھالبۇكى نېمە «بولۇشىمىز»دىن ئىلگىرى ، بىز ئىچكى ئوي - پىكىرىمىزنىڭ كۈچىنى تىزگىنلىشىمىز ھەم ئۇنى يېتەكلىشىمىز زۆرۈر .

11 . ئىدىيە كۈچ دېمەكتۇر . ئالەمدە پەقەت كۈچ بىلەن ھالەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل نەرسىلا بار . بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىل «ئىجاد قىلىش كۈچى»گە ئىگە بولغانلىقىمىزنى تونۇپ يېتىپ ، ئۇنى تىزگىنلىيەلىگەن ۋە يېتەكلىيەلىگەن ھەم ئۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى كۈچ بىلەن ھالەتكە تەسىر كۆرسەتكەن چېغىمىزدا ، بىز روھىيەت خىمىيىسىدىكى بىرىنچى تەجرىبىنى تاماملىغان بولىمىز .

12 . ئومۇمىي ئەقىل بارلىق كۈچ ۋە ھالەتلەرنىڭ «ماھىيىتى» ، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئاساسى بولغان «ئۇل» دۇر . مۇقىم ، «بارلىق شەيئى»لەر قانۇنىيەتلەر بىلەن بىردەك ئۆزىدىن باشلىنىدۇ ھەم ئۆزى تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ ۋە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ . مانا بۇ مۇكەممەل ئىپادىلەنگەن ئىجادىي ئىدىيەنىڭ كۈچىدۇر .

13 . ئومۇمىي ئەقىل ھەممىدىن خەۋەردار ، ھەممىگە قادىر ، ھەممىلا جايدا مەۋجۇت . ئۇ زاھىر بولغان ھەربىر يەردە ، ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ ، بارلىق ئەقىلنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئەقىلدىن ئىبارەت . مانا بۇ ئالەمنىڭ تەرتىپلىكلىكىنى ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ باياننى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىك ، تۇرمۇشتىكى بارلىق مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ھەم ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقتۇر .

14 . ئەقىلنىڭ ئاشكارا (ياكى ئوبيېكتىپ )ئاڭ ۋە يوشۇرۇن (ياكى سۇبيېكتىپ )ئاڭدىن ئىبارەت قوش ئىپادىلىنىش ھالىتى بولىدۇ . بىز ئوبيېكتىپ ئەقىل ئارقىلىق تاشقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز ، سۇبيېكتىپ ئەقىل ئارقىلىق ئىچكى دۇنيا

بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز .

15 . گەرچە بىز ئاشكارا ئاڭ ئەقلىمىز بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ ئەقلىمىزنى پەرقلەندۈرۈۋاتقان بولساقمۇ ، بۇ خىل پەرق ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس ، بۇنداق چۈشەندۈرۈش پەقەت قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ، خالاس . بارلىق ئەقىلنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئەقىلدىن ئىبارەت ؛ مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بارلىق قاتلىمىدا ، ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان بىرلىك ۋە پۈتۈنلۈك مەۋجۇت .

16 . يوشۇرۇن ئاڭ بىزنى ئومۇمىي ئەقىل بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ ، بىز مانا شۇنداق قىلىپ بارلىق كۈچلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز . يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا ساقلىنىدىغىنى ، بىز ئاشكارا ئېڭىمىز ئارقىلىق ئېرىشكەن تۇرمۇش توغرىسىدىكى كۆزىتىشلىرىمىز ۋە چۈشەنچىلىرىمىزدىن ئىبارەت . ئۇ بىر خاتىرە ئامبىرىدۇر .

17 . يوشۇرۇن ئاڭ غايەت زور بىر پارنىكتىن ئىبارەت ، ئىدىيە ياكى كۆزىتىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن تەجرىبە ياكى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇرۇقتا ئوخشاش ، مۇشۇ پارنىكقا چۈشىدۇ ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ يېتىلگەن مېۋىسىنى ئۆزى بىللە ئېلىپ بىزنىڭ ئېڭىمىزغا يەنە بىر قېتىم كىرىدۇ .

18 . ئاڭ ئىچكى بولىدۇ ، ئىدىيە بولسا كۈچنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىشىدۇر . ئىككىسى ئايرىلماستۇر ، بىر نەرسىنى ئويلىماي تۇرۇپ ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

19 . ئەگەر ئىككى تال ئېلېكتىر سىمى بىر - بىرىگە بەك يېقىنلاشسا ، يەنە كېلىپ بىرىنچى تال ئېلېكتىر سىمى ئېلىپ يۈرگەن ئېلېكتىر توكى ئىككىنچى تال ئېلېكتىر سىمىنىڭكىدىن چوڭ بولسا ، ئۇ چاغدا ، ئىككىنچى تال ئېلېكتىر سىمى تەسىرگە ئۇچراپ بىرىنچى تال ئېلېكتىر سىمىدىن قىسمەن توك قوبۇل قىلىدۇ . بۇ ھادىسىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەقلىگە

تۆتىدىغان پوزىتسىيەسىنى ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. ئۇلار مەخسەتلىك تۈردە بۇ كۈچ مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمايدۇ.

20. ئەگەر ئىككىنچى تال ئېلېكتىر سىمى بىرىنچى تال ئېلېكتىر سىمىغا تەگكۈزۈلسە، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ كۆپ توكنى قوبۇل قىلىدۇ. بىز كۈچنى سەزگەن چېغىمىزدا، «ھايات ئېلېكتىر سىمى»غا ئايلىنىمىز، چۈنكى ئاڭ بىز بىلەن كۈچ ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش شەكىللەندۈرىدۇ. كۈچتىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بىز تۇرمۇشتىكى ھەر- خىل ئەھۋاللارغا تېخىمۇ تاقابىل تۇرالايدىغان بولىمىز.

21. ئومۇمىي ئەقىل بارلىق كۈچ، بارلىق ھالەتلەرنىڭ مەن- بەسى. بىز بولساق بۇ كۈچنى ئىپادىلەشتە تايىنىدىغان يول؛ شۇنىڭ ئۈچۈن قەلبىمىزدە چەكسىز كۈچ، چەكسىز ئىمكانىيەتلەر مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيەمىز تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بىز بۇ كۈچلەرگە ئىگە بولغانلىقى- مىز، ئومۇمىي ئەقىل بىلەن ماسلىشىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىشى- مىزدىن كەچۈرۈش ئېھتىمالىمىز بولغان ھەربىر خىل كەچۈرمى- شىمىزنى تەڭشىيەلەيمىز ۋە تىزگىنلىيەلەيمىز.

22. ئومۇمىي ئەقىلگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھېچقانداق چەك- لىمە مەۋجۇت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئومۇمىي ئەقىلگە قوشۇلۇپ بىرلىشىپ كېتىشكە بولغان تونۇشىمىز قانچىكى چوڭقۇر بولسا، بىز سېزىدىغان چەكلىمە ياكى كەمچىللىك شۇنچە ئاز، بىز سېزىدىغان كۈچ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

23. ئومۇمىي ئەقىل مەيلى چەكسىز چوڭلۇقتا زاھىر بولسۇن ياكى چەكسىز كىچىكلىكتە زاھىر بولسۇن، ھەرقانداق جايدا ئەقىل ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان كۈچنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى پۈتۈنلەي ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ.

24. بىر پارچە سېغىزلاي بىلەن ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى بىر

پارچە پارتلاتقۇچ دورا ئوخشاش مىقداردىكى ئېنېرگىيەنى ئۆز ئىچى-
گە ئالغان بولىدۇ. لېكىن كېيىنكىسى ئېنېرگىيەنى ناھايىتى
ئاسان قويۇپ بېرىدۇ، ئەمما ئالدىنقىسىنىڭ ئېنېرگىيەسىنى قان-
داق قىلغاندا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىز تا بۈگۈنگە قەدەر بىلىپ
بولالمىدۇق.

25. ئىپادىلەش ئۈچۈن، بىز ئېھتىمىزدا مۇناسىپ شارائىت
يارىتىشىمىز زۆرۈر. يا ئۈن - تىنىمىز ھالدا، يا تەكرارلاش
ئارقىلىق، بىز بۇ شەرتنى يوشۇرۇن ئېھتىمىزغا تامغا قىلىپ بېسى-
شىمىز كېرەك.

26. بىز ئارزۇ قىلغان شارائىتنى ئېھتىمىز چۈشىنىدۇ، ئى-
دىيەمىز ئىپادىلەيدۇ. تۇرمۇش شارائىتىمىز ۋە مۇھىت شارائىتى-
مىز يېتەكچى ئىدىيىمىزنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. شۇڭا، توغرا
تەپەككۇرنىڭ مۇھىملىقىغا قانداق باھا بەرسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك
بولمايدۇ. «كۆزىمىز بار تۇرۇپ كۆرمىسەك، قۇلىقىمىز بار تۇ-
رۇپ ئاڭلىمساق، چۈشىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.» باشقىچە
ئېيتقاندا، ئاڭ بولمىسا چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

27. ئىدىيە ئىجادىي ھالدا ئىشقا سېلىنسا، يوشۇرۇن ئاڭدا
بەزى مايىللىقلارنى يارىتىدۇ، بۇ مايىللىقلار يەنە ئۆزىنى خاراكتېر
تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدۇ. خاراكتېر دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەن-
سى «ئويۇلغان بەلگە» دىن ئىبارەت، مەسىلەن، پېچەتكە ئىشلى-
تىلگەن بەلگە؛ ئۇنىڭ ھازىرقى مەنىسى مۇنداق: خاراكتېر تۇغما
تەبىئەت ياكى ئادەت تەرىپىدىن بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا قالدۇرۇل-
غان ئۆزىگە خاس پەزىلەتتىن ئىبارەت، ئۇ مۇشۇ خىل خاراكتېرگە
ئىگە بىر ئادەمنى باشقا بارلىق ئادەملەردىن پەرقلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

28. خاراكتېر سىرتقا يۈزلەنگەن ۋە ئىچكە يۈزلەنگەن ھالدا
ئىپادىلىنىدۇ. ئىچكە يۈزلىنىپ ئىپادىلىنىدىغىنى مەقسەت، سىرت-
قا يۈزلەنگەن ھالدا ئىپادىلىنىدىغىنى ئىقتىداردىن ئىبارەت بولى-
دۇ.

29 . مەقسەت ئەمەلىي ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان غايىگە ، يەتمەكچى بولغان نىشانغا ياكى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئارزۇغا يېتەكلەيدۇ . مەقسەت ئىدىيەگە پەزىلەت ئاتا قىلىدۇ .

30 . ئىقتىدار ھەممىگە قادىر كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت — گەرچە بۇ تۇيمايلا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بولسىمۇ .

31 . مەقسىتىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ . مۇھىمى ، مەقسەت ئىقتىدار بىلەن تەڭپۇڭ بولىدۇ . ئالدىنقىسى كېيىنكىسىدىن چوڭ بولغاندا ، «خىيالپەرەس»لىك دۇنياغا كېلىدۇ ؛ ئىقتىدار مەقسەتتىن چوڭ بولغاندا ، بۇنىڭ نەتىجىسى ئالدىراقسانلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ ۋە نۇرغۇن پايدىسىز ھەرىكەتلەر بارلىققا كېلىدۇ .

32 . تارتىش كۈچى قانۇنىغا ئاساسەن ، كەچۈرمىشلىرىمىز روھىي قىياپىتىمىزگە باغلىق بولىدۇ . روھىي قىياپەت خاراكتېرىمىزنىڭ نەتىجىسى ، ھالبۇكى خاراكتېرمۇ ئوخشاشلا روھىي قىياپەتنىڭ نەتىجىسى . ئۇلار بىر - بىرىگە تەسىر ۋە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ .

33 . ھەربىر قېتىملىق كەچۈرمىشىمىزنىڭ ئارقىسىدا ، قاردىماققا «پۇرسەت» ، «كاج تەلەي» ، «ئامەت» ۋە «خۇدانىڭ ئىرادىسى» قارىغۇلارچە تەسىر كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ، بەلكى ، ھەر بىر قېتىملىق كەچۈرمىشىمىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ ، ئۇ بىز ئارزۇ قىلغان شارائىت بارلىققا كەلگەن دەرىجىگىچە تىزگىنلەيدۇ .

34 . ھەر بىر خىل مۇۋەپپەقىيەتلىك سودا مۇناسىۋىتى ياكى ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ ئاساسىنى ئورنىتىدىغان تۈپ پرىنسىپ ، ئىچكى دۇنيا بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ پەرقىنى ، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ پەرقىنى تونۇپ يېتىشتىن ئىبارەت

35 . تاشقى دۇنيا سىزنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ ، سىز ئۇنىڭ

مەركىزى . ماددا ، ھۆجەيرىلىك ھاياتلىق ، خەلق ، ئىدىيە ، ئاۋاز ، يورۇقلۇق ۋە باشقا تەۋرىنىشلەر ، شۇنىڭدەك ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەمنىڭ ئۆزى سىزگە تەۋرىنىش تارقىتىدۇ ، يورۇقلۇق ، ئاۋاز ۋە تۇيغۇلۇق تەۋرىنىش ، شاۋقۇن ۋە يېقىملىق تەۋرىنىش ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت تەۋرىنىشى ، ئىدىيەنىڭ تەۋرىنىشى ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەۋرىنىشى ، ئەقىللىق ۋە دۆتلۈكنىڭ تەۋرىنىشى ، چىنلىق ۋە ساختىلىقنىڭ تەۋرىنىشىنى تارقىتىدۇ . بۇ تەۋرىنىشلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە — سىزنىڭ «ئۆزىڭىز»گە — ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ چوڭ ، ئەڭ يىراق ۋە ئەڭ يېقىن بولىدۇ . ئۇلار سىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىزغا ناھايىتى ئاز يېتىپ كېلەلەيدۇ ، كۆپىنچە ئالدىراپ - تېنەپ ئۆتۈپ كېتىپ قالىدۇ ، تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ قارىغاندا ، ئىز - قارىسى ئاللىقاچان يوقالغان بولىدۇ .

36 . بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى تەۋرىنىشلەر سالامەتلىكىڭىز ، كۈچىڭىز ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىز ، بەختىڭىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، كەم بولسا بولمايدۇ . نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويىسىز ؟ نېمىشقا ئۇلارنى ئىچكى دۇنيايىڭىزغا قوبۇل قىلمايسىز ؟

37 . ئاڭنى بىر تەدبىر دەپ قارىساق ، ئۇنى تاشقى دۇنيانىڭ ئىچكى دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دېيەلەيمىز . مەيلى بىز ئويغاق ياكى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ھالەتتە بولايلى ، ئۇ توختاۋسىز ھالدا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ . ئاڭ سەزگۈ ياكى تۇيغۇنىڭ نەتىجىسىدۇر .

38 . بىز ئاڭنىڭ ئۈچ تۈرلۈك قاتلىمىنى ناھايىتى ئاسان بىلەلەيمىز ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرق مەۋجۇت .

(1) ئاددىي ئاڭ : بۇ بارلىق ھايۋانلار ئورتاق ئىگە بولىدىغان ئاڭدىن ئىبارەت . ئۇ مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسى بولۇپ ، بۇ خىل ئاڭ ئارقىلىق ، بىز «مەن كىم»ھەمدە «مەن قەيەردە»دېگەنلەرنى چۈشىنەلەيمىز ؛ بۇ خىل ئاڭ ئارقىلىق ، بىز خىلمۇخىل ئوبيېكتلارنى

ھەمدە رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشلەرنى ۋە ھالەتلەرنى سېزەلەيمىز .
(2) ئۆزلۈك ئېڭى : بۇ بارلىق ئىنسانلار (بوۋاقلار ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى كەمتۈك ياكى توسالغۇغا ئۇچرىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا) ئورتاق ئىگە بولىدىغان ئاڭدىن ئىبارەت . ئۇ بىزگە ئۆزىمىزنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ، يەنى تاشقى دۇنيانىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى سېزىشىنى ، «ئۆزىنى چۈشىنىدىغان مەن» بولۇش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىدۇ . تىل بۇنىڭ نۇرغۇن نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە ، مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن ، ھەربىر تاق سۆز بىر خىل ئىدىيەگە ياكى كۆز قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىدىن ئىبارەت .
(3) ئالەم ئېڭى : ئاڭنىڭ بۇ خىل ھالىتى ، خۇددى ئۆزلۈك ئېڭى ئاددىي ئاڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانغا ئوخشاش ، ئۆزلۈك ئېڭىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . ئۇ ، خۇددى كۆرۈش سېزىمى ئاڭلاش سېزىمى ياكى تۇيغۇغا ئوخشىمايدىغىنىغا ئوخشاش ، ئالدىنقى ئىككى خىل ئاڭغا ئوخشىمايدۇ . ئەما ئادەمنىڭ رەڭگە نىسبەتەن ھەرقانداق ھەقىقىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، ئەمما ئۇنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى ئۆتكۈر ياكى تۇيغۇسى ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ .

39 . بىر ئادەم ئاددىي ھەم ئۆزلۈك ئېڭىغا تايىنىپ ئالەم ئېڭى توغرىسىدا ھەرقانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولالمايدۇ . ئالەم ئېڭى ئالدىنقى ئىككى خىل ئاڭغا ئوخشىمايدۇ ، بۇلارنىڭ پەرقى ھەتتا كۆرۈش سېزىمى بىلەن ئاڭلاش سېزىمىنىڭ پەرقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ . بىر گاس ئادەمنىڭ كۆرۈش سېزىمى ياكى تۇيغۇسىغا تايىنىپ مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس .
40 . ئالەم ئېڭى ئاڭنىڭ بارلىق ھالىتىدۇر . ئۇ مەغرۇر ھالدا زامان ۋە ماكاندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، چۈنكى ئۇ بەدەن ۋە ماددىي دۇنيادىن يىراقتا تۇرىدۇ ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇلار مەۋجۇت ئەمەس .

41 . ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئالتۇن قانۇنى مۇنداق : ئالتۇن قاندداق دەرىجىگە تەرەققىي قىلسا ، سۇبيېكتىپ كۈچمۇ شۇنداق دەرىجىگە تەرەققىي قىلىدۇ ، بۇنىڭ نەتىجىسى ئوبيېكتىپ ئوبيېكتنا ئىپادىسىنى تاپىدۇ .

42 . ئالەم ئېڭى زۆرۈر شەرتنى يارىتالىغىنىڭ نەتىجىسى ، شۇڭا ئومۇمىي ئەقىل كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن رولىنى جارى قىلىدۇرىدۇ ، «مەن»نىڭ بەختىگە ماس كېلىدىغان بارلىق تەۋرىنىشلەرنى قولغا چۈشۈرگىلى ۋە ئۇلاردىن پايدىلانغىلى بولىدۇ .

43 . ھەقىقەت بىۋاسىتە بىلىش ياكى ئادەتتىكىدەك ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ، كۆزىتىش جەريانىدىن ئۆتكۈزۈلمەي بىلىشىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانسا ، ئۇ بىۋاسىتە سەزگۈ بولىدۇ . بىۋاسىتە سەزگۈگە تايىنىپ ، ئەقىل ئىككى خىل ئوي - پىكىرنىڭ بىردەك ياكى بىردەك ئەمەسلىكىنى دەرھال سېزىۋالالايدۇ . «مەن»ھەقىقەتنى ھەمىشە مانا مۇشۇنداق بىلىۋالىدۇ .

44 . ئەقىل بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق ، بىلىمنى پاراسەتكە ، تەجرىبىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ ھەم تاشقى دۇنيادا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان شەيئىلەرنى ئىچكى دۇنيايىمىزغا ئېلىپ كىرىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، بىۋاسىتە سېزىم ھەقىقەتنى ئاڭنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئومۇمىي ئەقىلنىڭ باشقا بىر خىل ھالىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ .

## 5 ـ ساۋاق : 2% ئادەمنىڭلا ئىجادىيەت تۇغما تالانتى بولىدۇ

بىز پىكىر يۇرگۈزىدىغانلارنى ئىككى خىلغا ئايرىيمىز : بىر خىلى ، ئۆزى پىكىر يۇرگۈزىدىغانلار ، يەنە بىر خىلى ، باشقىلار ئارقىلىق پىكىر يۇرگۈزىدىغانلاردىن ئىبارەت . كېيىنكى خىلدىكىلەر بۇنداق قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ، ئالدىنقى خىلدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا . بىرىنچى خىلدىكى ئادەملەر قوش مەنىدىكى تۇغما ئىجادىي پىكىر يۇرگۈزىدىغانلار ھەمدە ئۆزۈمچىل (بۇ سۆزنى يۇكسەك مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ) ئادەملەردۇر . بۇ دۇنيا دەل (ھەم پەقەتلا ) ئۇلاردىن ئەقىل ئۆگىنىدۇ . چۈنكى ئۆز قولىمىز بىلەن يورۇتقان يورۇقلۇقلا ئاندىن باشقىلارنى يورۇتالايدۇ .

— شوپېنخاۋېر

1 . مېكسىكا يوقاتقان بارلىق كان بايلىقلىرى ، ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىن يولغا چىققان بارلىق چوڭ سودا كېمىلىرى ، رىۋايەتلەردىكى لىق ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلانغان ئىسپانىيە بايلىق توشۇش كېمە ئەترىتىنى زامانىۋى سودا ئۇقۇمى بويىچە ھەر 8 سائەتتە يارىتىلىدىغان بايلىققا سېلىشتۇرغاندا ، بىر قەلەندەرگە بېرىلگەن سەدىقىنىڭ قىممىتىگىمۇ يەتمەيدۇ .

2 . پۇرسەت تۇيغۇغا ئەگىشىدۇ ، ھەرىكەت ئىلھامغا زىچ ئەگىشىدۇ ، ئۇسۇپ يېتىلىش بىلىمگە زىچ ئەگىشىدۇ ، مۇھىت تەرەققىياتقا زىچ ئەگىشىدۇ ، ھامان ئالدى بىلەن روھ بولىدۇ ، ئاندىن ئۇ سۈپەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چەكسىز ئىمكانىيىتىگە ئايلىنىدۇ .

3 . ئامېرىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ 2% ئاھالىسىگە

مەنسۇپ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بارلىق تۆمۈر يوللىرىمىز ، بارلىق تېلېفونلىرىمىز ، بارلىق ئاپتوموبىللىرىمىز ، بارلىق كۆتۈپخانىلىرىمىز ، بارلىق گېزىتلىرىمىز ، شۇنىڭدەك سانسىزلىغان باشقا قۇلايلىقلار ، ھوزۇرلۇق لازىمەتلىكلەر 2% ئادەمنىڭ ئىجادىيەت تالانتىغا مەنسۇپ .

4 . تەبىئىي نەتىجە شۇكى ، دۆلىتىمىزدىكى مىليونېرلارمۇ ئوخشاشلا ئاران 2% . بۇگۈنكى كۈندە ، ئۇ مىليونېرلار ، ئۇ ئىجاد قىلغۇچى تالانت ئىگىلىرى ، ئۇ ئىقتىدارلىق ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئادەملەر كىم؟ بىز مەدەنىيلىكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بارلىق ياخشىلىقلار يەنە كىمگە مەنسۇپ؟

5 . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 30% ئادەم نامرات باستېرلارنىڭ باللىرى ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ يىلىغا تاپىدىغان پۇلى ھەرگىز 1500 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ ؛ 25% ئادەم ئوقۇتقۇچىلار ، دوختۇرلار ۋە يېزا ئادۋوكاتلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىبارەت ، پەقەت 5% ئادەملا بانكىرلارنىڭ ئوغلى .

6 . شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ شۇنى ناھايىتىمۇ بىلگۈمىز كېلىدۇكى ، نېمە ئۈچۈن 2% ئادەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۇرمۇشتىكى بارلىق ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ ، ئەمما قالغان 98% ئادەم يەنىلا ئەتىگەنلىكى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمىگەن ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؟ بىزگە مەلۇمكى ، بۇ پۇرسەت مەسىلىسى ئەمەس ، خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، ئالەم قانۇنىيەت تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرىدۇ . قانۇنىيەت ھەممىنى تىزگىنلەيدۇ . ئۇنداقتا ، بىز ، ئۇ يەنە بۇ سېخىيلىق بىلەن بېرىلگەن سەدىقىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنىمۇ تىزگىنلەيدۇ دەپ جەزملەشتۈرسەك بولامدىكەن؟

7 . پۇل ئىشلىرىمۇ سالامەتلىك ، ئۆسۈپ يېتىلىش ، تەڭپۇڭلۇق ۋە باشقا ھەرقانداق تۇرمۇش شارائىتلىرىغا ئوخشاشلا مۇقەررەر ، ئوخشاشلا جەزمەن ، ئوخشاشلا ئېنىق ھالدا قانۇنىيەتنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ ، بۇ قانۇنىيەتكە ھەرقانداق ئادەم ئەمەل

قىلىدۇ .

8 . نۇرغۇن كىشىلەر تۇيمايلا بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىدۇ ، لېكىن يەنە بەزى كىشىلەر بولسا ھەمىشە ئاڭلىق ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ .

9 . قانۇنىيەتكە بويسۇنغانلىقىڭىز ، سىزنىڭ 2% ئادەملەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇۋاتقانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ ؛ ئەمەلىيەتتە ، يېڭى ئەسىر ، ئالتۇن دەۋر ، كەسىپ ئازادلىقى ئۇ 2% نىڭ كېڭىيىدىغانلىقى ، ئەۋزەللىكىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقى ، 2% نىڭ ناھايىتى تېزلا 98% كە ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

10 . ھەقىقەت ئىزدەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىز يەنە ئاخىرقى سەۋەبنى ئىزدەيمىز : بىزگە مەلۇمكى ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھەممىسى نەتىجىدىن ئىبارەت . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەگەر بىز سەۋەبنى تاپالىساق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سەۋەبنى مەقسەتلىك ھالدا تىزگىنلىيەلەيدىغانلىقىمىزنى بايقىساق ، ئۇنداقتا نەتىجە (ياكى كەچۈرمىش ) مۇ بىزنىڭ تىزگىنلىشىمىز دائىرىسىدە بولىدۇ .

11 . شۇنىڭ بىلەن ، ئىنسانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى تەقدىر ئورۇنلاشتۇرغان زەيتۇن توپ مۇسابىقىسى ، ئادەم تەقدىرنىڭ بالىسى ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ . ئاپەت ، تەقدىر ۋە ئامەت دېگەنلەرنى ئاسانلا تىزگىنلىگىلى بولىدۇ ، بۇ خۇددى كاپىتاننىڭ كېمىنى ، پويىز شوپۇرىنىڭ ئۆز پويىزىنى تىزگىنلىگىنىگە ئوخشايدۇ .

12 . بارلىق شەيئىلەر پارچىلىنىپ ئاخىرىدا ئوخشاش ئېلېمېنتلارغا ئايلىنىدۇ ، يەنە كېلىپ ، ئۇلار مۇشۇنداق ئۆزگىرىۋاتقان چېغىدا ، بىر - بىرى بىلەن قارىمۇقارشى ئەمەس ، بەلكى مۇقەررەر باغلىنىشلىق بولىدۇ .

13 . ماددىي دۇنيادا سانسىزلىغان قارىمۇقارشى تەرەپلەر بولىدۇ ، بىز ئۇلارنى پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئوخشاش بولمىغان ناملارنى بېرىمىز . بارلىق شەيئىلەرنىڭ رەڭگى ، شەكلى ، چوڭ-

كىچىكلىكى، ئىككى ئۇچى بولىدۇ. شىمالىي قۇتۇپى بولىدۇ، جەنۇبىي قۇتۇپىمۇ بولىدۇ؛ ئىچى بولىدۇ، تېشىمۇ بولىدۇ؛ ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىرى بولىدۇ، كۆرگىلى بولمايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قارىمۇقارشى تەرەپلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت، خالاس.

14. بىر شەيئىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرىپىنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولىدۇ. بۇ ئوڭ ـ تەتۈر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇلار مۇستەقىل سۇبىستانىيە ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن شەيئىنىڭ ئىككى قىسمى ياكى ئىككى تەرىپىدىن ئىبارەت.

15. روھىي دۇنيادا، بىز شۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنىيەتنى بايقىدۇق. بىز «بىلىملىك» ۋە «بىلىمسىزلىك» دەيمىز، ئەمما «بىلىملىك» بىلىمنىڭ كەمچىل بولۇشىدىنلا ئىبارەت، شۇڭا ئۇ «بىلىمنىڭ يېتەرسىز»ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆزدىن ئىبارەت، خالاس؛ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئۆلچىمى يوق.

16. ئەخلاق دۇنياسىدا، بىز ھەمىشە «ياخشىلىق»ۋە «يامانلىق»توغرىسىدا پاراڭلىشىمىز، لېكىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق ئىككى ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. ئوي ـ پىكىر ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ ھەم ھەرىكەتنى ئالدىن بەلگىلەيدۇ. ئەگەر بۇ ھەرىكەت ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا پايدا ئېلىپ كەلسە، بىز بۇ نەتىجىنى ياخشى دەپ ئاتايمىز. ئەگەر بۇ نەتىجە ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا پايدىسىز بولسا، بىز ئۇنى يامان دەپ ئاتايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» نىڭ ھەرىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ياساپ چىقىلغان ئىككى سۆز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، لېكىن باشقىچە ئېيتقاندا ھەر قانداق ھەرىكەت ئوي ـ پىكىرىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.

17. مەھسۇلات دۇنياسىدا خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسى-

ۋەتسىز ئىككى تۈر باردەك «ئەمگەك» ۋە «كاپىتال» دەيمىز ، ئەمما كاپىتال بولسا بايلىق ، بايلىق بولسا ئەمگەكنىڭ مەھسۇلـ.ـدۇر ، ئەمگەك مۇقەررەر ھالدا ھەر قايسى ساھە ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى — جىسمانىي ، مەنىۋى ، مەمۇرىي ، كەسپىي ئەمگەكـ.ـلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھەربىر ئەمگەكنىڭ بارلىق ياكى قىسـ.ـمەن كىرىمى ئۇنى سودا ساھەسىگە يۈزلەندۈرگىنىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئادەمگە باغلىق بولىدۇ ، شۇڭا ئۇنىمۇ جەزمەن ئەمگەكـ.ـچىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش لازىم . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇنى بايقايـ.ـمىزكى ، مەھسۇلات دۇنياسىدىمۇ بىرلا قانۇنىيەت ئەمگەك قانۇنـ.ـيىتى ياكى مەھسۇلات قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت .

18 . ئۆرغۈن جىددىي ۋە ئەستايىدىل كىشىلەر نۆۋەتتە سانائەت بىلەن جەمئىيەتنىكى قالايمىقانچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىشقا ئۇرۇنماقتا ، يەنە كېلىپ ، بىزمۇ ھەممىشە كىشىلەرنىڭ مەھسۇلات ، ئىسراپچىلىق ۋە ئۇنۇم توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى بەـ.ـزىدە يەنە ئىجادىي تەپەككۇرلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز .

19 . كىشىلەر ، تەڭپۇڭلۇقنىڭ خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر خىل يېڭى كۆز قاراش ئىكەنلىكىنى ، يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ سەھىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېڭى دەۋر باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ، مۇشۇنداق ئىدىيە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە تېز تارقىلىپ ، ئادەم بىلەن مەھسۇلات مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئۆلۈك قاراشنى ئۆزگەرتمەكتە .

20 . بىزگە مەلۇمكى ، ھەربىر خىل ئەھۋال مەلۇم بىر سەۋەبـ.ـنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ ، ئوخشاش سەۋەب ھەممىشە ئوخشاش نەتىجىـ.ـنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئۇنداقتا ، قانداق نېمە ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسىگە مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى ئاتا قىلدى — مەسىلەن ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىمۇ ، دىنىي ئىسلاھاتمۇ ۋە ياكى سانائەت ئىنقىلابىمۇ ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى باشتىن - ئاخىر يېڭى بىلىملەرنىڭ بايقىلىشى ۋە مۇھاكىمە قىلىنىشىدىن ئىبارەت

بولماقتا .
21 . كەسپلەرنى شىركەت ياكى كارخانا ترېستلىرىغا مەركەز-لەشتۈرۈش رىقابەتنى كۈچەيتتى ، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا ئەگىشىپ كې-لىپ چىققان ئىقتىسادىي ئاقىۋەتلەر ، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قى-لىشقا كىرىشىشىگە سەۋەب بولدى .
22 . كىشىلەر ، ئالغا ئىلگىرىلەشتە رىقابەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى بايقىدى ، ئۇلار : «سودا ساھەسى-دە يۈز بەرگەن بۇ ئىلگىرىلەشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ ؟ »دەپ سوراشتى ، ئىدىيە پەيدىنپەي ھالدا شەكىللىنىشكە باشلىدى ، ئۇ تېز بىخلانماقتا ، بارلىق جاي ۋە بارلىق ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى ئۇرغۇتۇش ، كىشىلەرنى مەزمۇت تۇرالمايدىغان قىلىپ قويماقتا ، ھەر بىر خىل شەخسىيەتچىلىك كۆزقارىشىنى سىقىپ چىقارماقتا ، بۇ خىل ئىدىيە : سودا ساھەسىدە ئازادلىق يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا ، دەپ قارايدۇ .
23 . دەل مۇشۇ خىل ئىدىيە ئىنسانلارنىڭ مىسلى كۆرۈلمى-گەن قىزغىنلىقىنى قوزغىماقتا ، دەل مۇشۇ خىل ئىدىيە كۈچ بىلەن ئىنېرگىيەنى مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ ، ئۇ ئۆزى بىلەن نىشانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق توسالغۇنى بىتچىت قىلىۋېتى-دۇ . ئۇ كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرمۇ ئەمەس ، ھازىر توغ-رىسىدىكى تەسەۋۋۇرمۇ ئەمەس ، ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان نەرسە ، ئىشىك بولسا ئاللىقاچان ئېچىۋېتىلگەن .
24 . شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ روھىي تەبىئىتىدىن ئىبارەت ؛ ئۇ ئومۇمىي ئىجادىيەت پىرىنسىپى-نىڭ ئىنكاسى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەبىئىي ، توغما بولىدۇ ؛ ئۇنى تۈپتىن يوقىتىۋەتكىلى بولمايدۇ ، ئۇنىڭدىن پەقەت قالايمىقان پايدى-لىنىشقىلا بولىدۇ .
25 . سودا ساھەسىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ، بۇ خىل ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى ئۆزىنى قايتا ئىپادىلەشكە ئىنتىل-

مەيدىغان بولدى . بىر ئادەم ئۆز ئۆيىنى ئۆزى سالالمايدىغان ، ئۆز كۆڭلۈكىنى ئۆزى ياسىيالمايدىغان بولۇپ قالدى ، ئۇنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالدى ؛ مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۆزى ئىرىشەلەيدىغان ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى بولغان ئىجادىيەت خۇشاللىقى ، مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقى تارتىۋېلىندى . شۇڭا بۇ بىر ئۆلۈغ كۆچ قالايمىقان پايدىلىنىلىپ ، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان تونېلغا ئايلىنىپ قالدى ؛ ئۇ ھەسەتخورلۇققا ئايلىنىپ ، تېخىمۇ تەلەيلىك ھەمراھلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى يوق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغان قىلىپ قويىدى .

26 . ئىدىيە ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئەگەر ھەرىكىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلساق ، ئىدىيەمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز زۆرۈر ، ئىدىيەنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ، ساغلام روھىي ھالەتنى ھازىرقى قالايمىقان روھىي ھالەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتۇر .

27 . ناھايىتى ئېنىقكى ، ئىدىيەنىڭ كۆچى بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ زور كۆچتىن ئىبارەت ؛ ئۇ باشقا بارلىق كۆچلەرنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ ، ھالبۇكى بۇ بىلىم ئەڭ يېقىنقى مەزگىلگە كەلگەندىلا ئاندىن ئاز ساندىكى ئادەملەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى ، ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قىممەتلىك ئۇستۇنلۇكىگە ئايلانغۇسى . تەسەۋۋۇر قىلىش كۆچىگە باي ، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئادەملەر بۇ ئىدىيەنى ئىجابىيلىقتا ، ئىجادىيلىقتا يېتەكلەشنىڭ يولىنى بايقىيالايدۇ ؛ ئۇلار تەۋەككۇل قىلىش روھىغا ئىلھام بېرىدۇ ۋە بۇ خىل روھنى يېتىلدۈرىدۇ ؛ ئۇلار ئىجادىي ئىقتىدارنى قوزغىتىدۇ ، راۋاجلاندۇرىدۇ ، يېتەكلەيدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا ، بىز دۇنيادا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان سانائەت گۈللىنىشىنى ناھايىتى تېزلا كۆرەلەيمىز .

28 . چارە ـ تەدبىر گويا يۇرۇشۇۋاتقان ، ئەقىل يۇرۇشۇۋاتقان

ئەقىل روھنىڭ پائالىيىتى ؛ ئۇ ئەمەلىيەتتە ، ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتە ئىگە بولغان بىردىنبىر ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ، روھ بولسا ئالەمنىڭ ئىجادچانلىق قانۇنىدىن ئىبارەت .

29 . شۇنىڭ ئۈچۈن ، تەپەككۇر قىلغان چېغىمىزدا بىر قاتار «سەۋەب» لەرنى قوزغىتىمىز ؛ ئامال - چارە ئويتتۇرىغا چىققان ھامان شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئامال - چارىلەرگە دۇچ كېلىدۇ ، ئۇلار قوشۇلۇپ ، نوقتىئىينەزەرنى شەكىللەندۈرىدۇ ، بۈگۈنكى كۈندە ، نۇقتىئىينەزەر ئويلانغۇچىلاردىن مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان بولدى ، ئۇلار كۆرۈنمەس ئۇرۇقلاردىن ئىبا- رەت ، ئۇلار ھەممىلا جايدا مەۋجۇت بولۇپ ، بىخلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلىپ ، چېچەكلەپ مېۋىلەپ ، نەچچە يۈز ھەسسىلەپ ھوسۇل بەرمەكتە .

30 . نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا شۇنداق «بايلىق» مەلۇم خىلدى- كى ئىنتايىن كونكرېت ، ئىنتايىن ئەمەلىي نەرسە ، ئۇنىڭغا ئېرىش- كىلى ، ئىگە بولغىلى ، ئۆزىمىز ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەتكىلى ، يالغۇز بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ . نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكى نامەلۇم ، بىز دۇنيادىكى بارلىق ئالتۇننى تەقسىملى- سەك ، ئۇنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران بىر قانچە ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدۇق .

31 . ۋەھالەنكى ئالتۇن پەقەت بىر ئۆلچەم ، بىرمىزاندىن ئىبارەت . خۇددى بىر تال گەز بولسا ، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئۇزۇنلۇقنى ئۆلچەپ چىقالايدىغىنىمىزغا ئوخشاش ، بىر دانە 5 ئامېرىكا دوللىرلىق پۇلنى نەچچە يۈز مىليونلىغان ئادەم ئىشلىتە- لەيدۇ ، بۇنىڭ ئۇسۇلى ، بۇ پۇلنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەت .

32 . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز بايلىقنىڭ بەلگىسى (بىز ئۇنى «پۇل» دەپ ئاتايمىز ) نى يۈرۈشتۈرۈپ تۇرالىساقلا ، ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ھەممىگە ئىگە بولالايدۇ ؛ ھەرقان-

داق ئېھتىياجنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت بىرسىمدارلىق قىلغان چېغىمىزدىلا، ئەندىشە ۋە ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمىز، ئەنە شۇ چاغدا يوقسۇللۇق تۇيغۇسى ئاندىن پەيدا بولىدۇ.

33. شۇنىڭ ئۇچۇن ناھايىتى ئېنىقكى، بايلىقتىن بىرەر نەپكە ئېرىشمەكچى بولساق، بىردىنبىر ئۇسۇل ئۇنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت، ئۇنى ئىشلىتىش ئۇچۇن، ئۇنى چېچىش زۆرۈر، مۇشۇنداق قىلغاندا باشقىلار ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنەلەيدۇ، ئاندىن، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بىر - بىرىمىز بىلەن ھەمكارلىشىمىز، شۇندىلا بايلىق قانۇنى ھەممەيلەنگە ئەمەلىيلىشىدۇ.

34. بىز يەنە بايقايمىزكى، بايلىق ھەرگىزمۇ نۇرغۇن ئادەملەر ئويلىغىنىدەك ئۇنداق ماددىي، ئەمەلىي بولمايدۇ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، بايلىقنى ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۇنى ئايلاندۇرۇش (ئوبوروت قىلىش) تىن ئىبارەت؛ ئەگەر دە ھەرقانداق ماسلاشما ھەرىكەتنىڭ بۇ سودا ۋاستىسىنىڭ ئايلىنىشىنى توساپ قويۇش خەۋپى بولسا، ئۇ چاغدا توختاپ قېلىش ھەمدە كەسىپنىڭ ھالەك بولۇشى كېلىپ چىقىدۇ.

35. بايلىقنىڭ بۇ خىل چۈشەنگىلى بولمايدىغان خۇسۇسىيىتى ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا ئىدىيە كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى باشقىلار بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئېرىشەلمىگەن ئۇمىد كۈتەلمىگەن بايلىققا بىر - ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئېرىشتۈرىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئەقىلنىڭ ئىجادىي كۈچىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

36. خالىبن ۋىلمانس[1] «نامراتلىقنى بويسۇندۇرۇش» ناملىق كىتابىدا بۇ قائىدىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشنى قىزىقارلىق ھالدا مۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەن:

---

① خالىبن ۋىلمانس (1787 - 1862) ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شىتاتىدا ياشىغان بىر ئېتىقاد ئارقىلىق داۋالىغۇچى بولۇپ، ئۇ «روھ ئىلمى» توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنى، جۈملىدىن «روھ ئىلمى دەرسلىكى» ۋە «قايتا ھاسىل بولۇش: روھىي جەھەتتىن داۋالاش توغرىسىدىكى بىر پارچە ئەمەلىي ئىلمىي ماقالە» نى يازغان.

37 . كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك دىگۈدەك پۇلغا ئىنتىلىدۇ . بۇ-
خىل ئىنتىلىش ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك تەبىئىتىدىن كىلىدۇ ،
ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشى سودا ساھەسىنىڭ رىقابەت دائىرىسى بىلەن
چەكلىنىدۇ . ئۇ بىر خىل نوقۇل ھالدىكى سىرتقى ھەرىكەتتىن
ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلى ئىچكى ھاياتلىقتا بولغان
بىلىشتىن كىلىپ چىققان ئەمەس ، ھالبۇكى ئىچكى ھاياتلىقنىڭ
تېخىمۇ گۈزەل ، تېخىمۇ ھەققانىي ، تېخىمۇ مەنىۋىلەشكەن ئارزۇ-
سى بولىدۇ . ئۇ پەقەت ھايۋانىيلىقنىڭ ئادەم ساھەسىدىكى داۋاملى-
شىشىدۇر ، ھەرقانداق كۈچ ئۇنى ئىنسانلار بۈگۈنكى كۈندە يېقىن-
لىشىۋاتقان مۇقەددەسلىك قاتلىمىغا كۆتۈرەلمەيدۇ .

38 . چۈنكى ، بۇ قاتلامدىكى بارلىق يۈكسىلىشلەرنىڭ ھەممە-
سى روھىي جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر . بۇخىل
يۈكسىلىشنىڭ قىلىۋاتقىنى ، دەل خىرىستوس ئېيتقان ، باي بولۇ-
شىمىز ئۈچۈن قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن ئىبارەت .
ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئىزدەيدىغىنى قەلب جەننىتىدىن ئىبارەت ، ئۇ
پەقەت مۇشۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ جەننەت بايقالغاندىن
كىيىن ، بۇ نەرسىلەر (سىرتقى بايلىق) نىڭ ھەممىسى كەينى -
كەينىدىن كىلىدۇ .

39 . بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە نىمىنى جەننەت دەپ ئاتىغىلى
بولىدۇ؟ مەن بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەن چېغىمدا ، ئون كىتابخان-
نىڭ ئارىسىدىن ماڭا ئىشىنىدىغان بىرسىمۇ چىقايدۇ — كۆپ
ساندىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى بايلىقىنى پۈتۈنلەي بىلمەي-
دۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، مەن يەنىلا بۇ سوئالغا جاۋاب بىرىمەن ،
سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بىرىمەن .

40 . قەلبىمىزدىكى جەننەت ، ئىنسانلارنىڭ چوڭ مىڭىسىدى-
كى يوشۇرۇن ئېنېرگىيەدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، بۇخىل يوشۇ-
رۇن ئېنېرگىيەنىڭ ئىنتايىن مول ئىكەنلىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ
ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ . ئاجىز ئادەمنىڭ ئورگانىزمىغىمۇ

خۇدانىڭ كۆچى يوشۇرۇنغان بولىدۇ ، بۇ كۈچلەر ئۇ تاكى ئۇلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنى ئۆگىنىۋالغان ، ئاندىن ئۇلارنى قازماقچى بولغانغا قەدەر يوشۇرۇپ تۇرىدۇ . كىشىلەر ئادەتتە خاتا۔ لىقى ئۇستىدە ئويلىنىشنى ياقتۇرمايدۇ ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن باي بولالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى . ئۇلار ئۆزىگە ھەمدە ئۆ۔ زىنىڭ كۈچىگە بولغان قاراشلىرىدا ، نامراتلىقتا ، ئۆزى ئۇچراشقان ھەربىر شەيئىگە چىرمىلىپ قالىدۇ . ئۇلار ئۆز ئېتىقادىنىڭ تامغى۔ سىنى باسىدۇ .

41 . مەدىكارچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەم بولغان يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆزىنىڭ قەلبىنى تەپسىلىي نەزەر سالسا ، ئۆزى ئىگە بولغان ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان ھېلە۔ قى ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش كۈچ ، ئوخشاش چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلى۔ كىنى ھېس قىلالايدۇ ؛ ئەگەر ئۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىدىغان ھەم ئۇنىڭغا تېگىشلىك مەنە ئاتا قىلىدىغان بولسا ، پەقەت شۇنداق قىل۔ سىلا ، ئۆزىدىكى كىشەن ۋە كويزىدىن قۇتۇلۇپ ، تېخىمۇ ياخشى كەچمىشنى كۈتۈۋالىدۇ .

42 . ئۆزىنى تونۇش ئارقىلىق ، ئۇ شۇنى بىلىۋېلىشى لازىم۔ كى ، ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنى بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە تەڭ ياكى تەڭ بولالايدۇ ؛ لېكىن مۇشۇنداق تونۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ . ئۇ يەنە قانۇنىيەتنى بىلىشى ھەم ئۇنىڭ بەلگىلىمىسىگە بويسۇنۇشى كېرەك . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا چىقارماقچى بولسا ، يەنە تېخىمۇ يۇقىرى بىلىشكە ئىگە بولۇشى لازىم . ئۇ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىشى ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنىشى زۆرۈر ؛ چۈنكى ، دەل بۇ ھەقىقەتتە سادىقلىق بىلەن ھەم ئىشەنگەن ھالدا چىڭ تۇرغاندىلا ، ئۇنىڭ ھاياتى ئاندىن جىسمىدىن يۇكسىلە۔ لەيدۇ . ياللانغۇچى خادىم ئەگەر نوقۇل ھالدىكى ماشىنا بولمىسىلا ، ھەرقانداق جايدىكى خوجايىنلار مۇشۇنداق خادىمغا ئېرىشكىنى ئۈ۔ چۈن ئالەمچە خۇشال بولىدۇ — ئۇلار كاللىسى بار ئادەمنىڭ

ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا قاتنىششىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەم ھەق بېرىشنى خالايدۇ . ئەرزان باھالىق ئۈمىد ھەممىشە ئەڭ قىممەت بولىدۇ ، ماھىيەت مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ پايدىسى ئەڭ ئاز بولىدۇ . خىزمەتچى خادىمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ داۋاملىق كۆچىيىشى ياكى تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، تەپەككۇرىنىڭ قىممىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ ؛ خىزمەتچى خادىمنىڭ قابىلىيىتى تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان بولغان چاغدا ، تېخى تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە يەتمىگەن ئادەم ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ .

43 . بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن كۈچىنى پەيدىنپەي تونۇشى ئۇنىڭ قەلبىدىكى جەننەتتىن ئىبارەت بولىدۇ ، ئۇ تاشقى دۇنيادا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىتتا بەرپا بولىدۇ .

بىر كورپۇس مەنىۋى ھوجرىنىڭ لايىھەسى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ھوجرىنىڭ روھىدىن كېلىدۇ ، بۇ خىل روھ ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاشقى مۇھىتتا ئىپادىلىنىدۇ .

بىر مەنىۋى ئوردا ئۆزى بىلەن باغلىنىشلىق نەتىجىدىكى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئوردىنىڭ روھىنى تارقىتىدۇ . ئوخشاشلا ، كېسەللىك ۋە يامانلىق ، ساغلاملىق ۋە ياخشىلىقنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ .

# 6 ـ ساۋاق : ئىجاد قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇش

بىز ئىگە بولۇپ تۇرغان تاشقى دۇنيادىكى بەزى ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىدىيە ۋە پەزىلەت ئەڭ ھەقىقىي نەرسىدۇر . بۇ ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولمايدىغان قانۇنىيەتتۇر . قەدىمدىن بۇيان ، دەل مۇشۇ قانۇنىيەت كىشىلەرنى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئىشىنىشكە يېتەكلەپ كەلدى .

— ۋىلىيامىس

1 . جىمىكلار ئەگەر قىممىتى بار قانداق مەھسۇلات ئىشلەپ- چىقارمىسا ، نەق پۇلغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان ھېچقانداق مەھ- سۇلات ئىشلەپچىقارمىسا ، بىز ئۇلارغا زادىلا قىزىقمايمىز . بەختكە يارىشا بىز بۇ يەردە دەۋاتقان خىمىكلار ئىشلەپچىقىرىدىغان تاۋارلار ئىنسانلارغا مەلۇم بولغان بارلىق تاۋارلارنىڭ ئارىسىدىكى نەق پۇل قىممىتى ئەڭ يۇقىرى تاۋارلاردۇر .

2 . ئۇ پۈتۈن دۇنيا ئېرىشمەكچى بولغان بىر خىل نەرسىنى ، ھەرقانداق يەردە ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان بىر خىل نەرسىنى ، يەنى بازاردا تۇرۇپ قالمايدىغان ، دەل ئەكسىد- چە ، ئۇنىڭ قىممىتى ھەربىر بازاردا ئېتىراپ قىلىنغان نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ .

3 . بۇ مەھسۇلات ئىدىيە ، پۈتۈن دۇنياغا قوماندانلىق قىلىدى- غان ئىدىيە ، ھازىرقى ھەربىر ھۆكۈمەت ، ھەربىر بانكا ، ھەربىر كەسىپ ، ھەربىر ئادەم شۇنىڭدەك ھەربىر خىل نەرسىگە قوماندان- لىق قىلىدىغان ئىدىيەدىن ئىبارەت . ئۇ پەقەت ئىدىيە بولغانلىقى

ئۇچۇن، ھەممە نەرسە ئوخشاش بولمايدۇ.
4 . ھەربىر ئادەمنىڭ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرقىدەك قىياپەتتە پەيدا بولغان ئادەم بىلەن ئادەم، مىللەت بىلەن مىللەت شۇ سەۋەبتىن بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇكى، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ.
5 . ئۇنداقتا، ئىدىيە دېگەن يەنە نېمىدۇ؟ ئىدىيە پىكىر يۈر- گۈزىدىغان ھەربىر شەخس ئىگە بولغان خىمىيە تەجرىبىخانىسىنىڭ مەھسۇلاتى؛ ئۇ ئېچىلغان گۈل، بىرىكمە ئەقىل، بارلىق «ھەممە- دىن ئەۋزەل تۇرىدىغان تەپەككۇر جەريانى» لىرىنىڭ نەتىجىسى؛ ئۇ بۇلۇت مېۋە، شەخس تەقدىم قىلغان بارلىق مېۋىلەرنىڭ ئارىسى- دىكى ئەڭ ياخشى مېۋىدۇر.
6 . ئىدىيە توغرىسىدا، ھەرقانداق ماددىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ۋەھالەنكى ھېچكىممۇ دۇنيادىكى بارلىق ئالتۇن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ بەك- رەك قىممەتكە ئىگە. ئۇ ماددىي نەرسە بولمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ جەزمەن مەنىۋى بولىدۇ.
7 . دېمەك بۇ ئىدىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن كىشىنى ھەيران قالدۇ- رىدىغان قىممىتى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىدىيە مەنىۋى پائالىيەتتىن ئىبارەت؛ ئەمەلىيەتتە، ئۇ روھ ئىگە بولغان بىردىنبىر پائالىيەتتىن ئىبارەت. روھ ئالەمنىڭ ئىجادچانلىق قانۇ- نى، چۈنكى، قىسمەنلىك بىلەن پۈتۈنلۈك تۇر ۋە سۈپەت جەھەتتە مۇقەررەر ھالدا بىردەك بولىدۇ، پەرقى پەقەت دەرىجە جەھەتتىن بولىدۇ، شۇڭا، ئىدىيەمۇ جەزمەن ئىجادچانلىققا ئىگە بولىدۇ.
8 . قەدىمكىلەر: ھەربىر ھەيكەلتىراشلىق بۇيۇمى بىر خىل كۆز قاراش ياكى ھېسسىياتنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، ھەممىسى روھىي ھالەت بىلەن بەدەن ئىپادىسىدە مۇكەممەل بىردەكلىك مەۋ-

جۇت دېگەن پىرىنسىپقا ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان، دەپ قارىغان.

9. بۈگۈنكى كۈندە بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىمىزكى، روھىي ھالەت بىلەن ئادەمنىڭ بەدەن ھالىتى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە بىر-دەكلىك مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىمۇ ئىنچىل تۇردە مۇشۇن-داق بايان قىلىنىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا بىز بۈگۈنكى كۈندە يەنە ھەربىر خىل ئەھۋالنىڭ نەتىجىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ھالبۇ-كى بۇ نەتىجە مەلۇم بىر ئۇقۇم سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىمىز.

10. ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى بۈگۈنكى كۈندە دىققەت-ئېتىبارىنى ئىدىيەمۇ ھەرخىل شەكىلدىكى بايلىقلارنى يارىتىدىغان ۋە تەقسىم قىلىدىغان سەۋەب ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر پاكىتقا مەركەزلەشتۈرمەكتە، ئىقتىساد شۇناسلىقمۇ مۇشۇ سەۋەب-تىن بايلىق ۋە ئۇنىڭ ماددىي قاتلامدىكى ئىپادىلىنىش قانۇنىيىتىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پەن دەپ قارالماقتا.

تۇرمۇشىمىزدا، ئەڭ ياخشى ئەقىل كۈچى قانۇنىنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك، شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز لازىمكى، ئاقىلانە يېتەكلەشكە ئېرىشكەن ئىجادىي كۈچ ئۆزلۈكىدىن ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ئوبيېكتىپ قاتلامدا كونكرېتلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سە-ۋەب- نەتىجە قانۇنى مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت تەرىپىدىن تىزگىنلىنى-دۇ. ئۇ دۇنيادا تەڭداشسىزدۇر، ئەقىل (پەقەت ئەقىللا) تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشتا پايدىلىنىدىغان بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاشۇ ئەقىل ھەربىر كورپۇس ئۆينى بىنا قىلىدۇ، ھەربىر كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ، ھەربىر پارچە رەسىمنى سىزىپ چىقىدۇ. جاپا چېكىدىغىنى ۋە راھەت كۆرىدىغىنىمۇ يەنە شۇ ئەقىلدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەقىلنىڭ رولى توغرىسىدىكى بىلىم ئىنسانلارغا ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

12. كىشىلەر تەپەككۇر قىلىشنى باشلىماقتا، بۇ بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق. ئىلگىرى، كىشىلەر نارازى بولغان ياكى كۆڭلى

غەش بولغان چاغلىرىدا يېقىن ئەتراپىتىكى قاۋاقخانىلارغا يىغىلىپ، ئانچە - مۇنچە هاراق ئىچىپ، ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقلىرىنى ۋە كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ناهايىتى تېز لا ئۇنتۇپ كېتەتتى. هازىرقى شارائىتتا، ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى، كىشىلەر ۋاقتىنى ئوقۇش، تەتقىق قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا سەرپ قىلىدىغان بولدى، ئۇلار قانچىكى كۆپ تەپەككۇر قىلسا، رازى بولىدىغان نەرسىلىرى شۇنچە ئاز بولۇۋاتىدۇ.

13. ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز زۆرۈركى، تورمۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ سودىغا بايلىقىمىزنى سەرپ قىلىپ جىسمانىي، روھىي ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەملەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا يېتىشتۈرۈپ چىقماي تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۇسۇل بىلەن باشقۇرماسلىقىمىز كېرەك.

14. ئېھتىمال، بۈگۈنكى كۈندە بىز بىر ئادەمدىن سورىيالايدىغان ئەڭ كەسكىن سوئال: «سىز تەپەككۇر قىلىشنى بىلەمسىز؟» دېگەندىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە تۆهپىسى بار - يوقلۇقى، پايدىلىق ئىنكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش ئۇنىڭ ئەقلىدىن پايدىلىنىش قابىلىيىتىگە مەركەزلىشىدۇ. ئېمېرسون تارقاتقان خەتەر سىگناللىرى ئارىسىدا، كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغىنى ئۇنىڭ: «ئۇلۇغ خۇدا بىر مۇتەپەككۇرنى بۇ پىلانېتىغا قويۇپ بەرگەن چېغىدا، قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن نىداسىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، غۇرۇرى بار ھەربىر ئادەم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بىلىم ئىگىلىشى، ئەقلىنى قوزغىشى لازىم. ھەقىقەت ھەمىشە ئادەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ، ھەقىقەت يەنە ھەمىشە تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر ئادەملەر ئۈچۈنلا ئەسقاتىدۇ.

15. تەپەككۇر قىلىش ئىجاد قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت، لېكىن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇش ئاچقۇچتۇر. تەبىئەت ئېلېكترون، ئاتوم، مولېكۇلا، ھۈجەيرە دېگەنلەرنى بىرلەشتۈرگەن،

بۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئالەمدىن ئىبارەت . ئىنسانلارنىڭ تىرىش-
چانلىقلىرى ئارىسىدىكى بارلىق ئىلگىرىلەش ، تەرەققىيات ۋە مۇ-
ۋەپپەقىيەتلەر تەبىئەتتىن ئۆگەنگەن تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئەمەل
قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر ، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ياۋايى ھا-
لەتتىن قەدەممۇ قەدەم ھالدا بۈگۈنكى كۈندىكى خوجايىنلىق ئورنىغا
كۆتۈرۈلۈشتە تايانغىنى ئىدىيە ، شەيئى ۋە كۈچنى بىرلەشتۈرۈش
ھەم باغلىنىشقا ئىگە قىلغانلىقتىن ئىبارەت .
16 . ئىنسانلار ئىلىم - پەن ۋە كەشپىيات ساھەسىدە ، سەن-
ئەت ، ئەدەبىيات ۋە سودا ساھەسىدە ، ئىنسانلار پائالىيەتلىرىنىڭ
ھەممە جەھەتلىرىدە ، كىشىلەرگە دائىم ئۇچرايدىغان ، ئادەتتىكى ،
مەلۇم بولغان شەيئىلەرنى بىرىكتۈرۈپ ، ئاز ئۇچرايدىغان ، ئالاھىد-
دە ، نامەلۇم شەيئىلەرنى كۆرستىپ بەردى ھەم بايقىدى . گەرچە
ئىنسانلارنىڭ يېڭى بىرلەشتۈرۈش ئۇستىدە ئىزدەنگەن چاغدا قول-
لانغان ئۇسۇللىرى ئاڭسىز ، سىستېمىسىز ھالدا قوللىنىلغان بول-
سىمۇ ، ئىنسانلار تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . تاسادىپىيلىق ۋە
پۇرسەتنى ساقىت قىلىش ئۈچۈن ، ئىلمىي ئۇسۇلدىن مەقسەتلىك ،
سىستېمىلىق ، ئۇزۇل - كېسىل ، ئەستايىدىل ، سەمىمىي ، داۋام-
لىق ھالدا پايدىلىنىش ، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت-
لەرگە ئېرىشىش ، تېخىمۇ ئاجايىپ بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ،
تېخىمۇ كۆپ ، كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان كەشپىياتلار-
نى يارىتىش لازىم .
17 . ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئەڭ نەپىس ، ئەڭ ھاياتىي
كۈچكە ئىگە ۋاستىچىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بارلىق شەيئىلەرنى
تىزگىنلەش كۈچىگە ئىگە . بىز ھەر قانداق بىر پىكىر يولىنى
بويلاپ تەپەككۇر قىلغان ياكى دىققەت - ئېتىبارىمىزنى مەركەزلەش-
تۈرگەن چېغىمىزدا ، يەنە بىر قاتار سەۋەبلەرنى قوزغاتقان بول-
مىز ، ئەگەر تەپەككۇرىمىز يېتەرلىك دەرىجىدە مەركەزلەشسە ھەم

داۋاملىق ھالدا كاللىمىزدا ساقلىنىپ تۇرسا ، ئۇ ھالدا نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟

18 . يۈز بېرىدىغىنى پەقەت بىرلا ئىشتىن ئىبارەت بولىدۇ . مەيلى بىز قانداق خىياللارنى سۆرەيلى ، قانداق تەسەۋۋۇرلارنى قىلايلى ، ئۇ ھالەت ئومۇمىي قانۇنىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ ، بەدەن ھۆجەيرىلىرىمىز ۋە سىرتقى مۇھىت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ، بۇ ھۆجەيرىلەر ئۇلارنىڭ ساداسىنى غايەت زور كۈرۈنمەس ئېنېرگىيەگە يوللاپ ، شۇ ھالەت ئۈيغۇن كېلىدىغان ماددىي مەۋجۇدىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئەھۋال ، كۆرۈنمەس ئېنېرگىيەنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىن ئىبارەت بۇ ۋاستىچىسى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ ۋە بەلگىلىنىدۇ .

19 . ئىدىيە ئىختىيارسىز ھالدا بەدەن ياكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ . «نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتى»گە بېسىلغان بىر پارچە ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن :

20 . چوڭ مېڭىنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قىسمىنىڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئىقتىدارلىرى بولىدۇ ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى ئىقتىدارلار ، گەرچە سەۋەبىنى دەپ بېرەلمىسىمۇ ، خېلى بۇرۇنلا كىشىلەر تەرىپىدىن بىلىۋېلىنغان ؛ يەنە بەزىلىرى پسىخولوگلار تەتقىقاتىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئارقا - ئارقىدىن ، ھەركۈنى دېگۈدەك بايقالماقتا . بىزگە تونۇشلۇق نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى ، مەقسەتلىك ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قىلمىساقمۇ ھەقىقىي تۇردە ئورۇندىلىدۇ . ماھارەتكە پىشقان ماشىنىست كۇنۇپكىنى زادىلا ئىزدەپ يۈرمەيدۇ ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ، ئۇ كۇنۇپكىلار خۇددى ئۆزىنىڭ قول بارماقلىرىغا ئوخشاش بىلىنىدۇ ؛ پىئانىنو چالغۇچىغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق . بىر موتسىكلىت ھەيدىگۈ-

چى ئەگەر جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەن چاغدا ئاندىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاشنى كۆتۈپ تۇرىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ موتوسىكىلىتىغا مىنگىشىۋالغان ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇنداق موتوسىكلىت ھەيدىگۈچى خەتەرلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ ؛ بىخەتەر بولۇش ئۈچۈن ، ئۇ «ئۆزلۈكىدىن» توغرا ئىشنى قىلىشى زۆرۈر ، كىشىلەر ھەمىشە مۇشۇنداق دېيىشىدۇ ، لېكىن بۇگۈنكى كۈندە ، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى قوبۇل قىلغان مەشىققە مەنسۇپ قىلىندى .

21 . يوشۇرۇن ئاڭ زادىلا ئۇخلىمايدىغانلىقى ، زادىلا ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ قوبۇل قىلغان تەلىم ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . ئەمما ، بۇنداق تەلىمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىۋاسىتە ، مەقسەتلىك بولماستىن ، ۋاسىتىلىك ، مەقسەتسىز (ياكى ھېچبولمىغاندا تونۇپ يەتمىگەن ھالدا ) بولىدىغانلىقىنى سۆزلەش ھاجەتسىز .

22 . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ھەرقانداق ئادەم بىر پارچە تىزىملىك تۈزۈپ ، ئۆزى پۈتۈنلەي خاتىرجەم ھالدا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ كۈچىگە ھاۋالە قىلالايدىغان كۈندىلىك خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدۇ . بۇ تىزىملىك يۇرەك سوقۇشى ۋە نەپەسلىنىشتىن باشلىنىپ ، تاكى بىر دوستىمىزنى ئۇچراتقاندا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىمىز كېرەكلىكى ياكى كېرەك ئەمەسلىكىنى قارار قىلىشقىچە ، شۇنىڭدەك قولىمىزنى قايسى يانچۇقىمىزغا سالساق ئاندىن بىر قەلەمتىراش ياكى بىر تال قېرىنداشنى ئالالايدىغانلىقىمىزنى قارار قىلىشقىچە داۋاملىشىدۇ .

23 . سۇ ئۈزۈشنى بىلىش بىلەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەسلىك

ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ، ئاشكارا ئاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا سىز ھې-
سابلىنىدۇ ، چۈنكى ھەرقانداق بىر سۇ ئۇزگۈچى ئۆزىنىڭ شۇ
ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىشتىن ئىلگىرى قىلغىنى بىلەن سۇ ئۈزۈشنى
ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن قىلغىنىنىڭ قانداق پەرقى بارلىقىنى ئېي-
تىپ بېرەلمەيدۇ . لېكىن يوشۇرۇن ئاڭ بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى پەرقنى بىلىدۇ ھەم تېخى يېقىندىلا مۇمكىن بولمىغان
ئىشنى ناھايىتى ئاسان بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ .

# 7 ـ ساۋاق: تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم

تەپەككۇر قىلىش ئادەمنى بىلىمگە باشلاپ بارىدۇ. سىز كۆرسىڭىز ۋە ئاڭلىسىڭىز، ئوقۇسىڭىز ۋە ئۆگەنسىڭىز بولىدۇ، ياقتۇرسىڭىزلا، قانچىلىك بىلىشكە قىزىقسىڭىز شۇنچىلىك بىلەلەيسىز. ئۆز كاللىڭىزدىن پايدىلىنىپ تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ، ھەرقانداق نەرسىنى ھەرگىز چۈشىنەلمەيسىز. ئۇنداق بولسا، ئەگەر مەن، ئادەم پەقەت تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىقلا ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئادەمگە ئايلىنالايدۇ دېسەم، بۇ گەپ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولامدۇ ـ قانداق؟ ئىدىيە ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئېلىپ كېتىلسە، ئۇنىڭدا يەنە نېمە قېپقالىدۇ؟

— پېستراچ

1 . تەبىئەت ئىزچىل تۈردە تەڭپۇڭلۇق يارىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە، بۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن، بىز ئۈزۈلمەس تەسىر ۋە ئەكس تەسىرنى بايقىدۇق.

2 . ماددىنىڭ قويۇلدۇرۇلۇشى ھەرىكەتنىڭ خورىشىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئەكسىچە، ھەرىكەتنىڭ مەركەزلىشىشى ماددىنىڭ كېڭىيىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3 . بۇ ھەربىر مەۋجۇدىيەت باشتىن كەچۈرىدىغان پۈتكۈل ئۆزگىرىشنىڭ دەۋر قىلىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھەم ھەربىر مەۋجۇدىيەتنىڭ پۈتكۈل دەۋر قىلىشىغا باب كېلىدۇ، ھەم ئۇنىڭ تارىخىنىڭ ھەربىر تەپسىلاتىغىمۇ باب كېلىدۇ. بۇ ئىككى جەريان ھەربىر ئەمەلىي مىسالدا ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدۇ؛ بىراق ھەمىشە ئوخشاش بولمىغان نەتىجە كېلىپ

چىقىدۇ، يا بۇنىڭغا پايدىلىق، يا ئۇنىڭغا پايدىلىق بولىدۇ. ھەربىر قېتىملىق ئۆزگىرىشتە قىسمەن ئورۇن ئالماشتۇرۇش بولغان تەقدىردىمۇ، مەلۇم بىر ئامىلنىڭ كۈچىيىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

4. تارتىش كۈچى قانۇنى ئاخىرى تەڭپۇڭلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خوراش ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەت مىقدارى بىلەن توپلىنىش ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەت مىقدارى ئوخشاش چوڭلۇقتا بولىدۇ، ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، جەزمەن ئوخشاش بىر ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولۇپ، بىردەم مول شەكىلدە ئىپادىلەنسە، بىردەم مولېكۇلا شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نەتىجىدىن، تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان قىسمەن ئۆزگىرىش ۋە پارچىلىنىش كۆز قارىشىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئادەتتىكى ئۆزگىرىش بىلەن پارچىلىنىش ئېنىقسىز ھالدا گىرەلىشىپ سۇنغانلىقى كۆز قارىشىغىمۇ ئىگە بولىمىز.

5. 1600 ـ يىلى گىئوردانو برۇنو[1]تۆۋەندىكى ئىدىيەنى ئىپادىلىگەنلىكتىن، رىمدا تىرىك كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن:

ئۆرۈق ئەڭ دەسلەپىدە مايسىغا، باشاقتا، ئاندىن بولكىغا، ئوزۇقلۇق سۇيۇقلۇقىغا، قانغا، ھايۋانغا، سپېرمىغا، تۆرەلمىگە، جەسەتكە، ئاندىن يەنە تاش، تۇپراقتا ياكى باشقا مىنېراللارغا ئۆزگىرىدۇ، ۋاھاكازا. مۇشۇنىڭدىن بىز بىر خىل نەرسىنىڭ مانا مۇشۇنداق بارلىق نەرسىلەرگە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، لېكىن ماھىيەت جەھەتتە ئۇلارنىڭ يەنىلا بىر خىل نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

6. ئۇششاق زەررىلەرنىڭ بۇ خىل باش ـ ئاخىرى يوق،

---

① گىئوردانو برونو (1548 ـ 1600)، ئىتالىيىلىك پەيلاسوپ، ئاسترونوم ۋە مىستىزمچى. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەقىدىلىرىگە زىت بولغانلىقتىن بىدئەتچى دەپ قارىلىپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. سوت قىلىش مەزگىلىدە، ئۇ زاسىداتېللارغا: «سودىيە جانابلار، سىلەر مۇشۇ ھۆكۈمنى چىقىرىۋاتقان چېغىڭلاردا، ئېھتىمال مەن ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغاندىكىدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كېتىۋاتقانسىلەر.» دېگەن.

داۋاملىق ھالدا يىمىرىلىشى ۋە يۆتكىلىشى (ئۇنىڭ ئۆزىدە ئۆزگە-
رىش بولمايدۇ ) «ئوزۇقلۇق زەنجىرى» دەپ ئاتىلىدۇ . بىز مۇشۇ
ئۆزگىرىش ۋە دەۋر قىلىشلارنى تىلغا ئالساقلا كۇپايە ، ئالەمدىكى
ماددىلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئۆزگىرىش ۋە دەۋر قىلىشلارنى باش-
تىن كەچۈرگەن ، ئىنسانلارمۇ بۇ ئۆزگىرىش ۋە دەۋر قىلىشلارغا
قىسمەن ھالدا قاتنىشىۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى ، چېكى بولماي-
دۇ .

7 . پارچىلىنىش ۋە ھاسىل بولۇش ، ھالاك بولۇش ۋە يېڭىلى-
نىشتىن ئىبارەت توختاۋسىز دەۋر قىلىشنىڭ ھەرقانداق يېرىدە
ھالقىلار بىر - بىرىگە چېتىلغان بولىدۇ . بىز يەيدىغان بولكا
تەركىبىدە ، بىز نەپەسلىنىدىغان ھاۋا تەركىبىدە ، ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ بەدىنىنى تەشكىل قىلغان ماددىلار بولىدۇ . مۇشۇنداق بولۇپلا
قالماستىن ، بىز ئۆزىمىزمۇ ھەركۇنى بەدىنىمىزنى تەشكىل قىلغان
بىر قىسىم ماددىلارنى تاشقى دۇنياغا چىقىرىپ تۇرىمىز ، ئۇزۇن
ئۆتمەي ، بىز يەنە بۇ ماددىلارنى قوبۇل قىلىمىز ، ئۇلارنى قۇلۇم-
قوشنىلىرىمىزمو ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ .

8 . ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئىستىپلاچىلار ھەققىدە گەپ بولغاندا ،
بىز ئېنىق ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى ، ئۇلار ئۆز دۇشمەنلىرىنى
كۇندىلىك يېمەكلىك ئورنىدا پۇتۇنلەي يەۋېتىش ئارقىلىق ئۆز غە-
لىبىسىدىن نەپكە ئېرىشىدۇ ، چۈنكى ئۇرۇش مەيدانىدىكى جەسەت-
لەرنىڭ سۆڭەكلىرى ھەممىشە ئاپتوموبىللار بىلەن توشۇپ ئاپىرى-
لىپ ، ئوغۇتقا ئايلاندۇرۇلىدۇ .

9 . يەرشارىدىكى بارلىق ئېنېرگىيەلەر ، مەيلى ئورگانىك بول-
سۇن ، مەيلى ئانورگانىك بولسۇن ، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك
ھالدا قۇياشتىن كېلىدۇ . شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇ ، دائىم چىقىپ
تۇرىدىغان مەيىن شامال ، گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماما ، لەيلەپ يۈر-
گەن ئاق بۇلۇت ، شۇنىڭدەك پارلاپ تۇرىدىغان نۇر ، يامغۇر ، قار ،
شەبنەم ، قىرو ياكى مۆلدۈر ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ھەمدە

هايۋانلار ۋە ئىنسانلار بەدىنىنىڭ ئىسسىقى ۋە ھەرىكىتى ، ياغاچ ، كۆمۈر ۋە باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ كۆيۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇياش ئېنېرگىيەسىنىڭ نەتىجىسىدۇر .

10 . كۆيۈش جەريانى ئارقىلىق ياغاچ ياكى كۆمۈردە ساقلىنىپ تۇرغان ، ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەن قۇياش نۇرى يەنەبىر قېتىم قويۇپ بېرىلىدۇ . پاراۋۇزنى ئالغا ئىلگىرلىتىدىغان كۈچمۇ قۇياش نۇرىنىڭ ئايلانغان كۈچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

11 . 1857 - يىلى لوندوندىكى مۇررى ئەپەندى ئەنگلىيەلىك داڭلىق ئىنژېنېر گېئورگې سېتفانسوننىڭ تەرجىمىھالىنى نەشىر قىلدۇرغان ، كىتابتا يورۇقلۇق بىلەن ئىسسىقلىقنىڭ ئايلىنىش دەۋرى توغرىسىدىكى بىر ئابزاس قىزىقارلىق ھالدا مۇنداق بايان قىلىنغان :

يەكشەنبە كۈنى بىرتوپ ئادەملەر چېركاۋدىن قايتىپ كېلىپ ، بالكوندا تۇرۇپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ تۇرغان چاغدا ، بىر پويىز تېز ئۆتۈپ كەتتى ، پويىزنىڭ ئارقىسىدىن ئاپپاق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى .

— ھازىر ، — دېدى سېتفانسون داڭلىق گېئولوگ بۇكلاندقا ، — سىز ماڭا قايسى كۈچنىڭ ئۇ پويىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز ؟

- بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز ؟ — دېدى قارشى تەرەپ جاۋابەن .

— مېنىڭچە سىزنىڭ بۇ چوڭ پاراۋۇزىڭىز بولسا كېرەك .

— لېكىن پاراۋۇزنى ھەرىكەتلەندۇرگىنى نېمە ؟

— ھە ، ئېھتىمال سىزنىڭ نيۇكاسېللىق قاۋۇل پويىز شوپۇرىڭىز بولۇشى مۇمكىن .

— سىز قۇياش نۇرىغا قانداق قارايسىز ؟

- دېمەكچى بولغىنىڭىز ... ؟

— پاراۋۇزنى ھەرىكەتلەندۇرۇۋاتقان باشقا نەرسە ئەمەس ، -

دېدى بۇ ئۇلۇغ ئېنژېنېر، — ئۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان يەرشارىغا يىغىلىپ قالغان قۇياش نۇرى — ئۆسۈملۈكلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىۋېلىنغان قۇياش نۇرىدىن ئىبارەت، بۇ ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈش مەزگىلىدە كاربوننى ئۇيۇتىدۇ، يەرشارىنىڭ كۆمۈر قاتلىمىدا نەچچە مىڭ يىللاپ كۆمۈلۈپ ياتقاندىن كېيىن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارقايتا قويۇپ بېرىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرىگە خىزمەت قىلماقتا، بۇيەردىكىسى پاراۋۇزدىن ئىبارەت.

(12) ئوخشاشلا مۇشۇ قۇياش ئېنېرگىيەسى سۇ هورى شەكلىدە دېڭىز — ئوكيانلاردىن سۇنى قوبۇل قىلىۋالىدۇ. قۇياشنىڭ تەسىرى بولمايدىغان بولسا، سۇ ئۆزىنىڭ مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇقىنى مەڭگۈ ساقلاپ تۇرغان بولاتتى. قۇياشنىڭ نۇرى دېڭىز يۈزىگە چۈشۈپ، سۇنى سۇ هورىغا ئايلاندۇرىدۇ، بۇ سۇ هورلىرى تۇمان شەكلىدە ئاتموسفېرا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. شامال ئۇلارنى بۇلۇت شەكلىدە بىر يەرگە يىغىدۇ هەم ئۇلارنى باشلاپ قۇرۇقلۇقلاردىن هالقىپ ئۆتىدۇ. ئۇيەردە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، ئۇلار قايتا يامغۇر ياكى قارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

(13) سىز قار ئۇچقۇنىنىڭ سىرلىق هەم چىرايلىق شەكلىنى كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ، ئۇلارسوغۇق قىش كۈنلىرى يەر يۈزىگە چۈشىدۇ. ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىزنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرىسىزكى، گەرچە مۇھىتتا ئىنتايىن كىچىك دەرىجىدە پەرق بولغان بولسىمۇ قارئۇچقۇنىنىڭ مەلۇم بىر كۈندىكى شەكلى ئالدىنقى بىر كۈندىكى ياكى كېيىنكى بىر كۈندىكى شەكلىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

(14) ئەمما، بۇخىل كىچىككىنە پەرق ئاشۇ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەرنى هاسىل قىلىدۇ. بۇ خۇددى كارىس سېتېرىنىڭ ئېيتقىنىدەك بولىدىغىنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

بۇ هەش — پەش دېگۈچە يوقىلىدىغان شەكىللەرنىڭ هەربىر خىلى نەم هاۋا، هەرىكەت، بېسىم كۈچى، تېمپېراتۇرا، هاۋانىڭ قويۇق — شالاڭلىقى، ئېلېكتىر بېسىمى هەم هاۋادىكى خىمىيەلىك

تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنىڭ توغرا ئىپادىنىلىنىشىدۇر . كۆپ تەرەپلىك كۆز قاراشقا (توقۇلما بويۇملار ئۈچۈن نەقىش لايىھەلەيدىغان ھەرقانداق بىر ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان ) ئىگە ، بۇ ئەڭ ئاددىي ، ئەڭ ئادەتتىكىچە بىرىكمىلەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان بۇ ئىقتىدارى بىزگە ئۇلار تاشقى دۇنيانىڭ شەكىل ھاسىل قىلىش تەسىرى بىلەن مانا مۇشۇنداق دەل كەلتۈرۈپ ئىش كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

(15 ) قۇياشنىڭ تەسىرى قارنى يېڭىباشتىن سۇغا ئايلاندۇرىدۇ ، بۇ سۇلار يەر مەركىزىنىڭ تارتىش كۈچى ئارقىلىق ، ئېگىز تاغلاردىن ئوخشاش بولمىغان دەريا ئېقىنلارغا ئېقىپ كىرىدۇ ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرىگە قايتىپ بېرىپ ، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ .

(16 ) بۇنداق ئايلىنىشلارنىڭ ھەممىسى دەۋرىيلىك قانۇنىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ . بارلىق شەيئىلەرنىڭ تۇغۇلۇش ، ئۆسۈپ يېتىلىش ، مېۋىلەش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت دەۋرىيلىكى بولىدۇ . بۇ دەۋرىيلىكلەر «يەتتىلەمچى قانۇنىيەت» (septimal law ) نىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ .

(17 ) «يەتتىلەمچى قانۇنىيەت» ھەرھەپتىدىكى يەتتە كۈننى ئىدارە قىلىدۇ ، ئاي فازىسىنى ھەمدە ئاۋاز ، يورۇقلۇق ، ئىسسىقلىق ، ماگنىت مەيدانى ، ئاتومنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئىدارە قىلىدۇ . ئۇ شەخسنىڭ ھاياتى ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىنى تىزگىنلەيدۇ ، يەنە سودا دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل پائالىيەتلەرنى ئىدارە قىلىدۇ .

(18 ) ئىستاتىستىكىشۇناسلارغا مەلۇمكى ، ئىقتىسادنىڭ ھەربىر گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىقتىسادنىڭ كاساتلىشىش دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن سودا دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلىش ئۇلارغا ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس . بىز ئوخشاش قانۇننى ئۆز تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلىساق بولىدۇ ، مۇشۇ-

نىڭ بىلەن قارىماققا چۈشىنىكسىز كۆرۈنىدىغان نۇرغۇن كەچۈر-مىشلىرىمىزنى چۈشىنىۋالىمىز .

(19 ) هاياتلىق ئۆسۈپ يېتىلىشكە باغلىق ، ئۆسۈپ يېتىلىش ئۆزگىرىشكە باغلىق . ھەربىر يەتتە يىللىق دەۋرىيلىك بىزگە نىس-بەتەن ئېيتقاندا بىر يېڭى باسقۇچتىن دېرەك بېرىدۇ . ھاياتنىڭ بىرىنچى يەتتە يىلى گۆدەكلىك دەۋرى ، بۇنىڭ كەينىدىكى ئىككىن-چى يەتتە يىلى ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بولۇپ ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى شەخسنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرى-دۇ . بۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە يىل ياشلىق دەۋرى بولۇپ ، تۆتىنچى يەتتە يىلدا هاياتلىق تولۇق پىشىپ يېتىلگەن ھالەتكە يېتىدۇ . بەشىنچى يەتتە يىل ئىنشائات باسقۇچىدىن ئىبارەت ، بۇ باسقۇچتا كىشىلەر بايلىققا ، مۇۋەپپەقىيەتكە ، ئولتۇراق ئۆيگە ۋە ئائىلىگە ئېرىشىشكە باشلايدۇ . 35 ياشتىن 42 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەتتە يىل ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ھەرىكەت قىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ، بۇ باسقۇچتىن كېيىنكىسى يېڭىباشتىن تەشكىللەش ، تەڭشەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش باسقۇچىدىن ئىبارەت . ئاندىن كېيىن 50 ياشتىن باشلاپ ، هاياتنىڭ كېيىنكى بىر يەتتىلىك دەۋرىيلىكى باشلىنىدۇ .

(20 ) نۇرغۇن كىشىلەر پۈتۈن دۇنيا ئالتىنچى دەۋرىيلىكىگە قەدەم بېسىپ ، يەتتىنچى باسقۇچقا ، تەڭشەش ، قايتا قۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش باسقۇچىغا ، يەنى ئادەتتە ئېيتىلىدىغان «مىڭ يىل» غا كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ .

(21 ) رەقەم بىر بەلگىدىن ئىبارەت . ئۇلار ئېنېرگىيەنىڭ ماسسىسى بىلەن مىقدارىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ،ئۇلارنىڭ بەلگىسى ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ .

(22 ) ھەرقانداق بىر يارىتىلغان نەرسە (ئۇقۇم بولغان تەق-دىردىمۇ ) نىڭ فىزىكىلىق زاھىر بولۇشىنى تاماملاش ئۈچۈن يەتتە دەۋر كېرەك بولىدۇ .

(23) بىلاۋاتىسكى خانىم ② ئۆزىنىڭ «مەخپىي ئەقىدە» ناملىق ئەسىرىدە ۋە باشقا مىستىكلار باشقا بەزى ئەسەرلىرىدە بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، يەرشارىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا، يەتتە چوڭ دەۋرى بولىدۇ، ھەربىر دەۋرىدە بىر «چوڭ ئىرىق» پەيدا بولىدۇ، ھەربىر «چوڭ ئىرىق» يەنە يەتتە تارماق ئىرىققا بۆلۈنىدۇ.

(24) ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە، يەتتىدىن ئىبارەت بۇ «ئالەمنىڭ ئىجادىي كۈچى» يەتتە مۇقەددەس پىلانىتادىن ئىبارەت «ھۆكۈمران نامى بىلەن ئاتىلىدۇ، بۇ يەتتە پىلانىتادىن قۇياش، ئاي، مېركۇرى، مارس، ۋېنرا، يۇپىتېر ۋە ساتۇرنىدىن ئىبارەت.

(25) ئاي شارى ھەر يەتتە كۈندە ئۆزىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئۆزگەرتىدۇ. ھەممىگە ئايان بىر پاكىت شۇكى، ئاي فازىسى دېگەن يۇزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشىنى ھەم يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئىدارە قىلىپلا قالماستىن،بەلكى يەنە ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىگىمۇ دەۋرىيلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(26) «7» دىن ئىبارەت بۇ رەقەم تەن، مەنىۋىيەت ۋە روھنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇش چۈشەنچىسىنى قوللايدۇ. ھاياتلىقنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىشكە نىسبەتەن، ئۇنىڭ كۆزىتىش چوڭقۇرلۇقى ئەڭ چوڭ چەككە يېتىدۇ.

«7» تەبىئەتنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىكى ئاچقۇچلۇق ساندۇق.

(27) نۇرغۇن جەھەتتە، سان، يېزىق ۋە ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي بولغان شەكىلگە ئىگە، ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەممىسى مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىقىدىغان تەۋرىنىش بىلەن تەسىر ۋە ئەكس تەسىر مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ تەۋرىنىشلەر ھەم فىزىكىلىق، ھەم مەنىۋى بولىدۇ.

(28) تەبىئەت خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر قېتىم-

لىق كۆرۈنۈشى ئىلاھنىڭ كۆز قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىز ئاڭسىز رەۋىشتە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىنىدۇ. بۇ تاساددىپىيلىق ئامىلىنى ساقىت قىلىدۇ، نېمە ئىكەنلىكىمىز، نېمە قىلىشىمىز قاتارلىقلار-نىڭ ھەممىسى ئېنىق ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنىڭ رول ئوينىغانلىقى-نىڭ نەتىجىسىدۇر، ئۇلار ئەكسىچە ھالدا تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەممە ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر تۈپ قانۇنى بويىچە بولىدۇ، مانا بۇ ھەرىكەت ياكى تەۋرىنىشتىن ئىبارەت، ئۇ مەڭگۈگە تەڭپۇڭلۇققا ئىنتىلىدۇ.

(29) فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ پاسكال كۈچلۈك ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئالەم بىر چەمبەردىن ئىبارەت، ئۇنىڭ چەمبەر مەركىزى ھەممە يەردە، ئۇ چەمبەر ئايلانمىسىمۇ ھەممە يەردە».

(30) خۇددى ماددىنىڭ ۋاقىت جەھەتتە توختاۋسىز ئىكەنلى-كىگە (ياكى مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىغا) ئوخشاش، ئۇنىڭ ماكان جەھەتتىمۇ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى يوق. ئۇنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق ھالىتى، زامان ۋە زامان كۆز قارىشى جەھەتتە بىزنىڭ چەكلىك ئويىمىزغا مەجبۇرىي تاڭغان چەكلىمىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.[1]

(31) ماددىنىڭ دائىرىسىنى ئەڭ زور چەكتە ياكى ئەڭ كى-چىك چەكتە تەكشۈرۈشىمىز ياكى تەتقىق قىلىشىمىزدىن قەتئىينە-زەر، مەيلى بىز تەپەككۇرنىڭ ياردىمىگە تايىنايلى ياكى تەجرىبىنىڭ ياردىمىگە تايىنايلى، بىز ھەرقانداق جايدا ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ياكى ئاخىرقى ھالىتىنى تاپالمايمىز.

(32) مىكروسكوپنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، بۇنىڭدىن ئىلگە-رى كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان دۇنيانى ئېچىپ بېرىپ، تەتقىق

① يەنى خېلېنا پېتروۋنا خاخن (1831 – 1891)، ئۇ تېئوسوفىيە ئىلمىنىڭ بەرپا قىلغۇچى-سى. بۇ بىر ئىتتىپاق تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇلار: بارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ «ئىلاھ» نى تېپىشقا ئۇرۇنغان تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر خىل دىن قىسمەن ھەقىقەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ.

قىلغۇچىلارغا ئورگانىك ھاياتلىق ۋە ئورگانىك تۈزگۈچى ئېلېمېنتلارنىڭ نەپىسلىكى ۋە نازۇكلۇقىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى، كىشىلەر شۇنىڭ بىلەن مۇنداق بىر دادىل ئۈمىدتە بولۇشتى: ئورگانىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئاخىرقى ئىزىنى ئىزدەپ تېپىش، ئېھتىمال مەۋجۇدىيەت ئاساسىدا بولۇشى مۇمكىن.

(33) بۇنداق ئۈمىدنىڭ ئۈمىدسىزلىككە ئايلىنىش دەرىجىسى بىزنىڭ قورال - سايمانلىرىمىزنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. بىز بىر تامچە سۇنىڭ يۈزدىن بىر پىرسەنتىنىڭ تەركىبىدىنمۇ بىر ئورگانىك ھاياتلىق دۇنياسىنى تاپالايمىز، بۇ ھاياتلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق، بىزنى ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلارغا ئوخشاشلا ھاياتلىقنىڭ ئىككى مۇھىم بەلگىسى - سېزىم بىلەن ئىرادىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلاندۇرمايدۇ.

(34) بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىك ھاياتلىق تەنچىسىنىڭ ئومۇمىي ئىزناسىنى ئەڭ يۇقىرى ھەسسىلىك مىكروسكوپ ئاستىدىمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى بىزگە يەنىلا نامەلۇم بولىدۇ. بىز يەنە بۇنىڭدىنمۇ كىچىك ھاياتلىق ھالەتلىرىنىڭ مەۋجۇت - مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرىسىدىمۇ ھېچنەرسە بىلمەيمىز.

(35) گوتا: «تېخىمۇ كىچىك ئورگانىزملاردىن تەشكىل تاپقان بىر پەتەكلەر دۇنياسىدا، ياخشىلانغان قورال سايمانلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىر ھۈجەيرىلىك ھاياتلىقنى گىگانت ئادەمدەك چوڭلۇقتا دېسەك بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى.

(36) خۇددى مىكروسكوپ مىكرو دۇنيادا بىزگە يېتەكچىلىك قىلغانغا ئوخشاش، تېلېسكوپمۇ ماكرو دۇنيادا بىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ ساھەدە، ئاسترونوملارمۇ ئالەمنىڭ چېكىنى كۆزىتىشنى دادىللىق بىلەن ئارزۇ قىلىشماقتا، ئەمما، ئۇلارنىڭ قورال - سايمانلىرى قانچىكى مۇكەممەللەشكەنسېرى، ئۇلارنىڭ ھالڭ -

تاڭلىق ئىچىدىكى كۆزىتىشلىرى ئالدىدا يېيىلغان دۇنيا بارغانسېرى چەكسىز بولماقتا .

(37 ) ئاددىي كۆز ئاسماندا كۆرگەن نېپىز تۇمان ، تېلېسكوپ تەرىپىدىن سانسىزلىغان يۇلتۇز ، سانسىزلىغان ئالەم ، سانسىزلىغان قۇياش ، سانسىزلىغان يۇلتۇزلار سىستېمىسىغا ئايرىۋېتىلدى . يەر شارىدىكى ئاھالىلەر شۇقەدەر مەغرۇرلۇق بىلەن بۇ كىچىككىنە پىلانېتانىنى بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ تاجى ۋە مەركىزى دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدى ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئاساسسىز خىيال قىلىنغان ئېگىزلىكتىن بىراقلا تۆۋەنلەپ ، چەكسىز بوشلۇقتا يۆتكىلىپ يۈرگەن بىر دانە ئاتوم ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى .

(38 ) «بارلىق تەجرىبىلىرىمىز بىزنى ئالەمنىڭ چېكى توغرىسىدىكى يىپ ئۇچىنى تېپىش توغرىسىدىكى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغىنى يوق . تېلېسكوپنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ھەرقېتىملىق كۈچىيىشى بىزگە يېڭى يۇلتۇزلار ۋە يۇلتۇز تۇمانلىرى دۇنياسىنى ئېچىپ بەردى ، بۇلار يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىن تەشكىل تاپىدىغان تەقدىردىمۇ ، جەزمەن ئۆزىنى ئۆزى يورۇتىدىغان ماددىلاردىن تەشكىل تاپقان» .

## 8 ـ سائۇاق : ساغلام تۇرمۇشنىڭ
## چىن مەنىسى

ئۆي ـ پىكىر ئۆي ـ پىكىرنى پەيدا قىلىدۇ . سىز بىر ئۆي ـ پىكىرىڭىزنى قەغەزگە يازسىڭىز ، باشقا بىر ئۆي ـ پىكىرىڭىز بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا بارلىققا كېلىدۇ ، يەنە كېلىپ سىز بۇ بىر ۋاراق قەغەزنى تولدۇرۇۋەتكەنگە قەدەر ، تېخىمۇ كۆپ ئۆي ـ پىكىرىڭىز كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىدۇ . سىز ئۆز ئۆي ـ پىكىرىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ چىقالمايسىز . ئۇ بىر تەگسىز قۇدۇقتىن ئىبارەت . سىز ئۇنىڭ ئىچىدىن تارتىپ ئالغان سۇ قانچىكى كۆپ بولسا ، ئۇ شۇنچە سۈزۈك ، شۇنچە مول بولىدۇ . ئەگەر سىز ئۆز ئۆي ـ پىكىرىڭىزگە ئېتىبارسىز قاراپ ، باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىدىن پايدىلىنىدىغان ، ئۇلارنىڭلا پىكىرىگە قۇلاق سالىدىغان بولسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئىقتىدارىڭىز بارلىقىنى بىلىشىڭىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس .

شارا G . A

1 . باشقا بارلىق تەبىئىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش ، ئىدىيە ساقلىنىپ تۇرۇشتا تايىنىدىغان ئومۇمىي پىرىنسىپ تەۋرىنىشتىن ئىبارەت . ھەربىر ئۆي تەۋرىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بەلكى بۇ تەۋرىنىش بىر دولقۇن ھالقىسى يەنە بىر دولقۇن ھالقىسىغا تۇتاشقان ھالدا خۇددى بىر تال تاشنى كۆلگە تاشلىغاندا پەيدا بولىدىغان دولقۇنغا ئوخشاش داۋاملىق كېڭىيىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ . باشقا ئۆي ـ پىكىردىن كېلىپ چىققان تەۋرىنىش دولقۇنى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشى ياكى ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن يوقىلىشى

مۇمكىن .

2 . بەخىت ، گۈللىنىش ۋە قانائەتلىنىش ئىنىق تەپەككۇر ۋە توغرا ھەرىكەت قىلىشنىڭ نەتىجىسى ، چۈنكى تەپەككۇر ھەرىكەتتىن ئىلگىرى بولىدۇ ھەم ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ . خۇددى ئىقتىساد شۇناسلىق ۋە مېخانىكىدىكى ھەربىر تەسىرنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئەكس تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئوخشاش ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ، نەرسىنىڭ قىممىتى ئادەمنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشقا باغلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدۇق . ھەرقانداق چاغدا «نەرسە ئادەمدىنمۇ قىممەتلىك» دەيدىغان ئەقىدە كەڭ تارقىلىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا ، بايلىقنىڭ مەنپەئەتىنى ئادەمنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان پىروگراما مۇقىملىشىپ ، ئۇ پەيدا قىلىدىغان تەسىر مۇقەررەر ھالدا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ .

3 . تولستوينىڭ بىر پارچە ماقالىسىدىن ، بىز شۇنى بايقايمىزكى ، ھېلىقى داۋاملىق بىزگە قاراپ تۇرىدىغان روھىي مەۋجۇدىيەت (بىز ئادەتتە ئۇنىڭ ئىپادىسىنى «ۋىجدان» دەپ ئاتايمىز ) نىڭ بىر ئۇچى ھەمىشە توغرىنى ، يەنە بىر ئۇچى داۋاملىق خاتانى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . بىز ئۇ كۆرسەتكەن لىنىيەگە ئەمەل قىلىپ خاتا لىنىيەدىن توغرا لىنىيەگە يۈزلەنگەن چېغىمىزدا ، بىز ئۇنىڭغا دىققەت قىلالماي قالىمىز . ئەمما ، سىز ۋىجدانىڭىز كۆرسەتكەن يۆنىلىشكە زىت كېلىدىغان مەلۇم بىر ئىشنى قىلسىڭىزلا ، بۇ روھىي مەۋجۇدىيەتنى ھېس قىلىسىز ، ئاندىن ئۇ ھايۋانى قىلىقىڭىزنىڭ ۋىجدانىڭىز كۆرسەتكەن يۆنىلىشتىن قانداق چەتنەپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . خۇددى بىر دېڭىزدا سەپەر قىلغۇچىغا ئوخشاش ، ئۆزىنىڭ خاتا دېڭىز يولىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى سەزگەندە تاكى ئۆزىنىڭ دېڭىز يولىنى كومپاس كۆرسەتكەن يۆنىلىشكە توغرىلىغان ياكى ئۆزىنىڭ بۇ نورمال يولدىن چەتنىگەن ئېغىنى يوقاتقانغا قەدەر ، ئۇ ئۆزىنىڭ پالىقى ، ماتورى ، ياكى يەلكىنىنى

داۋاملىق باشقۇرالماي قالىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھايۋانى قىلىقىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى سەزسىلا، بۇ قىلىقىنى ۋىجدانىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تەڭشەش ئارقىلىق ياكى ۋىجدانى كۆرسىتىپ بەرگەن ھايۋانى ھاياتىدىكى خاتالىقىنى ئۆزىدىن يوشۇرۇپ قېلىش ئارقىلىقلا، داۋاملىق ھەرىكەت قىلالايدۇ.

4. بىز شۇنداق دېسەك بولىدۇكى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتى مۇنداق ئىككى خىل قىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئۆزىنىڭ قىلىقىنى ۋىجدانى بىلەن ماسلاشتۇرۇش؛ (2) داۋاملىق ھالدا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ياشاش ئۈچۈن، ۋىجدانىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆزىدىن يوشۇرۇش.

5. بەزىلەر ئالدىنقىسىدەك، بەزىلەر كېيىنكىسىدەك بولىدۇ. ئالدىنقىسىدەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئەخلاق جەھەتتە ئۇيغىنىش — ئۆزىنىڭ «مەن» دىكى ئەخلاق نۇرىنى كۈچەيتىپ، ئۇ يورۇتقان نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىللا ئۇسۇل بار. كېيىنكىسىگە (ۋىجدانىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆزىدىن يوشۇرۇشقا) نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىككى خىل ئۇسۇل بار: بىر خىلى سىرتقى ئۇسۇل، يەنە بىر خىلى ئىچكى ئۇسۇلدىن ئىبارەت. سىرتقى ئۇسۇل دىققەت - ئېتىبارىڭىزنى ئىگىلىۋالغان ئىشلارغا باغلىق بولىدۇ، ئۇلار دىققەت - ئېتىبارىڭىزنى ۋىجدانىڭىز بەرگەن كۆرسەتمىدىن بۇرىۋېتىدۇ، ئىچكى ئۇسۇل ۋىجدان نۇرىنى بارغانسېرى غۇۋالاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

6. خۇددى بىر ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى نىشاننى كۆرۈشتىن ساقلىنىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى (يا كۆرۈش سىزىقىنى باشقا نىشانغا — كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ تارتىدىغان نىشانغا بۇراش، يا كۆزىنى بىراقلا توسۇۋېلىش) بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇ يەنە دەل مۇشۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ۋىجدانىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆزىدىن يوشۇرىدۇ: ياسىرتقى ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ

دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئوخشاش بولمىغان پائالىيەتلەرگە، ئەندىشە قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش ياكى ئويۇن ئويناشقا بۆرىۋېتىدۇ، ۋە ياكى ئىچكى ئۇسۇل ئارقىلىق، دىققەت ـ ئېتىبار ھاسىل قىلىندى-غان ئەزانى توسۇۋېتىدۇ. سىېزىمى قاشاڭ، ئەخلاق تۇيغۇسى چەك-لىك ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىرتقى ئۇسۇل ئارقىلىق دىققەت ـ ئېتىبارىنى بۆرىۋېتىش ھەمىشە ئۇلارنى ۋىجداننىڭ تۇر-مۇشىدىكى خاتالىقلارغا بەرگەن كۆرسەتمىسىنى تونۇپ يېتەلمەيدى-غان قىلىپ قويىدۇ. لېكىن ئەخلاق تۇيغۇسى ناھايىتى سەزگۈر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇسۇللار ھەمىشە يېتەرلىك بولماي-دۇ.

7. بىر ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ۋىجداننىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بارلىقىنى تونۇپ يەتسە، لېكىن سىرتقى ئۇسۇل ئۇنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى بۇ ئاڭدىن پۈتۈنلەي بۆرىۋېتەلمىسە، بۇ خىل ئاڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا توسقۇنلۇق قىلى-دۇ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ياشاش ئۈچۈن، كىشىلەر ئىشەنچلىك ئىچكى ئۇسۇلدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇ مەست قىلغۇچى بۇيۇملاردىن پايدىلىنىپ چوڭ مېڭىنى زەھەرلەپ، شۇ ئارقىلىق ۋىجدان نۇرىنى بارغانسېرى خىرەلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

8. بىر ئادەم ۋىجداننىڭ تەلىپى بويىچە ياشىمىسا، ئۇنىڭدا بۇ تەلەپكە ئاساسەن تۇرمۇشنى يېڭىباشتىن يارىتىش كۈچى تېخى كەمچىل بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇراش بىر ئادەمنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى بۇ زىت ئاڭدىن ئايرىۋېتەلمىسە ياكى بۇرالغان نىشان يېڭى ئەمەس بولسا، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر (داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن ۋىجداننىڭ كۆرسەتمىسىگە پەرۋا قىلماي)، خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئۆزى كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەرسىنى كۆزىنى ئېتىۋې-لىپ ئۆزىدىن يوشۇرغىنىغا ئوخشاش، ۋىجدانى ئۆزىنى ئېنىق ئىپادىلەشتە تايىنىدىغان ئەزانى ھەرىكەتتىن توختىتىدۇ.

9. پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ئىسپىرت، تاماكا قاتارلىق

مەست قىلغۇچى بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرۈشىدىكى سەۋەب ئۇ شەخسنىڭ قىزىقىشىغا باغلىق ئەمەس، ھەم ئۇلار تەمىن ئېتىدىغان خۇشاللىق، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ۋە شادلىنىشقا باغلىقمۇ ئەمەس، بەلكى پەقەت كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىنىڭ تەلىپىنى ئۆزىدىن يوشۇرۇش ئېھتىياجىغا باغلىق.

10. كىشىلەر ئۆزىنى مەست قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانىنى تونجۇقتۇرۇپلا قالماي، بەلكى باشقىلارنىڭمۇ ۋىجدانىغا قارشى ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلغان چېغىدا، يەنە قەستەن ھالدا ئۇلارنىمۇ مەست قىلىدۇ — باشقىچە ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ۋىجدانىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى مەست قىلىدۇ.

11. ھەربىر ئادەم ۋىجدانىنى ئازابلاۋاتقان مەلۇم بىر خاتا ئىش توپەيلىدىن ھاراق ئىچمىشكە بېرىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى بىلىدۇ. ھەربىر ئادەم شۇنىڭغا دىققەت قىلىدۇكى، ئەخلاقسىز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەر مەست قىلغۇچى بۇيۇملار تەرىپىدىن باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان جەلپ قىلىنىۋېلىنىدۇ. بۇلاڭچىلار ۋە ئوغرىلار شايكىسىدىكىلەر ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسە بولمىسا ياشىيالمايدۇ.

12. بىر ئېغىز گەپ، بىز ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا مۇنداق يەكۈن چىقىرىمىز: مەست قىلغۇچى بۇيۇملارنى ئىشلىتىش، مەيلى كۆپ مىقداردا بولسۇن ياكى ئاز مىقداردا بولسۇن، مەيلى تاسادىپىي بولسۇن ياكى دائىم بولسۇن، مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي قاتلامدىكىلەر بولسۇن، ۋىجداننىڭ ساداسىنى بوغۇشتىن ئىبارەت ئوخشاش بىر سەۋەب توپەيلىدىن پەيدا بولسۇن بولىدۇ، مەقسەت ئۆزىگە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن ۋىجدان تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىقنى سەزدۈرمەسلىكتىن ئىبارەت.

13. كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا، دىلخەستىلىك ياكى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان سەلبىي كەيپىياتنىڭ تەسىرى ھەزىم قىلىش

فۇنكسىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . ھەزىم قىلىش فۇنكسىيەسى نورمال چاغدا ، ئاچلىق سېزىمى توختايدۇ ، تويغان چېغىمىزدا تورمۇزلىنىدۇ ، غىزالىنىشقا ئەمەلىي ئېھتىياجلىق بولۇشتىن ئىلگىرى ئاچلىق ھېس قىلمايمىز . بۇنداق ئەھۋالدا ، تۇرمۇزلاش مەركىزىمىز مۇۋاپىق ھالدا رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ . لېكىن ، ئەگەر ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالساق ، بۇ تورمۇزلاش تەسىرى رول ئوينىمايدۇ ، بىز ھەمىشە ئاچلىق ھېس قىلىمىز ، نەتىجىدە بۇ ھەمىشە ئالدىراپ ئاللىقاچان زەخىملەنگەن ھەزىم قىلىش ئەزاسىنىڭ زىيادە چارچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئىنسانلار داۋاملىق مانا مۇشۇنداق كىچىك ئاۋارىچىلىكلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تۇرىدۇ . بۇنداق ئاۋارىچىلىكلەر پۈتۈنلەي قىسمەن دائىرىلىك بولۇپ ، چوڭ مەركەزنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى ئاز قوزغايدۇ . ئەمما ، ئەگەر بۇ خىل بىئاراملىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ، ئاسانلىقچە يوقىتىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا ، تېخىمۇ ئېغىر كېسەللىك ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولىدۇ . بۇ خىل ئەھۋالدا ، ئۇنىڭ ئېغىر بولۇشى ۋە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى تۈپەيلىدىن ، ئورگانىزمنىڭ ھەممە قىسمىنى ئاۋارىچىلىك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزۈشىمۇ مۇمكىن . ئۇ بۇخىل دەرىجىگە يەتكەن چاغدا ، ئەگەر چوڭ مەركەزنىڭ باشقۇرۇشى كۈچلۈك ، قەتئىي ھەم ئاقىلانە بولىدىغان بولسا ، قالايمىقانچىلىق ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشمايدۇ ؛ ئەگەر چوڭ مەركەز ئاجىز بولسا ، پۈتكۈل ئىتتىپاق قاتتىق ۋەيران بولۇشى مۇمكىن .

14 . دوختۇر لىندا[①] مۇنداق دېگەن : «تەبىئىي داۋالاش پەلسەپىسى»يامانلىق توغرىسىدىكى بىرخىل ئىدراكىي كۆزقاراشنى تو-

① ھېنرى لىندا (1862 - 1924) . «تەبىئىي داۋالاش پەلسەپىسى» نىڭ يېتەكچىسى . ئۇ ، نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا تەبىئىيلىككە قايتىش كېرەكلىكىگە ، بۇنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىمى تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن .

نۇشتۇردى ، ئۇنىڭ سەۋەبى ۋە مەقسىتى مۇنداق : ئۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ ، مەقسىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ تۇزىلىدۇ ، ئۇنى پەقەت تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىقلا تۇزەتكىلى بولىدۇ . ئەگەر تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا مەلۇم بىر ئادەم ، مەلۇم بىر جايدا خىلاپلىق قىلمىغان بولسا ، ھەرقانداق جايدا ، ھەرقانداق خىلدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت ، كېسەل- لىك ۋە يامانلىق بولمىغان بولاتتى . »

15 . بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشلارنى نادانلىق ، ئېتىبارسىزلىق ، ئۆز بېشىمچىلىق ياكى يامان نىيەتكە دۆڭگەپ قويۇش مۇمكىن . «سەۋەب» بىلەن «نەتىجە» ھەمىشە مۇۋاپىق كېلىدۇ .

16 . تەبىئىي ياشاش ۋە تەبىئىي ساقىيىش توغرىسىدىكى پەن ئېنىق ھالدا شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى ، بىزنىڭ ئاتالمىش كې- سەللىكلىرىمىز ، ئاساسلىقى تەبىئەتنىڭ بەدىنىمىزدىكى كېسەل ھالەتتىكى ماددىلارنى تىرىشىپ چىقىرىپ تاشلاپ ، بەدەنىنىڭ نور- مال فۇنكسىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇشىدىن ئىبارەت ؛ كېسەللىكنىڭ جەريانى ، ئۇسۇل جەھەتتە تەبىئەتتىكى باشقا ھەرقان- داق شەيئىلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا تەرتىپلىك بولىدۇ ؛ بىز چوقۇم كېسەللىكنى توسماسلىقىمىز ياكى تورمۇزلىماسلىقىمىز ، ئۇلار بە- لەن ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز مۇنداق بىر مۇھىم ساۋاقنى ئاستا ھەم تەستە ئېسىمىزدە تۇتتۇق : «قانۇنىيەتكە بويسۇنۇش »كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ، شۇنداقلا كېسەلنى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى .

17 . خۇددى «تەبىئىي داۋالاش پەلسەپىسى »كۆرسەتكەنگە ئوخشاش ، داۋالاشنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى ، تەسىر ۋە ئەكس تەسىر قانۇنىيىتى ، شۇنىڭدەك كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تېز بۇرۇلۇش قانۇ- نىيىتى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتقۇزدى : سالامەت- لىك ، كېسەللىك ۋە داۋالاش جەريانىدا ، ھېچقانداق ئىش تاسادىپىي

ياكى ئۆزگىرىشچان بولمايدۇ ؛ بەدەن ھالىتىمىزنىڭ ھەربىر قېتىم-لىق ئۆزگىرىشى يا ھاياتىمىزنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ماس بولىدۇ ، يا ئۇنىڭغا زىت بولىدۇ ؛ پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن ھەم قانۇنىيەتكە بويسۇنغاندىلا ، ئاندىن قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ ، كۆ-ڭۈلدىكىدەك سالامەتلىككە ئېرىشەلەيمىز ۋە ئۇنى ساقلاپ قالالاي-مىز .

18 . كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىل-غان چاغدا ، تىرىشىپ باشتىن باشلىشىمىز ، يەنى «جان»نىڭ ئۆ-زىدىن باشلىشىمىز زۆرۈر ؛ چۈنكى ، سالامەتلىك ، كېسەللىك ۋە داۋالاشنىڭ جەريانى ، بىزنىڭ ئاتالمىش جېنىمىز ۋە ھاياتىي كۈچى-مىزنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر .

19 . يەنە بىر جەھەتتىن جان ياكى ھاياتىي كۈچنىڭ ياشاش ئىقتىدارى قارىشى ھاياتىي كۈچنى بارلىق كۈچلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئاساسلىق كۈچ ، ئۇ بارلىق كۈچلەرنىڭ مەركىزى مەنبەسىدىن كېلىدۇ ، دەپ قاراشتۇر .

20 . بۇ كۈچ پۈتكۈل يارىتىلغان ئالەمگە تولۇپ تۇرىدۇ ھەم ئۇنى ئىللىتىدۇ ، ئۇنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرىدۇ ، ئۇ ئۇلۇغ ئىجادكارلىق رولىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت .

21 . تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ، تەبىئەتتىكى بارلىق شەيئى-لەر ، سەللا بوش قويۇۋەتسە يوقىلىپ كېتىدىغان ئوي - خىيال ياكى كەيپىياتتىن قاتتىقلىقتا تەڭداشسىز ئالماس ياكى پىلانېتاغا قەدەر ، ھەممىسى ھەرىكەت ياكى تەۋرىنىشنىڭ شەكلىدۇر .

22 . بىز دېگەن ئاتالمىش «جانسىز تەبىئەت» چىرايلىق ، تەرتىپلىك بولىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ ئورۇندىشى «ھاياتلىق سىمفونى-يەسى» نىڭ نوتىسى بىلەن ئوخشاش رىتىمغا ئىگە . پەقەت ئادەم-نىڭ ئورۇندىشىلا ئۇ ئاھاڭنى بۇزىدۇ . بۇ ئۇنىڭ ئىمتىيازى ياكى ئۇنىڭ پالاكەتكە دۇچار بولۇشىنىڭ مەنبەسى ، چۈنكى ئۇنىڭ تاللاش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ .

23 . ئەمدى ، بىز سالامەتلىك ۋە كېسەللىك تەبىرىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋالايمىز ، «تەبىئىي داۋالاش ئۇسۇلى» قوللانمىسىدا ، ئۇنىڭغا مۇنداق تەبىر بەرگەن :

سالامەتلىك جانىنىڭ بەدەن ، روھىي ھالەت ، ئەخلاق ۋە روھ قاتلىمىدا ئادەمنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلىمېنتلار ۋە كۈچنىڭ نورمال ھەم ماس ھالدىكى تەۋرىنىشىدىن ئىبارەت ، ئۇ تەبىئەت يەككە تەننىڭ ھاياتىغا قوللانغان ئىجابىي پىرىنسىپ بىلەن بىردەك بولىدۇ . كېسەللىك جانىنىڭ بەدەن ، روھىي ھالەت ، ئەخلاق ۋە روھ قاتلىمىدا ئادەمنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلېمېنتلار ۋە كۈچنىڭ نورمالسىز ھەم ماس بولمىغان تەۋرىنىشىدىن ئىبارەت ، ئۇ تەبىئەت يەككە تەننىڭ ھاياتىغا قوللانغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى پىرىنسىپ بىلەن بىردەك بولىدۇ .

24 . بۇ يەردە : «قانداق شارائىتتىن پايدىلىنىپ نورمال ياكى نورمالسىز تەۋرىنىشنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ ؟» دېگەن بىر سوئال تەبىئىيلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق : ئورگانىزمىنىڭ تەۋرىنىش مۇھىتى ، تەبىئەت ئادەمنىڭ بەدەن ، روھىي ھالەت ، ئەخلاق ، مەنىۋىيەت ۋە روھ قاتارلىق ھاياتلىق ۋە ھەرىكەت ساھەسىدە بەرپا قىلغان تەڭپۇڭ مۇناسىۋىتىگە ماسلىشىشى زۆرۈر .

# 9 ـ ساۋاق : كۆڭۈلدىكى ۋەھىمىنى تۈگىتىش لازىم

ئادەمنىڭ كۆڭلى قورقۇش بىلەن تولسا ، ئىستىقبال نۇرى ، دۇنيادىكى بەخت ھەش ـ پەش دېگۈچىلا قاراڭغۇلۇق پەردىسى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىدۇ . باتۇر بولسا ھەممىنى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ ، ئۇ ھەتتا گۆش بىلەن قاندىن پۈتكەن گەۋدىگە كۈچ قوشىدۇ .

— ھاننىبل

1 . سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز ھەمىشەھەرىكىتىڭىزدە ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مۇھەببەت ھېسسىياتى مۇھەببەتنى نامايان قىلىدىغان مۇلازىمەتتە دائىم ئىپادىلىنىشكە ئىنتىلىدۇ . نەپرەتلىنىش ھېسسىياتى ئۆچ ئېلىش ياكى دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىشكە ئىنتىلىدۇ . نومۇس قىلىش ھېسسىياتى مۇشۇ ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبكە مۇۋەپىق كېلىدىغان ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىشكە ئىنتىلىدۇ . ھەسرەت چېكىش ھېسسىياتى ياش بەزلىرىدە كۈچلۈك ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ .

2 . شۇنىڭ بىلەن سىز ھېسسىياتنىڭ ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىش يوللىرىنى دائىم ئۇقۇم ياكى ئارزۇغا مەركەزلەشتۈرىدىغانلىقىنى بايقايسىز .

3 . ھېسسىيات مۇۋاپىق قويۇپ بېرىش يولىنى تاپقان چاغدا ، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ ؛ ئەگەر ئۇلار چەكلەنسە ، ياكى بېسىۋېلىنسا ، ئۇنداقتا ئۇمىد ياكى ئارزۇ داۋاملىق ئېنېرگىيە جۇغلايدۇ ، ئەگەر ئۇ ھەرقانداق سەۋەب تۈپەيلىدىن تىزگىنلەنسە

ئاڭغا يوشۇرۇنىدۇ ھەم ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرىدۇ .

4 . بۇ خىل تىزگىنلەنگەن ھېسسىيات «ھېسسىيات تۈگۈنى» گە ئايلىنىدۇ . بۇنداق ھېسسىيات تۈگۈنى بىر خىل جانلىق نەرسە بولۇپ ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى بولىدۇ ، بۇ خىل ھاياتىي كۈچ ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ ، قويۇپ بەرمىگۈچە ، مەڭگۈ ئاجىزلاشمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ، شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەربىر ئوي - پىكىر ، تەلەپ ، ئارزۇ ياكى ئەسلىمە ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ .

5 . مۇھەببەت ھېسسىياتى قورساق بوشلۇقى نېرۋا تۈگۈنىنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئەكسىچە يەنە ئاجراتما بەزلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ، بۇ ئاجراتما بەزلىرى بەزى بەدەن ئەزالىرىغا قارىتا تەۋرىنىش تەسىرى پەيدا قىلىدۇ ، ئاندىن بۇ بەدەن ئەزالىرى قايناق ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ . نەپرەتلىنىش ھېسسىياتى بەزى بەدەن پائالىيەتلىرىنى تېزلەشتۈرۈپ ، شۇ ئارقىلىق قاننىڭ خىمىيەلىك فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىدۇ ، نەتىجىدە ئادەم يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ ، ياكى ، ئەگەر ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىدىغان بولسا ، ئادەم پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ قالىدۇ .

6 . ھېسسىياتنى روھىي كەيپىيات ، گەپ - سۆز ياكى بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ ، ئۇلار ئادەتتە بۇ ئۈچ خىل شەكىلنىڭ بىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم شۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق قويۇپ بېرىلىدۇ ، بۇ خىل ئېنېرگىيە بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا ئىسسىقا ئوخشاش تارقىلىپ كېتىدۇ . ئەمما ، ئەيمەنگەن ، مەغرۇرلانغان ، غەزەپلەنگەن ، نەپرەتلەنگەن چېغىمىزدا ، بۇ كەيپىياتلار ئاشكارا ئېڭىمىزغا يوشۇرۇن ئاڭ ساھەمىزدىكى روھىي يېرىڭلىق ئىششىققا ئايلىنىپ ، تېخىمۇ چوڭ ئازاب - ئوقۇبەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

7 . بۇنداق ھېسسىيات تۈگۈنى ئەكسىچە ئىپادىلەش يولىنى تاپالايدۇ . مەسىلەن ، بىر ئەر كىشىنىڭ ئايالغا مۇھەببىتىنى ئىز-

هار قىلىشى رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغان ، ئۇ ئايال كىشىگە نەپرەتلىنىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ ، ئاياللارنىڭ نەرسىلىرىنى كۆرسىلا ئاچچىقلىنىدىغان ، پەرىشان بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ . قارىماققا ئۇ دادىل ، مۇستەقىل ھەم كۈچلۈك كۆرۈنۈشى مۇمكىن ، لېكىن بۇ بىر خىل نىقابلىنىشتىن ئىبارەت . ئۇ مۇشۇ نىقابقا تايىنىپ مۇھەببەت ۋە ئىچ ئاغرىتىش تەشنالىقىنى يوشۇرىدۇ ، بۇلار ئۇنىڭ ئىرىدىشىشىگە يول قويۇلمىغان ئىشلاردۇر . بۇ ئادەم ئەگەر ئاخىرىدا جورا تاللىماقچى بولسا ، ئۇ مەقسەتسىز ھالدا ھېلىقى ئۆزىنىڭ ئازابلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان ئادەمنىڭ ئەكسىچە تىپتىكى ئادەمنى تاللايدۇ . ياخشى كۆرۈش ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ ، سەۋەبى ئۇ ئىلگىرىكى ھېسسىيات قوزغاتقۇچىنى تاللاشنى ئۈمىد قىلمايدۇ .

8 . ئازابلىنىش بىر خىل كەيپىياتتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭ ئەقلىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ . «مانا بۇ خاتا ئىش قىلغانلىقىم ئۈچۈن بېرىلگەن جازا» دەپ ئويلايدۇ . بۇ ئوي «بەس ، بۇنداق خاتالىقنى ئەمدى ھەرگىز سادىر قىلمايمەن» دېگەن خۇلاسىغا سەۋەب بولىدۇ . مانا بۇ شەخسنىڭ ئازابلانغان ھالدا پۇشايمان قىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزىدىن بېشارەت بېرىشى ۋە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ ئەقلىگە كىرگەن توۋا قىلىش بېشارىتىدۇر . توۋا قىلىش مانا مۇشۇنداق كېلىپ چىقىدۇ ، چۈنكى ئۇ روھنىڭ ئارزۇسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھېلىقىدەك ئازابلىق نەتىجىدىن پۇشايمان قىلىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت يېڭى ئارزۇ پەيدا بولىدۇ .

9 . ئارزۇ يوشۇرۇن ئاڭ ئەقلىدىن كېلىپ چىقىدۇ . ئېنىقكى ئۇ بىر خىل كەيپىياتتىن ئىبارەت . كەيپىيات روھتىن ياكى يوشۇرۇن ئاڭ ئەقلىدىن كېلىپ چىقىدۇ . خۇشاللىق كەيپىياتى خۇشاللىنىش بولۇپ ، يوشۇرۇن ئاڭ بەدەننى تەمىنلىگەن مۇلازىمەتكە بېرىلگەن مۇكاپاتتىن ئىبارەت .

10 . سىز شۇنى بايقىدىڭىزكى ، مەلۇم بىر ئوي ـ پىكىر ، كۆزقاراش ياكى نىيەت كەيپىيات ئارقىلىق يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا كىرگەن چاغدا ، تۇيغۇ نېرۋا سىستېمىسى بۇ ئوي ، كۆزقاراش ياكى نىيەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئۇلارنى بەدىنىڭىزنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا ئېلىپ بارىدۇ ، مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئوي ـ پىكىر ، كۆزقاراش ياكى نىيەتنى تۇرمۇشىڭىزدىكى ئەمەلىي كەچۈرمىشىڭىزگە ئايلاندۇرىدۇ .

11 . ئاشكارا ئاڭ ئەقلى بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ ئەقلى ئوتتۇرىسىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئۆزئارا تەسىر ، نېرۋا ئالاقە سىستېمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆزئارا تەسىرگە موھتاج . مېڭە ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى جىسمىمىزدىكى سەزگۈ ئەزالارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاشكارا ئاڭ سەرگۈسىنى قوبۇل قىلىدىغان ھەم بەدەن ھەرىكىتىمىزگە قارىتا تىزگىنلەش ئېلىپ بارىدىغان يولدىن ئىبارەت . بۇ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئۆز مەركىزى بولىدۇ ، ئۇ چوڭ مېڭىگە جايلاشقان .

12 . ھاياتلىق ھادىسىسى توغرىسىدىكى ھەرقانداق چۈشەندۈرۈش «بىردەكلىك» نەزەرىيە ئاساسىغا تىكلىنىشى لازىم . بارلىق تىرىك ماددىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىن تېپىلغان روھىي تەركىب — مانا بۇ ئالەمنىڭ رولىدىن ئىبارەت . ئۇ جەزمەن تىرىك ماددىلار شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان ، ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئەتراپىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ ، بەدىنىمىزدە ئېقىپ ، تېنىمىزدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ . بۇ خىل «ئالەم ئېڭى» ئۆزىنى تىرىك ماددا شەكلىدە نامايان قىلىدۇ ، ئۇ ئاشكارا بىلىش رولى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ ، ئۆزىنىڭ يىمەكلىك تەمىناتىنى تەييارلاپ ، بارغانسېرى يۇقىرى ھاياتلىق توقۇلمىلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ .

13 . بۇ «ئالەم ئەقلى» دەل ئالەمنىڭ ئىجادچانلىق قانۇنى— ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مۇقەددەس ماھىيىتىدىن ئىبارەت . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتىدۇر ، ھالبۇ-

كى بارلىق يوشۇرۇن ئالڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى يوشۇرۇن ئالڭ ئەقلىنى پەيدا قىلىدىغان ئەزادۇر.

14. ئىنسانلارنىڭ رولى ئەزەلدىن ئالەمنىڭ ئەقلى پەيدا قىلـ. غان نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن ئەمەس، يەنى ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت ھاياتلىق ئاساسىدا بىر خىمىيە تەجرىبىخانىسى يېتىلدۈ. رۈپ، ئۆز بەدىنىدە نازۇك مېخانىكىلىق قۇرۇلمىلارنى ۋە تەڭپۇڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى پەيدا قىلالىمىدى.

15. مىنېراللار دۇنياسىدا، ھەربىر خىل نەرسە قاتتىق ھا. لەتتە بولۇپ، ئاسانلىقچە پارغا ئايلانمايدۇ. ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ئالىمىدە، ھەممە داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئاتموسفېرادا، بىز ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق ۋە ئېنېرگىيەنى بايقىدۇق. شەكىللىكتىن شەكىلسىزلىككە، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە، تۆۋەن يوشۇرۇن كۈچتىن يۇقىرى يوشۇرۇن كۈچكە بۇرالغان چېغىمىزدا، ھەربىر تۇردىكى نەرسىلەر تېخىمۇ نەپىس، تېخىمۇ مەنىۋىلىككە ئىگە بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. بىز كۆرۈنمەيدىغان دۇنياغا يەتكەن چېغىمىزدا، ئەڭ ساپ، ئەڭ تۇراقسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئېنېرگىيەنى تاپالايمىز.

16. تەبىئەتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچنىڭ كۆرۈنمەيدىغان شەكىلسىز كۈچتىن ئىبارەت بولغىنىغا ئوخشاش، ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچمۇ كۆرۈنمەيدىغان شەكىلسىز كۈچ، يەنى مەنىۋى كۈچىدىن ئىبارەت، ھالبۇكى مەنىۋى كۈچنى ئېنىق ئىپادىلەشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى تەپەككۇر يۈرگۈزۈش جەريانىدىن ئىبارەت.

17. ھادىسە، پايدا ـ زىياننى كۆپەيتىش ۋە ئازايتىشمۇ مەنىـ ۋى ئىشتىن ئىبارەت، خالاس. ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش يەنىلا روھىي جەرياندىن ئىبارەت؛ نۇقتىئىنەزەر يەنىلا روھ تەرىپىدىن پەيدا قىلىنىدۇ؛ مەسىلە يەنىلا روھنىڭ كۆزىتىش چىرىغى ۋە لوگىكىسى؛ ھالبۇكى دىيالېكتىكا ۋە پەلسەپە يەنىلا روھنى تۈزگۈ.

چى ئورگانىزمدىن ئىبارەت .

18 . لېكىن ئوي ـ پىكىرلا بولىدىكەن ، جەزمەن جانلىق ئورگانىزمنىڭ مەلۇم قۇرۇلمىسىنىڭ ، مەسىلەن ، چوڭ مېڭە ، نېرۋا ، مۇسكۇل قاتارلىقلارنىڭ ماددىي ئىنكاسىنى قوزغايدۇ ، بۇ ئورگانىزم قۇرۇلما تۈزۈلۈشىدە ئوبيېكتىپ ماددىي ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇڭا ، مەلۇم بىر ئېنىق ئاساسىي تېما ئۈستىدە مۇئەييەن مىقداردا تەپەككۇر يۈرگۈزۈلسىلا ، ئادەمنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىدا ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگىرىش پەيدا قىلغىلى بولىدۇ .

19 . جاسارەت ، كۈچ ۋە ئىلھام توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكىر ئاخىرى يىلتىز تارتىدۇ ، ئۇ پەيدا بولغان چاغدا ، شەخسنىڭ ھاياتى يېڭى نۇر تەرىپىدىن يورۇتۇلىدۇ . ھايات سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي يېڭى مەنىگە ئىگە بولىدۇ . سىز يېڭىباشتىن يارىتىلىپ ، خۇشاللىق ، ئىشەنچ ، ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىسىز ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان پۇرسەتلەرنى كۆرىسىز ، يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى بايقايسىز ، ھالبۇكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ئىمكانىيەتلەر سىزگە نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيەتسىز ئىدى . ۋۇجۇدىڭىز مۆۋەپپەقىيەت قازىنىش ئويى بىلەن تولىدۇ ھەم ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ ، ئۇلار ئەكسىچە ھالدا يەنە سىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىز ۋە يۇقىرى ئۆرلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ . سىز يېڭى ، مۆۋەپپەقىيەت قازانغان ھەمكارلاشقۇچى شېرىكلەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلالايسىز ، بۇ ئەكسىچە ھالدا يەنە سىزنىڭ تاشقى مۇھىتىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ . شۇڭا ، ئىدىيىنىڭ رولىنى مانا مۇشۇنداق ئاددىي ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ، سىز يالغۇز ئۆزىڭىزنىلا ئۆزگەرتىپ قالماستىن ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھىتىڭىزنى ، كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىزنى ۋە تاشقى شەرت ـ شارائىتىڭىزنىمۇ ئۆزگەرتەلەيسىز .

20 . بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھاياتىڭىزنىڭ روھىي ئامىل ئېلىپ كەل-

گەن . بۇ خىل روھىي ئامىل مېخانىكىلىق ئەمەس ، چۈنكى ئۇ تاللاش ، تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش كۈچىگە ئىگە ، بۇنداق بىر خىل كۈچنىڭ مېخانىكىلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

21 . ئالەمنىڭ رولى ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ، مەقسەت ئۆزى دۇچ كەلگەن بارلىق كەچۈرمىشلەرنى خاتىرىلەپ ، تېخىمۇ يۇقىرى ھاياتلىق قاتلىمىدا ئۆزىنى نامايان قىلىش ، ئۆزىنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت . بىز تىرىك ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدا بايقىغان ئىرسىي يېتەكچى كۈچ دەل بۇ خىل ئەستە تۇتۇشنىڭ ئۈنۈمىدۇر .

23 . بۇ خىل ئىرسىي يېتەكچى كۈچ ھەمىشە قورقۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . قورقۇش بىر خىل كەيپىياتتىن ئىبارەت ، شۇڭا ئۇ ئىدراكقا بويسۇنمايدۇ . سىز شۇنىڭ ئۈچۈن دوستىڭىزدىن دۇشمەنىڭىزدىن قورققاندەك قورقىسىز ، ھازىر ۋە ئۆتمۈشتىن كەلگۈسىدىن قورققاندەك قورقىسىز . ئەگەر قورقۇش سىزگە ھۇجۇم قىلسا ئۇنى بىتچىت قىلىۋېتىشىڭىز زۆرۈر .

23 . سىز بۇ نىشاننى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشقا قىزىقىسىز ؟ ئىدراك سىزگە زادىلا ياردەم بېرەلمەيدۇ ، چۈنكى قورقۇش بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭ ئويىدىن ئىبارەت بولۇپ ، كەيپىياتنىڭ مەھسۇلى . شۇڭا جەزمەن باشقا ئامال ـ چارە تېپىشقا توغرا كېلىدۇ .

24 . بۇ ئامال ـ چارە قورساق بوشلۇقى نېرۋا تۈگۈنىنى ئويغىتىپ ، ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت . ئەگەر سىز چوڭقۇر نەپەسلىنىشكە ئادەتلەنگەن بولسىڭىز ، ئۇنداقتا قورساق قىسمىڭىزنى چېكىنگىچە كېڭەيتەلەيسىز . بۇ سىز قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىشتىن ئىبارەت . نەپەسىڭىزنى بىر ـ ئىككى سېكۇنت توسۇۋېلىپ ، ئاندىن (ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئالدىدا سۈمۈرگەن ھاۋانى توسۇۋالىسىز ) تېخىمۇ كۆپ ھاۋا سۈمۈرىسىز ، ئاندىن ئۇنى كۆكرەك بوشلۇقىڭىزنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا يەتكۈزىسىز ھەم قورساق قىسمىڭىزنى تارايتىسىز .

25 . بۇنداق قىلسىڭىز پوكاندەك قىزىرىپ كېتىسىز ، داۋاملىق هالدا نەپىسىڭىزنى بىر - ئىككى سېكۇنت توسۇۋېلىڭ . ئاندىن (بۇرۇنقىدەكلا نەپىسىڭىزنى توسۇۋېلىپ ) كۆكرەك بوشلۇقىڭىزنى تارايتىپ ، ئاندىن قايتا كېڭەيتىڭ . بۇ نەپەسنى چىقىرىۋەتمەي ، بەلكى ئۇنى داۋاملىق توسۇۋېلىپ ، قورساق بوشلۇقىڭىز بىلەن كۆكرەك بوشلۇقىڭىزنى تېز تۆۋەنلەشتۇرۇپ 5~4 قېتىم كېڭەيتىڭ ، ئاندىن كېيىن نەپەس چىقىرىڭ . مۇشۇنداق قىلسىڭىز قورقۇش يوقىلىدۇ .

26 . ئەگەر قورقۇش سىزدىن شۇئان يىراقلاشمىسا ، ئۇنداقتا قورقۇش يوقالغانغا قەدەر ، بۇ جەرياننى تەكرارلاڭ . ئۇزۇن ئۆتمەي ، سىز پۈتۈنلەي نورماللاشقانلىقىڭىزنى هېس قىلىسىز .

27 . ئەگەر قاتتىق چارچاپ هالسىزدىن كەتكەن بولۇپ ، چارچاشنى يەڭمەكچى بولسىڭىز ، ئۇنداقتا جايىڭىزدا جىم تۇرۇپ ، بارلىق ئېغىرلىقىڭىزنى ئىككى پۇتىڭىزغا چۈشۈرۈڭ . ئاندىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ، پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، گەۋدىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئىككى قولىڭىزنى بېشىڭىزنىڭ ئۈستىگە سوزۇپ ، ئۇن بارمىقىڭىزنى يۇقىرىغا قارىتىڭ . ئىككى قولىڭىزنى بېشىڭىزنىڭ ئۈستى تەرىپىدە جۈپلەپ تۇرۇپ ، ئاستا نەپەس ئېلىپ ، كۈچلۈك هالدا نەپەس چىقىرىڭ . بۇ بىر يۈرۈش هەرىكەتنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاڭ . بىر - ئىككى مىنۇت ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلسىڭىزلا ، كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزنىڭ ئازراق مۇگدىۋالغاندىكىدىنمۇ بەكرەك ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى هېس قىلىسىز . ئەڭ ئاخىرىدا ، چارچاشنى يېڭەلەيسىز .

28 . بۇ خىل مەشىقنىڭ مۇهىم نۇقتىسى چۈشەنچىدە . چۈشەنچە دىققەت - ئېتىبارنى ئىدارە قىلىدۇ . بۇ ئەكسىچە هالدا تەسەۋۋۇرغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . تەسەۋۋۇر بىر خىل ئىدىيە هالىتىدىن ئىبارەت ، ئىدىيە ئىشلەۋاتقان ئەقىلدىن ئىبارەت .

29 . بارلىق ئىدىيە هالەتلىرى تاكى ئۇلار پىششىپ يېتىلگەنگە

قەدەر ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ، بۇ خىل ھالەتتە ئۇزلۇكسىز ھالدا ئوخشاش تۈردىكى ئىدىيەلەرنى كۆپەيتىدۇ ، مانا بۇ ئىجادچانلىق قانۇنىيىتىدۇر . بۇلار يەككە تەنىنىڭ ئالاھىدىلىكىدە نامايان بولىدۇ . ئەگەر بوي ـ پەستى ناھايىتى يوغان ، سۆڭەكلىرى ناھايىتى ئېغىر ، تىرناقلىرى قېلىن ، چاچلىرى يىرىك بولسا ، ئۇ ھالدا بىز بەدەن ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىمىز . ئەگەر بوي ـ بەستى پاكار ، سۆڭەكلىرى كىچىك ، تىرناقلىرى نېپىز ھەم يۇمشاق بولسا ، ئۇ ھالدا بىز روھ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىمىز . يىرىك چاچ ماددىچىلىق خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ ، ئىنچىكە چاچ سەزگۈر ھەم ئۆتكۈر روھىي پەزىلەتنى ئىپادىلەيدۇ . تۈز چاچ تۈز مىجەز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . بۇدۇر چاچ ئىدىيە جەھەتتە ئۆزگىرىشچان ۋە تۇراقسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ .

30 . كۆك كۆز ئەركىن ، خۇشال ، شاد ـ خۇرام ، شوخ مىجەز خاراكتېرنى ئىپادىلەيدۇ . كۇل رەڭ كۆز ئېغىر ـ بېسىق ، زېرەك ، قەتئىي مىجەزگە مايىللىقنى ئىپادىلەيدۇ . قارا كۆز ئالدىراقسان ، تېرىككەك ، تەۋەككۇل قىلىشقا ئامراق مىجەز ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . قوڭۇر كۆز سەمىمىي ، ھاياتىي كۈچ دوستانىلىقنى ئىپادىلەيدۇ .

31 . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سىز ئىچكى ئىدىيەڭىزنىڭ ئەڭ تولۇق نامايان قىلغۇچىسى . كۆزىڭىزنىڭ رەڭگى ، تېرىڭىزنىڭ ، چېچىڭىزنىڭ سۈپىتى ، شۇنىڭدەك بەدىنىڭىزدىكى ھەربىر تال سىزىق سىزنىڭ ئادەتلەنگەن ھالدا ئىگە بولغان ئىدىيەڭىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

32 . شۇنداق بولۇپلا قالماستىن ، يازغان خېتىڭىز يېزىق ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماي سىزنىڭ ئىدىيە ئالاھىدىلىكىڭىز بىلەن بىردەك بولغان بىر خىل ئېنېرگىيەنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ ، شۇ سەۋەبتىن ھەمىشە سىز يەتكۈزمەكچى

بولغان مەنگە پۈتۈنلەي ئوخشمايدىغان ئۈچۈرلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

33 . تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشىمىزمۇ بىزنى ئەگىشىپ يۈرگەن روھىي كەيپىياتنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا، مەشىق قىلىپ كۆنگەن روھىي ئانالىزچى قىلچە كۈچىمەيلا بىر ئادەمنىڭ كىيگەن كىيىمىدىن ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى بايقىيالايدۇ.

# 10 ـ ساۋاق: ئىلمىي تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش لازىم

ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن دىن ۋە روھشۇناسلىق ئۆزىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى يۇيۇۋەتتى ھەم ئۇلۇغ ئىدىيەسىنىڭ نۇرىنى چاچتى. ھالبۇكى تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئاقىلانىلىك، ئىلمىي ئىدىيەگە چەكسىز سادىق بولغان ھالدا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭدا قەتئىي چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىمىز، يەنىلا ئومۇمىي قانۇنىيەت ۋە ئۇلۇغ رولغا تەبىئىي ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت.

1. ئىلىم ـ پەن غايىچىلىك ئەمەس، تەبىئىيدۇر؛ ئۇ ھەرقانداق جايدىكى پاكىتلار ھەم ئۇنىڭ مەنتىقىلىق خۇلاسىسىنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ، بۇ ياكى ئۇ يۆنىلىشتىكى سىستېمىغا ئالدىنئالا چوقۇنمايدۇ. ۋىللىيام دوبېرت مۇنداق[1] دېگەن ئىدى: «ئىلىم ـ پەننىڭ ھەم ئۈمىدى، ھەم بىر تەرەپلىمە قارشى بولماسلىقى لازىم، ھەقىقەت ئۇنىڭ بىردىنبىر نىشانى بولۇشى كېرەك.»

خۇكسلېي[2] مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پېنى ئەڭ مۇنەۋۋەر شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالدى، ئەدىبلەرمۇ تۇيمايلا ئۆزىگە ئىلمىي روھنى سىڭدۈرۈۋالدى ھەم ئۇلار ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىدە ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللانماقتا. ئىشىنىمەنكى، ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ئەقىل ئىنقىلابى، بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم ـ پەننىڭ رولى ئارقىلىق

① گروۋ ۋىللىيام روبېرت (1811 ـ 1896)، ئەنگلىيىلىك فىزىكا ئالىمى، ئۇ 1839 ـ يىلى تۇنجى يېقىلغۇ باتارېيىسىنى تەتقىق قىلىپ چىققان.
② توماس ھېنرى خۇكسلېي (1825 ـ 1895)، ئەنگلىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى، دارۋىننىڭ قەيسەر قوغدىغۇچىسى.

ئاستا ـ ئاستا يۈز بەرمەكتە . ئىلىم ـ پەن دۇنياغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇرماقتا : ئاخىرقى ئەرز قىلىشنىڭ يولى نوپۇز ئەمەس ، بەلكى كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىشتىن ئىبارەت ؛ ئۇ دۇنياغا بۇنى ئۇقتۇرماقتا : دەلىل ـ ئىسپاتنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىش كېرەك ؛ ئۇ بىر قەتئىي ، رېئال ئىشەنچنى ياراتماقتا : مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ئەخلاق قانۇنىيىتى ۋە تەبىئىي قانۇنىيەت مەۋجۇت ، بۇ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنۇش بىر ئەقىللىق ھاياتلىقنىڭ مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ ئالىي نىشانىدۇر . »

3 . رېدى① ئاۋارە بولۇپ چوڭقۇر ئويلىنىشتىن ئېرىنىپ ، تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئاتالمىش «تەبىئىي پەيدا بولۇش تەلىماتى»نىڭ ئالاھىدە مىسالغا بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلغان .

4 . بۇ يەردە بەزى ھايۋانلارنىڭ تاپلىرى ياكى بىر نەچچە پارچە گۆش بار ، ـ دەيدۇ ئۇ ، ـ ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى مەن ئۇلارنى ئوچۇق قويسام بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ، ئۇلارنىڭ مىغىلدىغان لىچىنكىلار قاپلايدۇ . مەن شۇنىڭغا ئوخشاش جەسەتنى ناھايىتى يېڭى چېغىدا كەڭ ئېغىزلىق بوتۇلكىغا سېلىپ ، ئاندىن بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى بىر پارچە قېلىن داكا بىلەن ھىم ئېتىپ قويسام ، بىر تالمۇ لىچىنكا پەيدا بولمايدۇ ، ئەمما بۇ تاپلار ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا سېسىپ كېتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئېنىقكى ، لىچىنكا سېسىغان گۆشتىن پەيدا بولمايدۇ ، لىچىنكىلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب ، داكا تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان سىرتتىكى مەلۇم خىلدىكى نەرسىدىن ئىبارەت . لېكىن داكا ھاۋانى ياكى ئاقار جىسىمنى توسۇۋالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەرسە چوقۇم قاتتىق ئۇششاق دانچە ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چوڭلۇقتا داكىدىن ئۆتەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن . بۇ قاتتىق ئۇششاق دانچىلار زادى نېمە؟ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىز بۇ سىرنى

---

① فرانسىسكو رېدى (1626 ـ 1697 ) ، ئىتالىيەلىك ، تەبىئىي پەيدا بولۇش تەلىماتى»نى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان .

ئاچالايسىز . چۈنكى ، تاپىنىڭ پۈرقىنى ھىدلىغان چىۋىنلار ئولىدە-
شىپ كېلىپ ، بوتۇلكىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ ، كۆچلۈك ئەمما
خاتا يېتەكلەنگەن تەبىئىي تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ، تۇخۇملىرى (لى-
چىنكىلار مۇشۇ تۇخۇملاردىن چىقىدۇ )نى داكىغا تۇغىدۇ ھەم ناھا-
يىتى تېزلا لىچىنكىلار تۇخۇمدىن چىقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مۇن-
داق خۇلاسە چىقىرىشتىن ساقلىنالمايمىز : لىچىنكا تاپتىن پەيدا
بولمايدۇ ، بەلكى چىۋىن تۇغقان تۇخۇملار ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرى-
دۇ .

5 . بۇ تەجرىبىلەر قارىماققا ئاددىي بولۇپ گۆدەكلىكتەك كۆ-
رۈنىدۇ ، سىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنى قانداقسىگە بىرەركىم ئويلا-
پ يەتمىگەندۇ ؟ دەپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن . ئەمما ، ئۇ
ئاددىي بولسىمۇ ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ ، چۈنكى
بۇ تەتقىقات تېمىسى توغرىسىدا ئىشلەنگەن ھەربىر تەجرىبە بۇ
ئىتالىيەلىك پەيلاسوپ ئوتتۇرىغا قويغان ئەندىزىگە مۇۋاپىق كېلىشى
كېرەك . ئۇ ئىشلىگەن تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى ، ئۇنىڭ ئىشلەت-
كەن ماتېرىياللىرىنىڭ نەقەدەر خىلمۇخىل بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر ، ئوخشاش بولۇپ چىققان . ھەيران قالغۇچىلىكى يوق يېرى ،
رېدىنىڭ كاللىسىدا جەزمەن مۇنداق بىر قىياس پەيدا بولغان :
مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بارلىق ئەمەلىي مىساللاردا (يۇزە-
كىي قارىغاندا ھاياتلىق ئۆلگەن ماددىلاردىن پەيدا بولىدۇ ) ، ھەقى-
قىي چۈشەندۈرۈش مۇنداق : تىرىك مىكرو ئورگانىزم سىرتتىن
ھېلىقى ئۆلگەن ماددىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ،
تۆۋەندىكى بۇ قىياس ئېنىق ھالدا شەكىللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
بولىدۇ : تىرىك ماددىلار ھەمىشە تىرىك ماددىلارنىڭ ۋاستىچىسى-
دىن ئاۋۋال پەيدا بولىدۇ ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن ، ھەربىر ئالاھى-
دە مىسالدا ، تىرىك ماددا ھەرقانداق بىر ئىنچىكىلەپ دەلىللىگۈچى
ئېتىراپ قىلغان باشقا ئۇسۇلدا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ، بۇ
قىياس ھۆرمەتلىنىشكە ھوقۇقلۇق ، شۇنداقلا رەددىيەنى قوبۇل قى-

لىش مەجبۇرىيىتى بار .

6 . ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلغىنى ھاياتلىق شەكلىنىڭ ياكى بۇن-داق ياكى ئۇنداق بىرلىشىشى بولماستىن ، مۇنداق بىر جەرياندىن ئىبارەت : ئالەم مۇشۇ جەرياننىڭ مەھسۇلى ، بۇ ھاياتلىق شەكىللى-رى مۇشۇ جەرياننىڭ پەيتلىك ئىپادىلىنىشىدۇر . تىرىك ماددىلار دۇنياسىدا ، بۇ ئالەم جەريانىنىڭ ئەڭ تىپىك بىر ئالاھىدىلىكى ياشاش رىقابىتىدىن ئىبارەت ، ھەربىر تىرىك ماددا باشقا بارلىق تىرىك ماددىلار بىلەن رىقابەتلىشىدۇ ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى تاللىنىشتىن ئىبارەت بولىدۇ ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بەختكە يارىشا ئامان قالغان ھاياتلىق شەكىللىرى ئومۇمىي جەھەتتە ئۆزلىرى ھەرقانداق چاغدا ئىرىشكەن مۇھىتقا ئەڭ مۇۋاپىق كەلگەن بولىدۇ ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا (پەقەت مۇشۇ جەھەتتىن) ، ئۇلار ئەڭ مۇۋاپىق . ئىدىرلىقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئارىسىدا بۇ ئالەم جەريانى يېتىپ بارغان يۇقىرى پەللىنى ياۋا ئوت - چۆپلەر ۋە ئۇلېكس چاتقىلى قاپلىغان چىملىقلاردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ . ئۇنداق مۇھىتتا ، ئۇلار رىقابەتتە يېڭىپ چىقىدۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ ھايات ياشاۋاتقانلىقى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ياشاشقا ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

7 . ئەقىلگە ئىگە ھاياتلىقلاردا ، ئۇلارنىڭ توقۇلما تۈزۈلۈشىدە قانچىلىك چوڭ پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالىدىن قەتئىي-نەزەر ، ئاخىرى جەزمەن تامامەن ئوخشاش بەزى ئالاھىدىلىكلەر بارلىققا كېلىدۇ . پۈتكۈل ئالەمدە ، تەپەككۇر قىلىش قانۇنىيىتى شۈبھىسىز ھالدا ئوخشاش بولىدۇ .

8 . تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان ئورگان جىسمانىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلاردىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنسانلارغىچە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ئۈزلۈكسىز جەريانىنى كۆر-سىتىپ بېرىشى مۇمكىن بولغىنىدەك ، شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەربىر قېتىملىق ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان

جىسمانىي ئالاھىدىلىك ۋە روھىي ئالاھىدىلىكىنىڭ يۇكسىلىش جەريانىنىمۇ ئۇنىڭ جىسمىدىن تاپقىلى بولىدۇ . مەيلى بىئوفۇرمالوگىيە بولسۇن ياكى خىمىيە بولسۇن ، مەيلى ماكرو تەتقىقات بولسۇن ياكى مىكرو تەتقىقات بولسۇن ، ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭەسى بىلەن هايۋانلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئوتتۇرىسىدا قانداق ماھىيەتلىك پەرق بارلىقىنى بايقىيالمايدۇ . پەرقنىڭ ناھايىتى چوڭ بولۇش ئېهتىمالى بولسىمۇ ، بەربىر دەرىجە جەھەتتىكى پەرقتىن ئىبارەت بولىدۇ . بۇ نېمە ئۈچۈن بەزى ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، ئۇلار بۇنداق تېپىك ياكى ماھىيەتلىك ھەرقانداق پەرقنى بايقاشقا ھەم مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئادەمنى تەبىئەت تارىخىدىكى بىر ئالاھىدە ئورۇنغا ۋە دەرىجىگە قويۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى .

9 . خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داڭلىق پسىخولوگىيە پروفېسسورى ۋىلىيام ماك دوۋگل[1] تورونتودا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنگلىيە ئىلىم - پەننى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا ، تۆۋەندىكى ئىنتايىن مۇھىم سۆزىنى ئېلان قىلغان :

بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ، ئىلمىي تەتقىقاتتا كىرىشكەن چېغىدىمىزدا ، ئادەمنىڭ مەقسەتچانلىقى خېلى زور ئەخلاق جاسارىتىگە موھتاج بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرغان ئىدىم . ئۇ سپېنسېر ۋە خۇكسلېينىڭ دەۋرى ، كلىففورد ۋە دىندالنىڭ دەۋرى ، لانگېر ۋە ۋېيسماننىڭ دەۋرى ، فۇۋارم ۋە بېننىڭ دەۋرى ئىدى . دۇنيا ھەم ئۇنىڭدىكى بارلىق تىرىك نەرسىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن شۇقەدەر يۇقىرى ئابرۇي ، شۇقەدەر چوڭ ئىشەنچ بىلەن مېخانىكا ھەممىنى بەلگىلەيدۇ ، دېگەن دېتېرمىنىزم سىستېما ئاساسىدا ئىپادىلىنىۋاتاتتى ، ھەتتا بىر ئادەم گويا ئىككى كەسكىن قارىمۇقارسى تاللاشقا دۇچ كەلتۈرۈلگەن ئىدى .

---

① ۋىلىيام ماك دوۋگل (1871 - 1938 ) پسىخولوگىيە ئالىمى . ئۇنىڭ خىزمىتى ئاساسلىقى تەبىئىي ئىقتىدار نەزەرىيىسى ۋە ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىگە تەسىر كۆرسەتكەن .

بىر تەرەپ ئىلىم - پەن ۋە ئومۇمىي مېخانىزمىدىن ئىبارەت ، يەنە بىر تەرەپ ئىنسانپەرۋەرلىك ، دىن ، مىستىزىم ۋە خۇراپاتلىقتىن ئىبارەت ئىدى .

ئەمما ، مەڭگۈلۈك قاتتىق ئاتوم ۋە ئومۇمىي ئېلاستىك ئېفىر شۇنىڭدەك ساپ مېخانىكا ساھەسىدىن تەشكىل تاپقان فىزىكا دۇنياسى بىر دۆۋە قالايمىقان سۇبىستانىيەلەر ۋە ھەرىكەتلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى ، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش ، خۇددى كالېيدوسكوپقا ئوخشاش ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتاتتى ، ئاتوم ئاللىقاچان نەزەردىن يىراقلاپ كەتكەن ، ماددا ئۆزىنى ئېنېرگىيەگە پارچىلىغان ئىدى ؛ ئېنېرگىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيتتى ، شۇ چاغدا ئۆزگىرىش ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى .

پىسخولوگىيەدە ، تىرىك جىسىملارنىڭ مۇرەككەپلىكى كىشىلەر تەرىپىدىن تولۇق تونۇۋېلىنغان چاغدا ، ئۇنىڭ ئورۇن يۆتكەش ، ئۆزىنى تەڭشەش ، كۆپىيىش ۋە ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى تېخىمۇ تولۇق تەتقىق قىلىنغان چاغدا ، 19 - ئەسىرنىڭ مېخانىكا ھەممىنى بەلگىلەيدۇ ، دېگەن نەزەرىيەگە بولغان ئىشەنچمۇ پەيدىنپەي ئاجىزلاشتى .

ئومۇمىي بىيولوگىيەدە ، مېخانىزملىق يېڭى دارۋىنىزم تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ قېيىن سوئاللىرى ئالدىدا ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران بولدى ، بۇ مەسىلىلەر : ئۆزگىرىش ۋە توساتتىن ئۆزگىرىشنىڭ مەنبەسى ، تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئەقىلنىڭ ئۈستۈنلۈكى ، مەقسەتلىك رىقابەت (ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدە بولغان تەقدىردىمۇ ) نىڭ ئالامىتى ، تىپلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇزاق ساقلىنىشچانلىقى بىلەن ھاياتلىق ساھەسىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان تۇراقسىز ھاسىلاتچىلىقىنىڭ باغلىنىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى .

10 . مەن قانداق پەلسەپىنىڭ توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىدىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن . مەن پەقەت ئەركىن - ئىختىيارىي پەلسەپىۋى تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنىڭلا بىزنى توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىگە باشلاپ بارالايدىغان بىردىنبىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . مەن ھەقىقەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەسىر كۈچى ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتىمەن ، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە ، ھەقىقەتنى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى كۆتۈرسەك بولىدۇ .

11 . ئەمما ، ئەگەر مەن پىروفېسسور جون دېۋېينىڭ ئۆزىگە① بولغان ئىشەنچى ئىنتايىن يېتەرسىز بولغان چۈشەندۈرۈشىگە ئىشىنىدىغان بولسام ، بۇ دۇنيادا بارلىققا كەلگەن ئىلىم - پەن بىلەن تەتقىدىي مۇلاھىزە ناھايىتى چوڭ ئىككى پەلسەپىۋى يۈزلىنىشنى ئېلىپ كەلگەن بولىدۇ ، مېنىڭچە ، ئۇلار دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سەنئىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

12 . ئالدى بىلەن ، پەلسەپە ئۆزىنىڭ بىلىمشۇناسلىقىنى ئۆزگەرتتى . بۇ دەل ئەقىلنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئالاھىدىلىكىدۇر . بۇ تۆھپىنى بىيولوگىيە ياراتتى . كونا كۆزقاراش مۇنداق دەپ قارايتتى : بىلىم بولسا مۇستەقىل ئىدراكتىن بەرپا بولىدۇ ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئىدراك بىلىمگە تۇتاشقان داغدام يولدىن ئىبارەت . بىيولوگىيە بۇ كونا كۆزقاراشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، بىلىم بولسا جانلىق ئورگانىزمنىڭ تاشقى مۇھىتقا قاراتقان ھەرىكىتى ، ئەكس تەسىرى ۋە «قايتۇرما زەربىسى» دىن ئىبارەت دەيدىغان بىر خىل يېڭى كۆزقاراشنى شەكىللەندۈردى . بىلىم مۇشۇ سەۋەبتىن بىر ھاياتلىق گەۋدىسىنىڭ ئۆز ئىچكى تۈزۈلۈشىنى مول- لاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىدىكى ئىجابىي ، ئۈنۈملۈك تەجرىبىسى بولۇپ قالدى . تېخنىكىلىق كەسپىي سۆزلەرنى

① جون (1859 - 1952) ، ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ۋە مائارىپ ئىسلاھاتچىسى ، ئۇ مائارىپنىڭ پەقەت بىر ئابستىراكىت قورال بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقتا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان

تەتقىق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغاچقا ، ئەقىلچىلەرنىڭ ئەقىلچى-لىكى ۋە تەجرىبىچىلەرنىڭ تەجرىبىچىلىكى ئۇچۇن ئاساس تىكلەپ بەرگەن قەدىمىي پسىخولوگىيە ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلان-دى . ھەتتا بىز ئۇنىڭ نېمىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى تونۇيالماي قالدۇق .

13 . ئاندىن قالسا ، بىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىش بىزگە ھەقىقەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەمدە نېمىنىڭ ھەقىد-قەت ئىكەنلىكى ، نېمىنىڭ ھەقىقىي كۆزقاراش ئىكەنلىكى توغرى-سىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئاتا قىلدى . بىز ھەقىقەتنىڭ بىلىمگە ئېرىشىش ئۇسۇلىمىز بىلەن پۈتۈنلەي چېتىشلىق ئىكەن-لىكنى بايقىدۇق . ئۆزگەرمەس ھەقىقەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرى-دىغان ، پانى دۇنيادىكى تاماقلارنى يېمەيدىغان بىر ساھەگە مەنسۇپ دەيدىغان بۇ قەدىمىي كۆز قاراش بۇگۇنكى كۈندە مۇنداق بىرخىل چۈشەنچىگە ئۆزگىرىشكە باشلىدى : ھەقىقەت بىر خىل ھەرىكەتلەد-نىپ تۇرىدىغان جانلىق نەرسىدىن ئىبارەت ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، رې-ئاللىق بىلەن غايە ، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ ، تەجرىبە بىلەن ئىدراك ، ئەمەلىي گەۋدە بىلەن ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي كۆرەش ئاللىقاچان كونىراپ كەتكەن ئىشقا ئايلىنىپ قالدى ، چۈن-كى كىشىلەر بۇنداق كۆرەشنىڭ قانداق ئەمەلىي نەتىجىسى بولىد-غانلىقىنى كۆرۈۋالدى .

14 . چۈنكى جەمئىيەتنىڭ يەلكىسىدىكى ئازاب تەڭپۇڭسىز خامچوتتىن ، بۇزۇلغان كىلىشىملەردىن كېلىپ چىققان بولماس-تىن ، بەلكى خاتا روھى جەريانلاردىن كېلىپ چىققان . بۇ جەريان-لارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىرى ئاللىقاچان تۇزۇمگە ئايلاندى ، ھالبۇكى تۇزۇم بولسا مارتىن ئېيتقاندەك ، كونىرىغان ، قائىدە - يوسۇنلاشتۇرۇلغان ئادەتتىن ئىبارەت ، خالاس . شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر يۇرگۇزۇش ئۇسۇلى ، يا توغرا ، يا خاتا ، ياقائىلانە ، يا ئەخمىقانە تۇزۇمنىڭ ئاشۇ نەرسىلىرىنى تەييارلاشتىن

ئىبارەت. ناھايىتى چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدىغان بەزى روھىي جەريانلار — بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى بارلىققا كەلگىلى ئۇزۇن بولغان تۈزۈمدىن ئىبارەت. ئۇ ئىچكى ھاياتلىقنىڭ يېڭى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كېڭىيىشكە، ئۇلارنىڭ يېڭى بىر روھى سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئىلىم — پەن دەل مۇشۇ نۇقتىنى دۇنياغا ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتە. بۇ روھىي ئادەتلەر قەبىھلىك دەپ ئاتالغىنى يوق، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ئاشكارا قەبىلىمىزنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ، ھەتتا تونۇۋېلىنمايدۇ، زاسېداتىللار ئۆمىكى بىلەن تەكشۈرۈش ھەرگىز ئۇنى ئىجتىمائىي يىمىرىلىشقا سەۋەب بولۇۋاتقان «دەۋا ئىشلىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزمەيدۇ، چۈنكى زاسېداتېللار ئۆمىكى بىلەن تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئۆزىمۇ ئوخشاش ئادەتنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالغان. ئەمما، ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن دىققەت قىلىنمىغۇچە ھەمدە ئۆزگەرتىلمىگۈچە، جەمئىيەتنىڭ ئاقىلانە بولۇپ ئۆزگىرىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. جەمئىيەت ئاقىلانە بولۇپ ئۆزگەرمىگىچە، ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئەركىن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

15. جانلىق ئورگانىزم تېنىدە، نوقۇل جىسمانىي كۈچ ۋە جانسىز تەبىئەتنىڭ خىمىيەسى بولغاندىن باشقا، يەنە مەلۇم باشقا نەرسە — مەلۇم خىلدىكى ھاياتلىق توختىغان ھامان يوقىلىپ كېتىدىغان نەرسە مۇقەررەر بولىدۇ، چۈنكى مۇنداق بىر ئىنتايىن مۇھىم شارائىت مەۋجۇت: بۇ شارائىت ئاستىدا، مولېكۇلا دان تۈتۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئۇلار ئانورگانىك تەبىئەتنىڭ ئاشۇ تۈزۈلۈشلىرى بىلەن بەكمۇ چوڭ پەرقلىق بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى بىر سەۋىيەدە تۇرىدۇ. بىر تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرغۇچى كۈچ، بىر خىل ئىنشائاتچى كۈچ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ خىمىيەلىك تۈزۈلۈشلەرنى يۈكسەلدۈرۈپلا قالماي، يەنە قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىي قۇرۇلمىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ھەمدە

ئەجدادىنىڭ سۈپىتىدىن قالغان مىراسىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ، ماددىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىش قانۇنىيىتى بۇنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزدۇر .[1]

16 . ئاۋگۇست كومتېي «دەلىللەش روھى ئۆزىنى ئىككى خەۋپ ـ سىرلىقشۇناسلىق ۋە تەجرىبىچىلىكتىن يىراقلاشتۇرۇشقا باغلىق » سىرلىقشۇناسلىق ئارقىلىق ، دەلىللىگىلى بولماسلىق چۈشەندۈرۈشكە ئۆزىنى بېقىندى قىلىپ قويدى ، ئەزلىيەتچىلىكنى يالغان سۆزلىرىگە بېقىندى قىلىپ قويدى . كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى بۇ نەرسىلەردىن خۇشاللىق تاپتى ، لېكىن بىز بارلىق «ھەقىقىي» بىلىملەرنى بىر ياكى ئالاھىدە پاكىتقا ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم . شۇنىڭ ئۈچۈن ، دەلىللەش ئىلمىي ماددا ، مەقسەت ياكى سەۋەبنى تەتقىق قىلىشنى رەت قىلىدۇ ، ئۇ نەزەرىنى پەقەت ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگىلا قارىتىدۇ .

17 ) ئۇكۆزىتىش ياكى دىدۇكسىيەنىڭ ياردىمى بىلەن ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتنى بىلىۋالغان چېغىدا ، تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىدۇ ، چۈنكى بۇ قانۇنىيەتلەر توغرىسدىكى بىلىم ئۇنى بەزى ئەھۋاللاردا ھادىسىگە قول تىقىش ، سۇنئىي تەرتىپنى تەبىئىي تەرتىپنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ، ئۆز ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مېخانىكىلىق ، ئاسترونومىيەلىك ، فىزىكىدىلىق ، خىمىيەلىك ھەتتا بىيولوگىيىلىك ھادىسىلەر بۇگۈنكى كۈندىكى مۇناسىۋەت ۋە دەلىللەش ئىلمى تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكت ھېسابلىنىدۇ .

18 . ئەمما ، ئەگەردە مەسىلە ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانىدىن كېلىپ چىققان مەلۇم بىر پاكىتتىن ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ، تارىخ

---

① ئاۋگۇست كومتېي (1798 ـ 1857) ، فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ ۋە سوتسىئولوگىيىنىڭ ئاتىسى ، ئۇ دەلىلچىلىكنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ، ئۇنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى : بىلىمنىڭ نىشانى ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىش ئەمەس ، بەلكى ھادىسىنى تەسۋىرلەشتىنلا ئىبارەت ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ .

بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مەلۇم بىر پاكىتتىن ئىبارەت بولسا، ئۇنداقتا بۇنىڭ ئەكسىچە خاھىش دەرھال ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدىلا ئىزدەنمەيدۇ. بەلكى يەنە ئۇلارنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز ماھىيەت ۋە سەۋەبىنى تېپىپ چىقماقچىمىز.

19. ھېلىقىدەك ۋاڭ ـ چۇڭ بىلەن تولغان، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان ھەرىكەتلەر دۇنيانى ئاۋارىچىلىك ۋە پاراكەندىچىلىك بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، ئاخىرىدا ئىدراكىي تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىلمايدىغان بولسا، ۋەيران قىلىدىغان ئاپەت يۈز بېرىدۇ، بۇ قالايمىقانچىلىقلار يالغۇز سىياسىي سەۋەبكىلا مەنسۇپ ئەمەس. ئۇلار ئەخلاقنىڭ قالايمىقانلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ، بۇ خىل ئەخلاقنىڭ قالايمىقانلىشىشى يەنە ئاقىلانىلىكنىڭ قالايمىقانلىشىشىدىن كېلىپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەقلىنىڭ ئورتاق مۇراجىئەت قىلىش پىرىنسىپىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن، نوقتىئىنەزەر ۋە ئېتىقادقا بولغان تونۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك كەمچىل بولۇشىدىن كېلىپ، چۈنكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا نىسبەتەن، جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى ھېسسىيات ياكى ئورتاق مەنپەئەتنىڭ مەلۇم خىلدىكى تەڭپۇڭلۇقى يېتەرلىك بولمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، بىر ئورتاق ئېتىقاتقا ئىگە كوللېكتىپتا ئىپادىلىنىدىغان ئاقىلانە تەڭپۇڭلۇق بولمىسا بولمايدۇ.

20. يېتەرلىك بوش ۋاقتى بار، يېتەرلىك تەربىيىلەنگەن، بۇ خۇلاسىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقالايدىغان ھەم ئۆزىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتنى كۆرسىتەلەيدىغان ئادەملەر ھامان ئىنتايىن ئاز بولۇۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ پوزىتسىيەسى مۇقەررەر ھالدا بويسۇنۇش ياكى ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. يېڭى ھەقىقەت «ئىسپاتلانغان». ئۇ ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق بەرپا قىلىنمىغان ھەم تىزگىنلەنمەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى، مۇناسىۋەت ساھەسىدىن ھال-

قىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسىنى، ئەقىل دەلىل - ئىسپاتنى تاپقانلىقىنى ھەرقانداق چاغدا ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

21 . بۇخىل شەكىلدىكى «ھەقىقەت» كۆپلىگەن ئىلمىي پاكىت ئەمەلىي مىساللىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۈگۈنكى كۈندە بارلىق ئادەملەر قۇياش سىستېمىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە ئىشىنىدۇ ، بىز بۇ نەزەرىيىنى كوپېرنىكقا ، گالىلېيغا ، نيۇتۇنغا مەنسۇپ قىلىمىز . ئەمما ، بۇ نەزەرىيە ئاساسلانغان دەلىل - ئىسپاتنى قانچىلىك ئادەم چۈشىنىدۇ ؟ . ئۇلار بۇنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئېتىقاداندا ئېتىقاد مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ، لېكىن باشقا بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېتىقاداندا ئىلىم - پەن مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ زۆرۈر تەتقىقاتلارنى باشتىن كەچۈرىدىغان بولسا ، نەتىجىنىڭ ئوخشاشلا شۇنداق بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ .

22 . بىلىمدىن بارلىققا كەلگەن ئېتىقاد مەڭگۈلۈك تەرتىپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ نىشانىنى تېپىپ ، توختاۋسىز ئۆزگىرىشنى نامايان قىلىدۇ ، چەكسىز زامان ئارقىلىق ، چەكسىز ماكاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، ئالەم ئېنېرگىيەسىنىڭ نامايان بولۇشى ، ئىمكانىيەت باسقۇچى بىلەن چۈشەندۈرۈش باسقۇچىدا نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ .

23 . «ئىلاھ» بىلەن «ئالەم» ئوخشاش بىر ئەمەلىي گەۋدىدىن ئىبارەت ، ئۇ ھەم روھ ، ھەم ماددا ، ھەم ئىدىيە ، ھەم تاشقى ئامىلدۇر ، مانا بۇ ئىلاھنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بىردىنبىر خاسلىقىدىن ئىبارەت .

24 . بىزنىڭ يىراقتىكى ئالەمدە تۈزۈلۈش دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىز يوق بولغىنىدەك ، بۇ جانلىق مەۋجۇدىيەتلەر (ئىدراكىي مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە تېخىمۇ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇ-

ۋاتقان ) نىڭمۇ ئاقىلانە ئىقتىدار جەھەتتە يەرشارىدىكى ئىنسانلارغا ئوخشايدىغانلىقىدىن ئوخشاشلا قىلچە گۇمانلانمايمىز ، چۈنكى پۈت-كۈل ئالەمنىڭ ھەممىلا جايىدا ئوخشاش بولىدىغان پەقەت بىر خىل ئىقتىدارلار مەۋجۇت دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ - بۇ خىل ئىقتىدار بارلىق فىزىكىلىق قانۇنلارنى ئىقتىدار قانۇنى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ .

25 . پۈتكۈل تەجرىبە ئىشلىرىدا يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر خىل ھالاكەت مەۋجۇت ، پەقەت ئىلىم - پەننىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە توغرا ئىلمىي ئۇسۇللار ئاندىن بۇ خىل ھالاكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ساقلىنالايدۇ . قەدىمقى كىشىلەرنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر شۇنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، ئەگەر ئىلىم - پەننىڭ ياردىمى بولمىسا زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ خىل ياردەم نوقۇل ھالدىكى ئىشلە-نىشچان ياردەم ئەمەس . ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى بىزگە يىگى بىر پارچە زېمىن ئاتا قىلدى . ئۇ نەزەرىمىزنى كېڭەيتتى ، ئۇسۇل-لىرىمىزنى يېڭىلىدى ھەم رېئال نەزەرىمىزنىڭ كاتېگورىيەسى بىۋا-ستە كېڭەيتتى . تۆۋەندىكى گەپ ئازراقمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ھې-سابلانمايدۇ : بىز ھازىرقى زامان ئادەملىرى ياشاۋاتقان بۇ دۇنيانى ئەگەر قەدىمكى ئادەملەر چۈشىدە كۆرگەن بولسا ، ئېھتىمال ئۇنى ھەقىقەتەن بەك راھەت - پاراغەتكە بىرىلگەنلىك دەپ ئويلاپ قېلى-شى ، ھەتتا ئۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلال-ماسلىقى مۇمكىن ئىدى .

# 11 ـ ساۋاق : دۇئانىڭ قۇدرىتى

غايە بىلەن مۇددىئا ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىيات مۇسا-
پىسىگە تەسىر كۆرسەتتى ، ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان غايە ئۈچۈن ،
ھەربىر ئادەم ھاياتىدا تەشنالىق بىلەن ئىزدىنىدۇ ، قاتتىق ئويلىنى-
دۇ . بىز قەلبىمىزنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتىمىز ھەم ئۈمىدىمىز
ئۈچۈن ئىبادەت قىلىپ ، قەلب تۈيغۇمىزغا ئىنسانلارنىڭ نەچچەمىڭ
يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ ئىدىيەسىنى ھېس قىلدۇرىمىز .

1 . مەيلى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بولسۇن ياكى شەخسنىڭ تەقدى-
رى بولسۇن ، ھەقىقىي تۈپ ئامىل ۋە كۈچ مەسىلەن ، ئادەم بىلەن
ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇئامىلىدىن ئىبارەت بولىدۇ ، تارىخ-
نىڭ شەكىللىنىشىدە غايە بىلەن مۇددىئا ھادىسىلەرگە قارىغاندا
تېخىمۇ تەسىر كۈچكە ئىگە بولىدۇ . ھاياتلىقنى ئۇزاق مۇددەت
كۆزىتىش ، كىشىلەرنىڭ ئوي ـ خىياللىرى ۋە شۇ دەۋردىكى ھەر-
قانداق غەلىيان ۋە كەسكىن ئۆزگىرىشلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەھ-
مىيەتلىك بولىدۇ .

2 . ھازىرقى دەۋردىكى كىشىنى نارازى قىلىدىغان ئەھۋاللار
چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە كېسەللىك
ئالامەتلىرىدۇر . قانۇن چىقىرىش ۋە تىزگىنلەش ئۇسۇلى بىلەن بۇ
كېسەللىك ئالامەتلىرىنى داۋالاش ئارقىلىق ئۇلارنى يەڭگىللەتكىلى
بولسىمۇ ، ئەمما كېسەلنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ ، ئۇ باشقا
تېخىمۇ يامان بولغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ .
كونىراپ يىرتىلغان كىيىمنى ياماۋەرگەن بىلەن ئۇنى ھەرگىز
ياخشىلىغىلى بولمايدۇ . ئىجادىي تەدبىرلەر بىزنىڭ مەدەنىيلىكى-
مىز ، يەنى ئىدىيەمىز ئاساسىدا قوللىنىلىشى زۆرۈر .

3 . تۇرمۇشنىڭ پەلسەپىسى ، ئەگەر ئۇنىڭ ئاساسى قارىغۇلارچە ئۇمىدۋارلىق ، ھېچقانداق رول ئوينىمايدىغان بىرخىل دىن ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر تەشەببۇستىن ئىبارەت بولسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ زىيالىيلارغا قارىتا زادىلا جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ . نەتىجىدە بىز دۇچ كېلىدىغان قاتتىق سىناق : ئۇ رول ئوينىيالامدۇ ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ .

4 . كۆرۈنۈشتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ، دەل ھېلىقى بىزنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان ئىشتىن ئىبارەت . ئەگەر بىز «ۋەھىينىڭ بەخت ـ سائادىتى» گە كىرىشنى ئۇمىد قىلساق ئالدىنقىلار ئاياغ بېسىپ باقمىغان ئىدىيە چېگرىسى يولدا مېڭىشىمىز ، بىلىمسىزلىك قوملۇقىدىن كېسىپ ئۆتۈشىمىز ، «خۇراپاتلىق سازلىقى» دىن كېچىپ ئۆتۈشىمىز ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇننىڭ تاغلىرىغا يامىشىپ چىقىشىمىز لازىم . ئىقتىدار بىزگە ھامىيلىق قىلىدۇ . ئاقىلانە كۆرسەتمىگە ئىگە بولغان ئىدىيەنىڭ ئۆزى ئىجادچانلىقتىن ئىبارەت ، ئۇ ئىنسانىڭ ئىشقا ئېشىشىغا : ماددا قاتلىمىدا نامايان بولۇشىغا ئۆزلۈكىدىن تۈرتكە بولىدۇ . قولىقى بار ئادەملەر بۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار .

5 . بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىنىشنىڭ خاس ئالامەتلىرىنىڭ بىرى ، گۇمانلىنىش ۋە داۋالغۇش ئىچىدە نۇرىنى چاقناتقان ئۇمىدۋارلىقتىن ئىبارەت . بۇ خىل ئۇمىدۋارلىق يورۇتۇش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ ، نۇر يورۇتقان چاغدا ، قورقۇش ، غەزەپلىنىش ، گۇمانلىنىش ، شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىكلەر ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىدۇ . بىز تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى ، ئادەمنى ئەركىن قىلىدىغان بۇ بىر ھەقىقەتنى ، كىشىلەر بارغانسېرى ئومۇميۈزلۈك تونۇۋاتىدۇ . بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە ، مەلۇم بىر ئەر ياكى ئايالنىڭ بۇ ھەقىقەتنى باشلامچىلىق بىلەن تونۇپ يېتىشى گويا مۇمكىن ئەمەستەك بىلىنىدۇ ، لېكىن بىر ئېنىق يۈزلىنىش شۇكى ، مەرىپەتنىڭ نۇرىغا نىسبەتەن ، كىشىلەردە بارغانسېرى ئومۇمـ

يۈزلۈك ئۈيغىنىش بارلىققا كېلىۋاتىدۇ .

6 . ئاشكارا ئېڭىمىزدا مۇئەييەن ۋاقىت تۇرغان ھەربىر شەيئى ئاخىرى يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا ئىز قالدۇرىدۇ ھەم بىر خىل مودىغا ئايلىنىدۇ ، ئىجادىي ئېنېرگىيە بولسا بۇ خىل مودىنى تۇرمۇشىمىزغا ۋە مۇھىتىمىزغا كىرگۈزىدۇ . مانا بۇ ئىبادەت كۈچىنىڭ سىرىدۇر .

7 . قەدىمدىن ھازىرغىچە بۇ قانۇنىيەتنىڭ دەۋر قىلىشىنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ كەلدى ، ئەمما بارلىققا كېلىشى زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋال : چوڭقۇر پەلسەپە ئېقىمىنىڭ مەلۇم پەيلاسوپىنىڭ بۇ ئۇچۇرنى ئۆز ئالدىغا ئاشكارىلىشىدىن ئىبارەت . بۇ شۇنىڭ ئۇچۇنكى ، چوڭ ھوقۇقنى قولدا تۇتقان ئادەملەر قىلچە تەييارلىقى يوق ئاۋامنىڭ بۇ پىرىنسىپلار قويۇپ بەرگەن ئادەتتىن تاشقىرى كۈچتىن مۇۋاپىق پايدىلىنالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىدۇ .

8 . بىزگە مەلۇمكى ، ئالەم قانۇنىيەت تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ . نەتىجە بولغان ئىكەن ، جەزمەن سەۋەبى بولىدۇ ، ئوخشاش شەرت ئاستىدا ، ئوخشاش سەۋەب ھەمىشە ئوخشاش نەتىجە پەيدا قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇن ئەگەر دۇئانى ئىجابەت قىلىشتا ، مۇۋاپىق شەرت قاندۇرۇلغانلا بولسا ئۇ داۋاملىق ئىجابەت بولىۋېرىدۇ . بۇ جەزمەن توغرا ، ئۇنداق بولمىسا ئالەم تەرتىپلىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولماي قالايمىقان ، تەرتىپسىز گەۋدە بولۇپ قالىدۇ .

9 . ئالەمنىڭ ئىجادچانلىق قانۇنى بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ، ئۇ تەرتىپسىز ئۆزگىرىپ تۇرمايدۇ ھەم غەزەپلىنىش ، ھەسەت قىلىش ياكى ئۆچمەنلىك قىلىش ئىچىدە رولىنى جارى قىلدۇرمايدۇ ، ئۇنى ھېسداشلىق ياكى يېلىنىش ئارقىلىق ئالدىغىلى ، مايىل قىلغىلى ياكى تەسىرلەندۈرگىلى بولمايدۇ . ئەمما ، ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئالەم قانۇنى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەنسەكلا ، ئۇنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلەيمىز ، چۈنكى بىز پاراسەت

ۋە كۆچنىڭ مەنبەسىنى تاپالايمىز .

10 . ھەربىر تەپەككۇرچى شۇنى ئېتىراپ قىلىشى زۆرۈركى ، ئىجابەت بولۇشى ، ھەممىگە قادىر ئومۇمىي ئىقتىدار توغرىسىدا دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە قىلىدۇ ، بارلىق شەيئىلەردە ، بارلىق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ خىل ئومۇمىي ئىقتىدار قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ . بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىز بۇ خىل مەڭگۈلۈك ئىقتىدارنى ئادەملەشتۈرۈپ ، ئۇنى خۇدا دەپ ئاتىغان ئىدۇق ، لېكىن ئادەملەشتۈرۈش كۆز قارىشى ھالەت بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ ، ھالبۇكى ھالەت بولسا ماددىنىڭ مەھسۇلىدۇر . مەڭگۈلۈك ئىقتىدار ياكى ئەقىل جەزمەن بارلىق ھالەتلەرنىڭ يارانقۇچىسى ، بارلىق ئېنېرگىيىلەرنىڭ باشقۇرغۇچىسى ، بارلىق پاراسەتنىڭ مەنبەسىدۇر .

11 . دۇئانىڭ قىممىتى مەنىۋى پائالىيەتنىڭ قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . ئويلىنىش بىر خىل مەنىۋى پائالىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ ، شەخسنىڭ ئومۇمىي ئەقىلگە بولغان ئەكس تەسىرىدىن تەركىب تاپىدۇ . ئويلىنىش روھ ئىگە بولغان بىردىنبىر پائالىيەتتىن ئىبارەت . روھ ئىجادچان بولىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئويلىنىش ئىجاد قىلىش جەريانىدۇر ، ئەمما كۆپ قىسىم ئويلىنىش جەريانىمىز ئوبيېكتىپ ئەمەس ، بەلكى سۇبيېكتىپ بولغاچقا بىزنىڭ كۆپ قىسىم ئىجادىي خىزمەتلىرىمىز سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ . لېكىن بۇ خىزمەت مەنىۋىيەت خىزمىتى بولغانلىقتىن ، ئۇ يەنىلا ھەقىقىي بولىدۇ ، بىزگە مەلۇمكى ، تەبىئەت ئىگە بولغان ئۇلۇغ مەڭگۈلۈك كۈچ شەكىلسىز بولىدۇ ، ماددىي ئەمەس بەلكى مەنىۋى ، ئوبيېكتىپ ئەمەس ، بەلكى سۇبيېكت بولىدۇ .

12 . لېكىن ، تەپەككۇر قىلىش ئىجاد قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ھەمدە كۆپ ساندىكىلىرىمىز بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە شەرتلەرنى يارىتىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ، تەپەككۇر

قىلىشىمىز ، جانلىق ئەمەس ، بەلكى ئۆلۈك ، مول ئەمەس ، بەلكى يېتەرسىز ، ساغلام ئەمەس ، بەلكى كېسەل ، ئىناقلىق توغرىسىدا ئەمەس ، بەلكى توقۇنۇش توغرىسىدا ئويلىنىمىز ، شۇڭا ، كەچۈرمىشلىرىمىز ھەمدە بىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ كەچۈرمىشى ئاخىرىدا ئادەتلەنگەن ھالدا ئىگە بولىدىغان روھىي ھالىتىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، ئەگەر بىز ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئۈچۈن تەپەككۇرنى ئىبادەت قىلساق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلسەك ، ئۇلار توغرىسىدا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئويدا بولۇش ئارقىلىقمۇ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلەيمىز . بىز ئەركىن بولغان ئەخلاق ۋاستىچىسى ، شۇڭا ئوي ـ خىياللىرىمىزنى ئەركىن ھالدا تاللىساق بولىدۇ ، لېكىن تەپەككۇرىمىزنىڭ نەتىجىسى مەڭگۈلۈك قانۇننىڭ تېزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ .

13 . دۇئا قىلىش ئۆتۈنۈپ سوراش شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىردىن ، ھۆكۈم ھەقىقەت توغرىسىدىكى باياندىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ ئېتىقادنىڭ كۈچەيتىشىگە ئېرىشكەن بولىدۇ ، ھالبۇكى ئېتىقاد ، باشقا بىر خىل كۈچلۈك ئىدىيە شەكلى بولۇپ ئۇلار بويسۇندۇرغۇسىز بولۇپ ئۆزگەرگەن ، بۇ ماھىيەت روھىي ماھىيەتتىن ئىبارەت ، ئۇ يارالغۇچى بىلەن يارالغۇچىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ .

14 . ئەمما دۇئا بىلەن ھۆكۈم ئىجادىي ئىدىيەنىڭ بىردىنبىر ئىپادىلىنىش شەكلى ئەمەس . ئارخىتېكتور بىر كورپۇس ئاجايىپ يېڭى ئىمارەت سېلىشنى پىلانلىغان چاغدا ھەممىشە ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ ، ئۆزتەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يېڭىچە سىرتقى شەكلىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق ياكى ئۇنۇمدار قىلىدۇ ، بۇنىڭ نەتىجىسى ئادەتتە ئادەمنى ئۈمىد سىزلەندۈرمەيدۇ .

15 . تەسەۋۋۇر قىلىش ، ئوبرازلاشتۇرۇش ، بارلىق زېھنى بىلەن بېرىلىشنىڭ ھەممىسى مەنىۋى ماھارەتتىن ئىبارەت ، ھەممە-

ـسى ئىجادى بولىدۇ ،چۈنكى روھنىڭ ئۆزى ئىجادچانلىقتا ئىگە بىر خىل ئالەم قانۇنىدۇر ، ئىدىيەنىڭ ئىجادچانلىقىنىڭ سىرىنى بايقىـ. غان ئادەم ، دەۋرنىڭ سىرىنى بايقىغان ھېسابلىنىدۇ . ئىلمىي ئاتالـ. غۇ بىلەن بايان قىلساق ، بۇ قانۇنىيەت مۇنداق بولىدۇ : ئىدىيە ئۆزىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئوبيېكتى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ ، ئەمما يامان يېرى ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆز تەپەككۇرىـ. نىڭ كەمچىل ، چەكلىك ، نامرات ھەمدە باشقا خىلمۇ خىل شەكىلـ. لەردىكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئوي ـ پىكىرلىرىدە چەكـ. لىنىپ قالىدۇ . بۇ قانۇنىيەت كىمگىلا بولسۇن ، بىردەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرى ئۇلارنىڭ مۇھىتىدا كونكرېتلىشىدۇ .

16 . ئاخىرىدا ، يەنە سۆيگۈ بار ـ سۆيگۈمۇ بىر خىل ئىدىيە ھالىتىدىن ئىبارەت . سۆيگۈ ھەرگىزمۇ ماددىي بولمايدۇ ، ئۇنىڭ مەلۇم خىلدىكى ئىنتايىن چىن نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ ئىنـ. كار قىلالمايدۇ . سۆيگۈمۇ ئالەمنىڭ ئىجادچانلىق قانۇنىدۇر .

17 . سۆيگۈ ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى ، ھېسسىيات قورساق بوشلۇقى نېرۋا تۈگۈنى ۋە تۇيغۇ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىزگىنلىـ. شىگە ئۇچرايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ ، پۈتۈنلەي ئاڭسىز نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىزگىنـ. لىنىشى ئاستىدا تۇرىدۇ ، مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى ، ئۇنى قوزغايدىغان مۇددىئا ھەمىشە غەيرىي ئىدراكى ھەم غەيرىي ئەقلىي بولىدۇ . ھەربىر سىياسىي ئىغۋاگەر ۋە دىنىي قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىـ. تىنىڭ تەرغىباتچىسى بۇ قائىدىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە ھەم كىشىلەرـ. نىڭ كەيپىياتىنى قوزغىتالىسا ، ئۆزى ئۈمىد قىلغان نەتىجىنىڭ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن قۇتراتقۇچى ھەمىشە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قايناق ھېسسىياتى ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ ، ئىدراكقا مۇراجىئەت قىلمايدۇ . دىنىي قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەرغىباتچىلىـ.

ـرى ھەمىشە سۆيگۈنىڭ تەبئىي خاراكتىرى ئارقىلىق ھىسسىياتقا مۇراجىئەت قىلىدۇ ، ئەمما ئاقىلانىلىككە زادىلا مۇراجىئەت قىلماي- دۇ . ئۇلارغا مەلۇمكى ، كەيپىيات قوزغىتىلغاندا ، ئىدراك بىلەن ئاقىلانىلىك سۈكۈتكە چۆمىدۇ .

## 12 ـ ساۋاق : ھەربىر ئادەمدە ئوخشاشلا ئۇلۇغ ئىدىيە بولىدۇ

تارىخ مۇنداق بىر ئاددىي پاكىتنى ئىسپاتلىدى ، ئۇ بولسىمۇ ھەربىر ئادەمدە ئوخشاشلا ئۇلۇغ ئىدىيە بولىدۇ ، بۇ خىل ئىدىيە بىزگە ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغان ھەم قېنىمىز ھەتتا قەلبىمىزگە يىلتىز تارتقان بولىدۇ . ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ، بىر خىل ئۆزگەرمەس ئېتىقاد ، كەلگۈسى ئۈچۈن قەلبىدە چىڭ ساقلايدىغان بىر خىل ئارزۇ بولىدۇ .

1 . ئىپتىدائىي ئىرقلار ئەزەلدىن تەرەققىي قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە كونكرېت ئىپادىلەيدىغان دەرىجىگە يەتمىگەن . ئۇلار ئاتالمىش ياۋايى قەبىلىلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكىلىرى ھەم ھازىرقى دەۋردىكىلىرى بار ، مەلۇم دەرىجىدە ئۇلارنىڭ ساقلىنىپ قالغان كۆزقاراشلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيلەشكەننىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ، كىشىلەر تەرىپىدىن چۈشىنىۋېلىنىدۇ .

2 . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ، ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ بىردەكلىكى بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ئەلۋەتتە بۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىرقلارنىڭ ئوخشاش ـ چۈششەك ئىشلار جەھەتتە پەرقى بار بولسىمۇ ، ئەمما پەرقىنىڭ دەرىجىسى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك ، چۈنكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇنداق بىر پاكىت مەۋجۇت : دۇنيانىڭ بارلىق رايونلىرىدا ، ئادەمنىڭ ئەقلى ، مەۋجۇت تۈپ پاكىتلارغا تاقالغاندا ، ئۇنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلى ئاساسەن ئوخشاش بولغان . ئادەمنىڭ ئەقىل جەريانىنىڭ روھىي ھالەت جەھەتتە ئوخشىشىپ

كېتىدىغانلىقى ، هازىرقى دەۋردىكى كىشىنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدىغان بايقاشلارنىڭ بىرىدۇر .

3 . قەدىمقى دەۋردىكى دىنىنىڭ ماھىيەتلىك قىسمىنىڭ ئېتىقادقا تەۋە قىسمى ئەمەلىيەتكە تەۋە قىسمىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس ، ئادەم تەرەققىي قىلىپ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرالايدىغان ، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى دەڭسىيەلەيدىغان ۋە سېلىشتۇرالايدىغان دەرىجىگە ئانچە يەتمىگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمى ۋە ھېسسىياتىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئىنتىزامغا موھتاج بولغان . ئۇنىڭ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا توغرا كەلگەن ، بۇ خىل رىقابەت ئۇنىڭ ياردەمگە ئېرىشىشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ، تەبىئەتتىن تاشقىرى «مەۋجۇدىيەت» كە تەلپۈنۈشىگە سەۋەب بولغان ، ئۇ بۇ خىل مەۋجۇدىيەتكە «ئىلاھ» دەپ نام بەرگەن ، ئىلاھنىڭ غەزىپىنى بۇرىۋېتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا قۇربانلىق (نەزىر) قىلىش زۆرۈر بولغان ، ئىلاھ ئادەمنى قورقىتىدىغان بولغان .

4 . ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىق باشقا بىر خىل ئومۇمىي ئېتىقادتىن ئىبارەت ، بەزى روھ دوزاخقا كىرىدۇ ، بەزىلىرى بولسا جەننەتكە كىرىدۇ . يەنە بىر خىل ئېتىقاد ئاتالمىش «روھچىلىق» ، يەنى بارلىق شەيئىلەردە ـ يالغۇز ھايۋانلاردا ئەمەس ، بەلكى يەنە دەل ـ دەرەخ ، گۈلدۈرماما ، سۇ ، تۇپراق ، ئوت ، ۋەھاكازالاردىمۇ روھ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت . ئادەمنىڭ قىلىقى روھنى خاپا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادەمدىن ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن ، شۇڭا روھمۇ ئادەمنى قورقىتىدىغان بولغان .

5 . بۇ قورقۇش سىستېمىسى ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ، چۈنكى دەل ئۇنىڭ ياردىمىدە ئادەم بۇيرۇققا بويسۇنۇشنى ئۆگەنگەن . نۇرغۇن قەبىلىلەردە بىر ھايۋاننىڭ جېنى يوق قىسمى (مەسىلەن ، ئۇستىخىنى ، تىرنىقى ، قۇيرۇقى ، پۈتى قاتارلىقلار) دىمۇ جېنى بار ماددىي كۈچنىڭ مەلۇم نەرسىلىرى ساقلاپ قېلىنغان ، بۇ «نەرسە ئېتىقادچىلىقى» دەپ ئاتالغان .

6 . نەرسە ئېتىقادچىلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى «بۇتقا چوقۇنۇش» ئىبارەت . مۇشۇ سەۋەبتىن بىز ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ يەنىلا قەدىمكى كىشىلەر ئىگە بولغان تەڭرى چۈشەنچىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بايقايمىز . زېمىن ياكى ئايال ئىلاھ ـ چەكسىز باي بولغان ئانا قاتارلىقلارغا تىۋىنغان ئاشۇ دەۋردە ، ئادەم گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى ـ باتۇرلارنىڭ چېقىنىنى ئىسىگە ئالغان .

7 . بىز ، بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزگە تۇس قوشقانلىقىنى ، نۇرغۇن خۇراپاتلىقلارنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالايمىز .

8 . «تۇتىم تۇزۇمى» كىشىلەر قەبىلىلەرنىڭ ئىنچىكە ئايرىلىش تۇزۇمىگە بەرگەن نامدىن ئىبارەت ، تارماق قەبىلىلەر ئۆزىگە «تۇتىم» نى بەلگە قىلغان . تۇتىم ئادەتتە تەبىئىي نەرسىلەر ، مەسىلەن ، ھايۋانلاردىن ئىبارەت بولىدۇ . لېكىن دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكنى بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ سىمۋولى قىلىدىغانلارمۇ بار .

9 . «تۇتىم» ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىيانلارنىڭ تىلىدىكى بىر سۆز بولۇپ ، «ئەجداد» ياكى «جەمەت تارىخى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ ، ۋەھالەنكى بۇ دىن ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مەۋجۇت . دۇنيانىڭ بارلىق رايونلىرىدىكى كىشىلەر ئىزچىل تۇردە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش ۋە قۇربانلىق قىلىش ئادىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە .

10 . بۇ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئارىسىدىن بارلىق ئاتالمىش مەدەنىي دىنلارنىڭ يىلتىزىنى تاپقىلى بولىدۇ . بىر توپ دەرەخ بەزى ماسلارغا ئۆزىنىڭ يىلتىزى ئارقىلىق ئېرىشىدۇ . تېخىمۇ كۆپرەك نەرسىلەر بولسا يوپۇرماقلىرى ئارقىلىق ھاۋادىن كېلىدۇ ، شۇڭا ، مەدەنىي دىنلارمۇ خېلى زور دەرىجىدە يىراق ، مەدەنىي بولمىغان ئۆتمۈشكە ۋارىسلىق قىلىنغان نەرسىلەرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك . ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ھەمىشە غەيرىي ئىدراكى ، ئۇلار-

نىڭ مۇراسىملىرى ھەمىشە كىشىنى بىزار قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما دەل شۇلار ئارقىلىق سىرتقا، يۇقىرىغا تۇتىشىدىغان يولنى ئېچىش مۇمكىن بولىدۇ.

11. ئادىمىيلىك ئەزەلدىن مۇكەممەللىككە يېتىپ باقمىغان بولغاچقا، دىنىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىمۇ مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدۇ، دىن ھەمىشە كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ، لېكىن بارلىق دىنلار ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئادىمىيلىك «مەن» نىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولىدىغان ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ، ئېتىقاد بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ئەندىن چوڭقۇر ئېتىقادقا ئۆتكىچە بولغان ئۆزۈن مۇساپىسىنى تاماملايدۇ.

12. ئادەم ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ دىنىي بولىدۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يوقالمايدىغان بىر خىل ئارزۇ بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك راۋاجلىنىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولىدۇ. مانا بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىدۇر ـ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دىننى «ھاياتنى راۋاجلاندۇرۇش ماھارىتى» دەپ ئاتىساق بولىدۇ.

13. خۇددى «ئادەم دەۋرنىڭ مىراسخورى» بولغىنىغا ئوخشاش، بىز ھەربىر ئىپتىدائىي دەۋرلەردە مۇنداق دىنىي ئەقىدىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز: ئۇلار كېيىنكى بىر دەۋرگە يەتكۈزۈلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ نۇرغۇن رىۋايەتلىرىمىز ۋە خەلق چۆچەكلىرىمىز يىراق دەۋرلەردىن تاكى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

14. يىراق دەۋرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنى ئوقۇغان، سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بىز بەكمۇ قىزىقىسىنغان ھالدا، نۇرغۇن ھېكايىلەرنىڭ ئۇلار ئارقىلىق كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىمىز: چوڭ زەھەرلىك يىلان توغرىسىدىكى ھېكايە، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ جىنسىنىڭ ئايرىلىشى توغرىسىدىكى ھېكايە، جەننەت توغرىسىدىكى ھېكايە، تۇخۇم توغرىسىدىكى ھېكايە

قاتارلىقلار تا بۈگۈنگە قەدەر تۇرمۇشىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلمەك-تە . مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا يەنە نۇرغۇن ھېكايىلەر ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ھازىرقى زاماندىكى دىنلاردا ئوت-تۇرىغا چىققان .

15 . ھەربىر خىل دىندا ، توپان بالاسى توغرىسىدىكى ھېكايە بار ، بۇ بىر نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم ، چۈنكى ئۇ ئىلىم - پەنگە ماس كېلىدۇ ، ئىلىم - پەن بىزگە زېمىننىڭ كۆپ قېتىم سۇغا غەرق بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى .

16 . بابىلون ، ئاسورىيە ۋە مىسىردا ئىدىيىنىڭ بارلىق مە-راسلىرى ، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنىڭ روھىغا ۋە ئۆيىگە تەسىر كۆر-سەتكەن پەلسەپە قالدۇرۇلغان .

17 . ئەمما مىسىردىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زېمىننى كىممۇ ئوقۇپ باققان ؟ ئەگەر ئوقۇپ باققان بولسا ، ئەجەبا ئۇ قەدىمىي مىسىرنىڭ بىر خىل قۇتۇلدۇرۇش ئىلتىجاسىنى ھېس قىلمىغانمى-دۇ ؟ ئۇنىڭدا ئاشۇ سىرلىق يەرگە بېرىپ بېقىشتەك بىر خىل ئىستەك تۇغۇلمىغانمىدۇ ؟ ئۇ يەردە ، ئۇنىڭ بۇ خىل قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەسىراتى تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇشى مۇمكىن .

18 . رومانتىكلىقنى ئاللىقاچان يوقاتقان بۇ سىرلىق زېمىن ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ ھەسسە رومانتىك بولغان نىل دەرياسى تەرىپىدىن بىر پارچە قۇملۇقتا بەرپا قىلىنغان . بۇ يەر بەلكى يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر . تارىخ ئاللىقاچان ئۇيقۇسى-رىغان ھەم يىراق ئۆتمۈشتە يوقالغان ، لېكىن ، مىلادىيەدىن ئاۋ-ۋالقى 5000 - يىلىنىڭ ئالدىدا ، ئۇيەردە مۇنداق قەبىلىلەر مەۋجۇت بولغان : ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىلاھلىرى ئاشۇ يەردە ياشىغان ، ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز «تۇتىمى» بولغان .

19 . ئەتراپىدىكى ئەللەرنىڭ ئۆز «كۆپىيىش ئىلاھى» بولغى-نىغا ئوخشاش ، ئۇلارنىڭ بۇ يېرىدە تېخىمۇ قارشى ئېلىنغان ئۆلۈم ئىلاھى ئوسىرىس ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ، كۆپىيىش ئىلاھى ئىشىستىن

ئىبارەت ئىلاھلىرى بولغان . ئوسرىس نىل دەرياسىغا ۋەكىللىك قىلغان ، ئىشس مىسىرنىڭ زېمىنىغا ۋەكىللىك قىلغان ، بەزى پەسىللەردە ، نىل دەرياسى تاشقان ھەم باشقا قۇملۇق يەرلەرنى سۇغارغان ، دەريا سۇيىنىڭ تېشىشى بۇ قۇملۇق يەرلەرگە مول ھوسۇل ئاتا قىلغان ، ئوسىرىس بىلەن ئىشسنىڭ ئوغلى خورۇس ھوسۇل يىغىۋېلىشقا ۋەكىللىك قىلغان .

20 . مىسىرنىڭ ئىلاھلىرى ناھايىتى كۆپ ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، مىسىرنىڭ چۈشەنچىسى ۋە غايىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىلاھلىرى گۇرۇپپىلىنىپ تۈرلەرگە ئايرىلغان ، خۇددى جەمەتىشكىگە ئوخشاش ، ئاخىرىدا جەمئىي 9 ئىلاھ قالغان . ئۇ كېيىن گىرېتسىيەلىكلەر تەرىپىدىن «جۈنىد» دەپ ئاتالغان . بۇ خىل گۇرۇپپىغا ئايرىش بىزنىڭ ئۇزلۇق سان سىستېمىمىز تۈپەيلىدىن بولغان .

21 . بۇ دىنىنىڭ تەسىرىنى سەزگۈر ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ تەرەققىياتىدىن سېزىۋالغىلى بولىدۇ . ئۇ ئۆتكەننى ئويلاش ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى دەۋرى بولغان .

22 . ئەمما ، مىسىر دەھرىلىشىشكە باشلىغان . ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ، پەقەت پادىشاھلا جەننەتكە كىرەلىگەن . ئۇلار : «بۈگۈنكى كۈندە نېمە ئۈچۈن ئاددىي ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ ؟» دەپ سوئال قويۇشقان . بۇ يەردە ، بىز دېموكراتىك سىياسىينىڭ ئۇرۇقى بىخلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

23 . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇيەردە بىر پادىشاھ بارلىققا كەلگەن ، ئۇ كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ ، ئادەمنىڭ ئەقلىنى بىر ئىلاھ چۈشەنچىسىگە يېتەكلىمەكچى بولغان . بۇ چۈشەنچە «قۇياش ئىلاھى» چۈشەنچىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئىدى . ئەمما مىسىرلىقلار بۇنداق ئىسلاھاتقا تېخى تەييارلىق كۆرمىگەن بولۇپ ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلىشتا چىڭ تۇرغان .

24 . مېتىس Ⅱ ۋە سېتى Ⅰ نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ،

مىسىر ئاسىيانىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىغان. لېكىن بائال، ياناتاشتا قاتارلىق ئىلاھلار مىسىرلىقلارنىڭ ئېتىقادىدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرمىغان.

# 13 ـ ساۋاق : يوشۇرۇنغان شەربەت

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئادەم ھەمىشە خۇ-
شال ـ خۇرام ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان ھالدا ، ناھايىتى ئوبدان
ياشايدۇ ، ئۇ مەسۇم قىزلارنىڭ قەلبىنى تەسىرلەندۇرىدۇ . كىچىك
بالىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىدۇ ، ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدى-
غان خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىدۇ . ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ ،
ئۇ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان چاغدىكى دۇنيا ، ئۇ بۇ دۇنياغا كەلگەن
چاغدىكىدىن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ . ئۇنىڭدا يەر شارىنىڭ گۈزەللى-
كىدىن ھۇزۇرلىنىش زادىلا كەم بولمايدۇ . ھەم بۇ خىل ھۇزۇرلى-
نىشنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىمۇ كەم بولمايدۇ . ئۇ ھەمىشە باشقىلار-
نىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ . ھەم ئۆزىنىڭ
ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىنى باشقىلارغا ئاتا قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ تۇرمۇ-
شى بىر خىل ئىلھام ، ئۇلارنى ئەسلەش بەخت تىلىشىدىن ئىبارەت .

— ستانلى

1 . ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتساق بىز مەنىۋى ماددىدىن تەركىب
تاپقان تېگى يوق دېڭىزدا ياشايمىز . بۇ خىل مەنىۋى ماددا مەڭگۈ
ھاياتىي كۈچكە تولغان ، جۇشقۇن ھالەتتە تۇرىدۇ . ئۇنىڭ سېزىم-
چانلىقى چەكسىز بولۇپ ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان مەنىۋى ئېھتىياجغا
ئاساسەن شەكىللەنگەن . ئۇ ئىدىيەنىڭ مودىسى ياكى ھەممىنى بار-
لىققا كەلتۈرگەن ئاتا قىياپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ .

2 . ئالەم جۇشقۇن ھالەتتە بولىدۇ ، ھاياتلىقنى ئىپادىلەش
ئۈچۈن ، جەزمەن روھ بولۇشى كېرەك ، ئەگەر روھ بولمىسا ھېچ-

نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ ، ھەربىر مەۋجۇت شەيئىي مۇ شۇ بىر ئاساسىي ماددىنىڭ مەلۇم خىلدىكى ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت ، بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ، ئۇ تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ ھەم ئۈزلۈكسىز ھالدا تەكرار يارىتىلىپ تۇرىدۇ . دەل ئادەمنىڭ تەپەككۇر يۇرگۈزۈش ئىقتىدارى ئۇنى يارالغۇچى ئەمەس ، بەلكى يارانقۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ .

3 . بارلىق شەيئىلەر تەپەككۇر يۇرگۈزۈش جەريانىنىڭ نەتىجىسى . ئادەمنىڭ قارىماققا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى ئورۇندىشى ، دەل بۇ ئىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىدىن بولىدۇ .

4 . پۈتۈن زېھنىنى يىغىش ئارقىلىق ، كىشىلەر چەكلىكلىك بىلەن چەكسىزلىك ، قەرەللىكلىك بىلەن قەرەلسىزلىك ، شەكىللىك بىلەن شەكىلسىزلىك ، مەنىلىكلىك بىلەن مەنىسىزلىك ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورناتتى .

5 . ماددا ئېلېكترونلاردىن باشلاپ پەيدىنپەي ھاسىل بولىدۇ ، بۇ ئەقىل ئېنېرگىيەسىنى كونكرېتلاشتۇرىدىغان بىر جەرياندىن ئىبارەت .

6 . كىشىلەر لەيلەيدىغان سارايغا ئولتۇرۇپ دېڭىز - ئوكيانلاردىن قانداق ئۆتۈشنى ، بوشلۇقتا قانداق ئۇچۇشنى ، قوزغىتىلغان ئېلېكتىر سىمى ئارقىلىق ئىدىينى تەرەپ - تەرەپكە قانداق يەتكۈزۈشنى ئۆگىنىۋالدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ، ئىلگىرىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەكمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ، بەكمۇ ھەيران قالارلىق ، بەكمۇ چۈشىنىكسىز بىر ئىش ئىدى .

7 . كىشىلەر يەنە ھاياتلىقنىڭ ئۆزىنى تەتقىق قىلىشقا بۇرۇلۇپ ، بۇ ئارقىلىق بىلىملەردىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشنى تىنچ ۋە خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزىدۇ ، ئۆمرىنى تېخىمۇ ئۇزارتىدۇ .

8 . مەڭگۈ قېرىماسلىقنىڭ دورىسىنى تېپىش ئىزچىل تۈردە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر تۈرلۈك تەتقىقات بولۇپ كەلگەن

ئىدى ، ئۇتوپىيە خاھىشى بار نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا بارلىق زېھنى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى . قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ، پەيلاسوپلار ئىزچىل تۈردە ئادەملەرنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ماددىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى ، سارغىيىپ كەتكەن قول يازمىلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۇلار تۆلىگەن ئازابلىق بەدەل : ئارزۇنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ يوقغا چىقىشى ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئازابنى خاتىرىلەپ تۇرماقتا .

مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان تەتقىقاتچىلار ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن نەزىر سۈپىتىغا ئۆزلىرىنىڭ نەزىرلىكلىرىنى تەقدىم قىلدى .

9 . لېكىن ، كىشىلەر ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتىلىپ كەلگەن جىسمانىي ئامانلىقنى ساغلاملىق كارانتىنى ، دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى ساغلام غىزالىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ ، مەڭگۈ قېرىماسلىقنىڭ دورىسى ۋە پەيلاسوپلارنىڭ تېشى (يەنى ئالتۇن تاۋلاش تېشى ) نىمۇ يېمەكلىكنى تېزگىنلەش ، يېمەكلىك يېيىشنى مەنئى قىلىش ياكى بېشارەت بېرىش ئارقىلىق تاپقىلى بولمايدۇ .

10 . ئەۋلىيالارنىڭ سىمابىي ۋە «يوشۇرۇنغان شەربەت» ساغلام يېمەكلىكنىڭ تەركىبىدە ئەمەس .

11 . پەقەت ئادەمنىڭ ئەقلى گۈزەللەشكەندىلا ، ئۇنىڭ بەدىنى گۈزەللەشكەن ھالدا ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ .

12 . گۆشتىن تۈزۈلگەن تەن ئۆزلۈكسىز يوقىلىش ۋە قايتا قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت جەريان ئارقىلىق ساقلىنىدۇ .

13 . ساغلاملىق بىر خىل تەڭپۇڭلۇقتىن ئىبارەت ، خالاس . بۇنداق تەڭپۇڭلۇق تەبىئەتنىڭ يېڭى توقۇلمىلارنى يارىتىشى ، كونا توقۇلمىلارنى چىقىرىپ تاشلىشى (ياكى كېرەكسىز قىلىش ) دىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر جەريان ئارقىلىق ساقلىنىدۇ .

14 . نەپرەتلىنىش ، ھەۋەس قىلىش ، تەنقىد قىلىش ، ھەسەت قىلىش ، رىقابەتلىشىش ، شەخسىيەتچىلىك ، ئۇرۇش ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش غەرىزىدە بولۇش قاتارلىقلار قانىنىڭ كېسلاتالىق ھالىتىنى قوزغاپ ، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب ، روھنىڭ «مۇقەددەس ئىناقلىق كۈيى» نى ئورۇندىشى ياكى «ئاجايىپ ھۈنەر ۋە قالتىس ماھارەت» كۆرسىتىشىدىكى ئاچقۇچتىن ئىبارەت ، بۇ تەبىئەتنىڭ سىرلىق تەجرىخانىسىدىكى خىمىيەلىك ئېلېمېنتلارنىڭ تىزىلىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .

15 . تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش بەدەندە ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . يېڭى ھۈجەيرىلەر بەدەننىڭ يېمەكلىك ، سۇ ۋە ھاۋانى ئاكتىپ توقۇلمىلارغا ئايلاندۇرۇشى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ .

16 . چوڭ مېڭىنىڭ ھەربىر قېتىملىق پائالىيىتى ، مۇسكۇلنىڭ ھەربىر قېتىملىق ھەرىكىتى بەزى ھۈجەيرىلەرنىڭ خاراب بولۇشى ، شۇنىڭدەك يۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئۆلۈشىدىن دېرەك بېرىدۇ . ئۆلگەن ، قايتا ئىشلىتىلمەيدىغان ، كېرەكتىن چىققان بۇ ھۈجەيرىلەر جۇغلىنىپ ، ئاغرىش ، ئازابلىنىش ۋە كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

17 . بىز قورقۇش ، غەزەپلىنىش ، دىلخەستىلىك ، نەپرەتلىنىش ۋە ھەسەت قىلىشقا ئوخشاش مۇشۇنداق بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرگە ئىگە ئىدىيەلەرنىڭ كاللىمىزنى ئىگىلىشىگە يول قويساق ، بۇ خىل ئىدىيەلەر بەدىنىمىز ، چوڭ مېڭىمىز ، نېرۋىمىز ، يۈرىكىمىز ، جىگىرىمىز ۋە بۆرىكىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل فۇنكسىيەلىك پائالىيەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ، ئەكسىچە ھالدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان فۇنكسىيەلىرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىدۇ ـ دە ئىجابىي جەريانلار توختايدۇ ، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرگە ئىگە جەريانلار باشلىنىدۇ .

18 . ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، يېمەك-

لىك ، سۇ ۋە ھاۋا كەم بولسا بولمايدۇ ، بىراق كەم بولسا تېخىمۇ بولمايدىغان باشقا نەرسىلەرمۇ بار ، بىز ھەر بىر قېتىم نەپەسلەنـ-سەك ، ئۆپكىمىزنى ھاۋاغا توشقۇزۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزىمىز-نىمۇ «ھاۋا ئېنېرگىيەسى» گە تولدۇرىمىز ، ھاياتلىقنىڭ بۇ خىل نەپەسلىنىشى ئەقىل ۋە روھنىڭ ھەر بىر خىل ئېتىياجىنى قاندۇ-رىدۇ .

19 . بۇ خىل جان ئاتا قىلىدىغان روھ ھاۋا ، يېمەكلىك ۋە سۇغا قارىغاندا كەم بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ ، بىر ئادەم يېمەكلىك بولمىسىمۇ 40 كۈن ياشىيالايدۇ ، سۇ بولمىسا 3 كۈن ياشىيالايدۇ ، ھاۋا بولمىسا ئاران بىر نەچچە مىنۇتلا ياشىيالايدۇ ، ئەگەر زوھ بولمىسا ، بىر مىنۇتمۇ ياشىيالمايدۇ ، ئۇ ھاياتلىقنىڭ ئاساسلىق ماھىيىتى ، جۇملىدىن بارلىق ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ، شۇنداق قىـ-لىپ ، نەپەسلىنىش جەريانى بەدەننىڭ تۈزۈلۈشىنى يېمەكلىك بىـ-لەن تەمىنلەپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئەقىل بىلەن روھنىمۇ يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ .

20 . ھىندىستاندا ، يوگا تەلىماتى ھەممىگە مەلۇملۇق بىر پاكىت بار دەپ قارىلىدۇ ، ئەمما بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە بۇ پاكىت كىشىلەرگە ئانچە تونۇش ئەمەس ، بۇ مۇنداق : نورمال ، رىتىملىق نەپەسلەنگەندە ، ھەر قېتىمدا بىر بۇرۇن تۆشۈكى ئارقىلىق نەپەس ئېلىش ۋە نەپەس چىقىرىش كېرەك ، تەخمىنەن بىر سائەت ئوڭ بۇرۇن تۆشۈكى ئارقىلىق نەپەس ئېلىش ۋە چىقىرىش ، ئاندىن كېيىنكى بىر سائەتتە سول بۇرۇن تۆشۈكى ئارقىلىق نەپەس ئېلىش ۋە چىقىرىش لازىم .

21 . ئوڭ بۇرۇن تۆشۈكى ئارقىلىق كىرگەن ھاۋا مۇسبەت ئېلېكترو ماگنىت ئېقىمى ھاسىل قىلىدۇ ، بۇ ئومۇرتقا سۆڭىكىـ-نىڭ ئوڭ تەرىپىگە تارقىلىدۇ . سو بۇرۇن تۆشۈكى ئارقىلىق كىرگەن ھاۋا مەنپىي ئېلېكترو ، ماگنىت ئېقىمى ھاسىل قىلىدۇ بۇ ئېلېكترو - ماگنىت ئېقىمى سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ

نېرۋا مەركىزى ئارقىلىق پۈتۈن بەدەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ.
22. نورمال، رىتىملىق نەپەسلىنىشتە، نەپەس چىقىرىشقا سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت تەخمىنەن نەپەس ئېلىشقا سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىتنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر نەپەس ئېلىشقا 4 كەتسە، نەپەس چىقىرىش (يېڭىباشتىن نەپەس ئېلىش ئالدىدىكى بىر دەم تەبىئىي توختاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قا 8 سېكۇنت كېتىدۇ.
23. سىستېمىدىكى ئېلېكتىرو ـ ماگنىت ئېنېرگىيەسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى خېلى زور دەرىجىدە بۇ خىل رىتىملىق نەپەسلىنىشكە باغلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭقۇر، راۋان، رىتىملىق نەپەس چىقىرىش ۋە نەپەس ئېلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.
24. ھىندى دانىشمەنلىرىگە مەلۇمكى، نەپەسلىنىشكە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ سۇمۇرۇدىغىنى يالغۇز ھاۋادىكى ماددىي نەرسىلەر بولۇپ قالماستىن، جانىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت. ئۇلار كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، بۇخىل بارلىق كۈچلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۈچى (بارلىق ئېنېرگىيەلەر مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ) پۈتكۈل يارىتىلغان ئالەمدە رىتىملىق تەۋرىنىش ئارقىلىق ئاجىزلىشىدۇ ۋە يۈتكىلىدۇ. ھەربىر تىرىك نەرسە ئالەمنىڭ بۇ خىل نەپەسلىنىشىگە تايىنىپ ھايات تۇرىدۇ.
25. ئېھتىياج قانچىكى ئاكتىپ بولسا، تەمىنلىنىشىمۇ شۇنچە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭقۇر، رىتىملىق نەپەسلىنىش ئالەمنىڭ نەپەسلىنىشى بىلەن ماس بولغان، بارلىق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ھاياتىي كۈچ بىلەن ماس بولغان چاغدا، بىز بارلىق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ھاياتىي كۈچ بىلەن ئۆز ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمىنى بىرلەشتۇرەلەيمىز. ئەگەر شەخسنىڭ ھاياتى بىلەن ھاياتلىق سۇ ئامبىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل قويۇق ئالاقە بولمىسا، خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھاياتلىق-

ىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ .

26 . ئەركىنلىك ھەممىگە بىر تۇتاش باشچىلىق قىلىدىغان قائىدىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشتا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىردەك بولۇشتا . تەبىئەتنىڭ قانۇنى چەكسىز توغرا . توغرا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئەركىنلىككە ياتىدىغان قىلمىش ئەمەس . تەبىئەتنىڭ قانۇنى چەكسىز ساخاۋەتلىك ، ئۆزىنى ساخاۋەتلىك قانۇننىڭ تەسىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش ، ئەركىنلىك ئەمەس . پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ، ئارزۇنى قاندۇرغىلى ، تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى ، بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

27 . ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى پەقەت ئىككى قىرغاقنىڭ ئارىلىقىدا چەكلىنىپ تۇرغاندىلا ئاندىن ئەركىن ھېسابلىنىدۇ . قىرغاق ئۇنى ئۆزىنىڭ خاس فۇنكسىيەسىنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك مەقسىتىگە ئەگ قالتىس جاۋاب بېرىدۇ . دەل ئەركىنلىكى چەكلەنگەن ئەھۋالدا ، ئاندىن ئۇ تەڭپۇڭلۇق ۋە گۈللىنىشنىڭ ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىدۇ . ئەگەر دەريا قىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە ياكى ئۇنىڭ ئېقىم مىقدارى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتسە ، دەريا يولىدىن ئايرىلىپ ، پۈتكۈل رايونغا يامراپ ، يوقىلىش ۋە قۇرۇپ كېتىش ئۇچۇرىنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ . ئۇ چاغدا ئۇ ئەركىن ھېسابلانمايدۇ .

28 . زۆرۈرلۇكنىڭ ئۆزى ئېھتىياجدىن ئىبارەت ، ئېھتىياج ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ، نەتىجىدە تەرەققىيات ئېلىپ كېلىدۇ ، بۇ جەريان ھەر ئون يىلدا تېخىمۇ چوڭ تەرەققىياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ، شۇڭا ، بىز تامامەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى ، يېقىنقى 25 يىلدا دۇنيا ئېرىشكەن تەرەققىيات بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق ئەسىردىكىدىن زور بولدى ، يېقىنقى بىر ئەسىر ئىچىدە دۇنيا ئېرىشكەن تەرەققىيات ئىلگىرىكى بارلىق دەۋرلەردىكىدىن زور بولدى .

29 . ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرى ، مىجەز ئالاھىدىلىكى بولىشى ، مەلۇم بىر ئېنىق قانۇنىيەت بۇ بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنى ئىدارە قىلىدۇ ۋە تېزگىنلەيدۇ .
30 . ئىدىيە ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئەقىلدىن ئىبارەت ، روھنىڭ ئېغىرلىق كۈچى ئەقىلنىڭ قانۇنىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاتومنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ فىزىكا ئىلمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ ، ئەقىلنىڭ ئۆز خىمىيەلىك كۈچى ۋە تۈزۈلۈش كۈچى بولىدۇ ، بۇ كۈچلەر ھەر قانداق فىزىكىلىق كۈچكە ئوخشاش ئېنىق بولىدۇ .
31 . ئىجاد قىلىش ئەقىلنىڭ كۈچىدىن ، بۇ كۈچنىڭ ياردىمىدىن ئىبارەت . بۇ كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن ئىدىيە ئىچكە بۇرۇلۇپ ، يېڭى ئىدىيەنى تەييارلايدۇ ۋە مۇلاھىزە قىلىدۇ . دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن مەدەنىيلەشكەن ئەقىللا ئاندىن مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ .
32 . ئەقىل مەلۇم خىلدىكى ئىدىيەنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئېرىشىشى زۆرۈر ، بۇئۇنى ئۆزى ئىدىيە كۆپەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ ، سىرتقى مۇھىتتىن كەلگەن ھەرقانداق ئۇرۇقنىڭ ئىدىيە يېتىلدۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ .
33 . ئەقىل بۇ خۇسۇسىيەتكە ئېرىشكەن چاغدا ، تەبىئىي ھالدا ئىدىيە پەيدا قىلالايدىغان بولىدۇ ، سىرتتىن غىدىقلاشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ .
34 . بۇ ئەقىلدە ئىدىيە پەيدا قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ، ئالەم تۆرەلدۈرگەن ، مۇللاشتۇرۇلغان نەتىجىدۇر .
35 . چوقۇم ئۇلارنى سىرتقى ماكانغا قاچۇرۇپ قويماسلىق ، بەلكى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇلارنى قەلبتە قالدۇرۇش لازىم ، ئۇ يەردە ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن بىردەك بولغان روھىي ھالەت ئىجاد قىلىدۇ .
36 . بۇ خىل ئۆزى ئىدىيە ھاسىل قىلىش ھەم مۇناسىپ

روھىي ھالەتكە ئىگە بولۇش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى «سەۋەب قانۇنى» دېيىلىدۇ .

37 . بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكى پاكىتقا باغلىق بولۇشى مۇمكىن : روھىي ئالەم ئۆيىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولۇش سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا نۇرلىنىش تەسىرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ، ھالبۇكى بۇ ئەقىل يەنە ئادەمنىڭ ئەقلى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ ، ئادەمنىڭ ئەقلىي سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ .

38 . ئۇ ماھىيەتتىن ئىبارەت ، ئۇئالەمنىڭ ماھىيىتى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن ، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن بولىدۇ .

39 . نەتىجىدە ، ئىدىيە چەكسىز چوڭلۇق دەرىجىسىگە يېتىپ ، شەخس ئەقلىدىكى ھەممىنى بىلگۈچى ، ئىرادىدىكى ھەممىنى بىلگۈچى ، شۇنىڭدەك روھتىكى ھەممىنى بىلگۈچىگە ئايلىنىدۇ . ئۇنىڭ روھىنىڭ سۈپىتى ھەممىنى بىلگۈچى بولىدۇ .

40 . مۇشۇنداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىدا ھەقىقىي كۆچكە ئىگە بولىدۇ . ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزتەقدىرىنىڭ خوجايىنى ۋە ياراتقۇچىسى ، ئۆزقىسمىتىنىڭ كېسىمچىسى بولىدۇ

41 . نۇرغۇن رەڭگارەڭ گۈللەر بولىدۇ . ھەربىر گۈل ئۇلۇغ قۇياشقا قاراپ سوزۇلغان شاختا ئېچىلىدۇ ، قوياش ئۆسۈملۈكلەر ھاياتىنىڭ خۇداسى — ئۇ ئاغرىنمايدۇ ، گۇمانلانمايدۇ ، ئۇ ئۆسۈملۈكنىڭ بارلىق ئارزۇسى ، ئىشەنچى ۋە ئۈمىدىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ .

42 . ئۇلار بۇ مول رەڭ ۋە خۇش پۇراقنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . ئادەممۇ شۇنداق ، ئۇمۇ كەلگۈسىدە ئەقىل ۋە روھنىڭ ئۇلۇغ كۆچىنى قوبۇپ بېرىپ ، بۇ كۆچلەرنى ئاسمانغا يۈزلەندۈرۈپ ، ئالەمدىكى ئەڭ ئېسىل سوۋغات — ھاياتلىقنى ئادىلىق بىلەن تەلەپ قىلىدۇ .

43 . ھاياتلىق تىرىكلىكتىن دېرەك بېرىدۇ . ئادەمنىڭ يېشى

بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ئىبارەت ، ئۇ كاللىڭىزغا شۇ قەدەر چىڭ ئورناپ كەتكەنكى ، ھەتتا خالىغان بىر ياش تىلغا ئېلىنسا كاللىڭىزدا شۇئان ئېنىق ئوبراز پەيدا بولىدۇ .

44 . 20 ياشتا ، سىز قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ۋوجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق باھار جۇشقۇنلۇقىنى بايقايسىز .

45 . 30 ياشتا قىز ـ يىگىتلەر نىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە تەڭپۇڭلۇق تۇيغۇسى تولۇق يېتىلىدىغان بولۇپ ، يەنىلا يۇقىرىغا ئۆرلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ، ئادەمنى مەستانە قىلىدىغان پىشىپ يېتىلىش يۈكسەكلىكىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان بولىدۇ .

46 . 40 ياشتا ، ئادەم يۇقىرى چوققىغا يېتىپ ، ئېگىزدىن كەڭ ئۇپۇق سىزىقىنى كۆرۈشكە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ . سىز بېسىپ ئۆتكەن يولىڭىزغا مەغرۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلايسىز ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىختىيارسىز ھالدا كۆڭلىڭىز بۇزۇلىدۇ : سىز ھېلىقى تېگى يوق ھاڭغا قاراپ مېڭىۋاتقان بولىسىز ، ئۇنىڭ كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان ھېلىقى ئەگرى يولى توساتتىن بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ قاپقاراڭغۇلۇققا قاراپ ئەگرى ـ بۈگرى ھالدا سوزۇلغان بولىدۇ .

47 . 50 ياشتا ، ئادەم پەسكە سوزۇلغان يولدا مېڭىشقا باشلايدۇ ، گەرچە ھېلىقى تېگى يوق ھاڭدىن كېلىۋاتقان سوغۇق يۈرەك تارىڭىزنى تىترىسىمۇ ، سىز يەنىلا يۇقىرى چوققىدىن كەلگەن نۇر تەرىپىدىن يورۇتۇلۇپ تۇرىسىز . جىسمىڭىز بارغانسېرى ئاجىزلايدۇ ، سىز تېخىمۇ كۆپ يول قويۇش ۋە ۋاز كېچىشلەرگە مەجبۇر بولىسىز .

48 . 60 ياش سىزنى سوغۇق قايغۇ جىلغىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا باشلاپ بارىدۇ . سىز قېرىلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ، رەھىمسىز تەقدىرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىمكان بېرىسىز . سىز ھېلىقى باشقا كېلىدىغان بالادىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشىسىز .

49 . 70 ياشتا يۈزىڭىزنى قورۇق بېسىپ ، قىرىلىق يېتىپ ، تېنىڭىز ئاجىز ، كېسەلچان بولۇپ قالىسىز ؛ ۋوگزالدا ئولتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى سەپەرگە ئاتلىنىشنى كۈتۈۋاتقان بولىسىز ، ئۆزىڭىز-نىڭ ھېلىھەم ھايات ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلىسىڭىز راستىنلا ئەـ-شەنگۈڭىز كەلمەي قالىدۇ .

50 . ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تەلىيى كېلىپ 80 ياشتىن ئاشىدىـ-غان بولسا ، كىشىلەر بۇ ئىشنى تىلغا ئالغاندا ھەمىشە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزە بوپتۇ ، دەپ ئويلايدۇ ، سىزنىڭ ھۆر-مەتكە سازاۋەر بولۇشىڭىزدىكى سەۋەب ، ياشانغان بولغانلىقىڭىزدىن ئىبارەت .

51 . بۇ خىل سېلىشتۇرۇش توغرىمۇ ؟ ياش بىلەن ياشاشنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار ؟ بىز كەسكىن ھالدا شۇنداق دەيمىزكى : تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسى مۇستەبىتلىكنى ئەمەل-دىن قالدۇرۇشى كېرەك .

52 . بىر يىل يەرشارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ بىر قېتىم ئوربىتىلىق ئايلانغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ، بۇ پاكىتنىڭ ئىنـ-سان ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق .

53 . قانچە ياش ياشىغانلىقىڭىز ، سىزنىڭ پەسىللەرنىڭ دەۋ-رىي ئايلىنىشىنى شۇنچىلىك كۆپ قېتىم كۆزەتكەنلىكىڭىزدىن دې-رەك بېرىدۇ ، خالاس . ئۇ ئەقلىي ئىقتىدار ياكى سالامەتلىك ئامىلـ-لىرىدىن بېشارەت بەرمەيدۇ . توختاۋسىز دەۋر قىلىپ تۇرغان ئاسترونومىيە ھادىسىلىرىنى 40 قېتىم كۆرگەن ئادەم ئۇنى ئاران 30 قېتىم كۆرگەن ئادەمدىن كۆپ ياش بولۇشى مۇمكىن - بىز بۇ يەردە «ياش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتىۋاتىمىز .

54 . بىز زودىئاكنىڭ ، ئېلېكتىپتىكىنىڭ ئايرىلىشىنى ئويلا-پ كۆرەيلى ، ئەتىياز پەسلى ئادەمنىڭ بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىگە ماس كېلىدۇ ، بۇ دەۋر ئادەم ھاياتىنىڭ بېشىـ-

دىن 21 ياشقىچە بولغان مەزگىل بولۇپ ، ئادەمنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدىغان ، تەربىيەلىنىدىغان مەزگىلىدىن ئىبارەت ، بۇ مەزگىلدە شەخس باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم كېيىنكى بىر مۇھىم باسقۇچ ئۇچۇن ئۆگىنىدۇ . بۇ مەزگىلدە ، راستچىل بولۇش ، ۋاپادار بولۇش ، ئىتائەتچان بولۇش ۋە تىرىشچان بولۇش ئىدىيەسى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان كاللىغا سىڭدۈرۈلىدۇ .

55 . ئادەم ھاياتىنىڭ ياز پەسلى 21 ياشتىن 42 ياشقىچە بولۇپ ، ھاياتنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەزگىلىدىن ئىبارەت ، ئۇ ئائىلە خوجايىنىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ، بۇنداق تۇرمۇشتا ، بايلىق نىشانغا ئايلىنىپ ، مەسئۇلىيەت تېخىمۇ چوڭىيىدۇ ، تۇرمۇش مەسئۇلىيىتى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ، سودا پائالىيەتلىرى بىلەن تولىدۇ .

56 . بۇ مەزگىلدە شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىجتىمائىيلىق ئىپادى-لىنىدۇ ، ئۇ شەخسىيەتسىز ھالدا تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ «ساۋاق» نى ئۆگىنىۋالىدۇ ؛ ياز پەسلى ھاياتنىڭ مۇقىملىقى بىلەن تولىدۇ ، گۈللىنىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يېتىپ كېلىدۇ ، بۇ مەز-گىلدە ئادەمدە يېتىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق ، ئىنچىكە بولۇش ، ئىق-تىسادچىل بولۇش ، كەڭ قورساق بولۇش ، سېخىي بولۇش ۋە ئېھتىياتچان بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

57 . ھاياتنىڭ بۇ مەزگىلى «شىر ئوردىسى» نىڭ تىزگىنلە-شىگە ئۇچرايدۇ ، ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەڭ جۇش ئۇرىدۇ ، ئائىلە تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەمراھلىرى ۋە پەرزەنت-لىرىگە بولغان مۇھەببىتى ئەڭ زور يۇكسەكلىككە يېتىدۇ .

58 . ئادەم ھاياتىنىڭ كۈز پەسلى مۇنداق بىر مەزگىلدىن ئىبارەت : ئەرلىك پەخرى ۋە ئائىلىق بايلىقى تېخىمۇ كەڭ غەمخور-لۇققا يۈزلىنىدۇ ، شەخسنىڭ ھوقۇقى ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك

چەمبىرەكنىڭ سىرتىدىكى ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلىنىدۇ .

59 . خاراكتېرى جەھەتتە تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ، ئۆزگىگە تېخىمۇ پايدىلىق بەزى بىر مەقسەتلەرنى ئاساس قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ بەخت سائادىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ ، دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئادەملەرگە ياردەم بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولىدۇ . بۇ مەزگىلدە ئېرىشىشكە تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق : تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ، ھەققانىي بولۇش ، كۈچلۈك بولۇش ، جاسارەتلىك بولۇش ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇش ۋە مەرد بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ .

60 . بۇ مەزگىلدىكى مەركەزلەشكەن كۈچكە ئەقىرەب بۇرجى ۋەكىللىك قىلىدۇ ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كەيپىياتى ، تۇراقلىق ھېسسىيات ۋە مەڭگۈلۈك ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ سىمۋولى ، سۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ھەرقايسى بۇرجلارنىڭ يۆتكىلىشچان ۋە ئۆزگىرىشچان كەيپىياتى تۇراقلىق ، ئىشەنچلىك ۋە مۇستەھكەم بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ .

61 . ھاياتنىڭ كېيىنكى بىر باسقۇچىدا ، ئادەم داۋاملىق تەجرىبىگە ئىگە بولىدۇ . تۇرمۇشنىڭ ساۋاقلىرى جۇغلىنىپ ، «مەن» نىڭ ئوزۇقلۇقى قىلىشقا تەييارلاپ قويۇلىدۇ . بۇ باسقۇچتا ، ئۆتكەن ھاياتنى ئەسلىسە ، ئادەمدە ئەقىل ـ پاراسەت ، بارلىق ئادەملەرگە بولغان ھېسداشلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ؛ ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ ئېكىلىپتىكا بۇرجى سەۋرچانلىق ، تەقدىم قىلىش ، مۇلازىمەت قىلىش ، پاك بولۇش ، ئەقىللىق ، مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان بولۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ .

62 . دەلۋە بۇرجىدا ، ئەقىلنىڭ مەركەزلىشىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ، بۇ مەزگىلدە ، ئادەم مۇكەممەل بولۇپ ، قۇرامىغا يەتكەن

ئادىمىيلىكنىڭ مۆكەممەللىكى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئەقلى پۈتۈنلەي تىخىمۇ يۇقىرى ئاڭ ھالىتىگە مەركەزلە-شىدۇ. مانا بۇ ئادىمىيلىكنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى تەدرىجىي تە-رەققىيات لايىھەسىدۇر.

# 14 ـ ساۋاق : خۇدانىڭ سوۋغىسى

ئۆزىنىڭ كۈچى توغرىسىدا يەنىلا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ئادەملەر مۇكاپاتقا ناھايىتى ئاز ئېرىشىدۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ خوجايىن ئەمەس ، بەلكى قۇل ئىكەنلىكىنى ، رەھبەر ئەمەس ، بەلكى ئەگەشكۈچى ئىكەنلىكىنى ، تەپەككۇر يۇرگۈزگۈچى ئەمەس ، بەلكى ئىشلەمچى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا بايقايدۇ .

1 . بىر تال ئادەتتىكى تۆمۈر تاياقتا ، مولېكۇلىلار شۇ جىسىمنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقان ، تەرتىپسىز تىزىلغان بولىدۇ . ماگنىت يولى ئىچكى قىسمىدا ئۆز ـ ئۆزىنى قاندۇرىدىغان بولۇپ ، سىرتقى قىسمىدا ماگنىت مەۋجۇت بولمايدۇ .

2 . بۇ تۆمۈر تاياق ماگنىتلانغاندا ، مولېكۇلىلار تارتىش كۈچى قانۇنى بويىچە تىزىلىدۇ : ئۇلار ئۆز ئوقىنى بويلاپ ئايلىنىدۇ ، تىزىلغان ئورنى تۈز سىزىققا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ شىمالىي ئۇچى ئوخشاش بىر يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ .

3 . سىز تۆمۈر مولېكۇلىلىرىنىڭ ماگنىت كۈچى تەسىرىدە نىسپىي ئورنىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرەلمەيسىز ، لېكىن نەتىجە ئۆزگىرىشنىڭ ھەقىقەتەن يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، بارلىق مولېكۇلىلار ئۆز ئوقىنى ئايلىنىپ بىر ـ بىرىگە چىپسىلاشقان چاغدىلا ، ئاندىن تۆمۈر تاياق پۈتۈنلەي ماگنىتلىنىپ بولىدۇ ، شۇ چاغدا ماگنىت كۈچىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭ تەسىرىگە قايتا ئۇچرىمايدۇ .

4 . بۇ تۆمۈر تاياق مانا شۇ چاغدا بىر ماگنىتلىق جىسىمغا ئايلىنىدۇ ، ھەرقايسى يۆنىلىشكە قارىتا ، ماگنىتلىق كۈچىنى جارى

قىلدۇرىدۇ. ئارىلىق قانچىكى يىراق بولسا، ماگنىتلىق كۈچ شۇنچە ئاجىز بولىدۇ.

5. باشقا بىر تال تۆمۈر تاياقنى بىر ماگنىت جىسىمنىڭ ماگنىت مەيدانىغا قويسا، ئۇ ماگنىتلىق جىسىمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ خىل ھادىسە «ماگنىت ئىندۇكسىيەسى» دەپ ئاتىلىدۇ، مانا بۇ ماگنىتلىق جىسىملاردا ئۆزئارا تارتىشىش ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر مەۋجۇت بولغان تەسىر ۋە ئەكس تەسىردىن ئىبارەت. ھالبۇكى ئادەم مۇستەقىل بىر ماگنىت مەيدانىدۇر.

6. توك كۆرۈنمەيدىغان ۋاستىچى، بىز پەقەت ئۇنىڭ خىلمۇ خىل ئىپادىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سېزىمىز. سىزمۇ مۇكەممەل بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسى، يېمەكلىك، سۇ ۋە ھاۋا سىزنى يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. قورساق بوشلۇقى نېرۋا تۈگۈنى ئاككۇمۇلياتوردىن ئىبارەت، تۈيغۇ نېرۋا سىستېمىسى بەدەننى ماگنىتلايدىغان ۋاستىچىدۇر، ئاككۇمۇلياتورنى يېڭىباشتىن زەرەتلەيدىغان جەريان بولۇپ، ھاياتلىق جەريانى ئەنە شۇنداق تولۇقلىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

7. ئەر مۇسبەت توك ياكى زەرەت، ئايال مەنپىي توك ياكى ماگنىت زەرىتىدىن ئىبارەت، ئەر توك ئېقىمى، كۈچ ۋە ئېنېرگىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئايال ئېلېكتىر سىغىمى، ئېلېكتىرىك قارشىلىق ۋە قۇۋۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

8. يات جىنستىكى بىرى سىزنىڭ ماگنىت مەيدانىڭىزغا كىرگەن چاغدا قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ ئالدى بىلەن تارتىش كۈچى قانۇنى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ. ئاندىن كېيىن ئىندۇكسىيە جەريانى ئارقىلىق، سىز ماگنىتلىنىپ، ئۆزىڭىز ئۇچراشقان ھېلىقى ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىسىز.

9. باشقا بىر ئادەمنىڭ ھاياجانلىنىشى ماگنىت مەيدانىڭىزغا كىرگەن چاغدا، بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە تارقىتىدىغىنى نېمىدىن ئىبارەت بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل تۈيغۇ نېرۋا

سىستېمىسىنىڭ ئەندىكىشى ، ھاياجانلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ بۇ چاغدا ھۆجەيرىلەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە يەتكۈزىدىغان ئېنېرگىيە ، ھاياتلىق ۋە ھاياتىي كۈچنى يەتكۈزۈشكە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنى يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ . بۇلارنى سىز ئىندۇكسىيە جەريانى ئارقىلىق قوبۇل قىلىسىز ، سىز ماگنىتلىنىۋاتقان بولىسىز ، بۇ جەرياندا ، ئۆزىڭىز ئۇچراشقان ھېلىقى ئادەمنىڭ سۈپىتى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىسىز .

10 . ئادەم ئادەمگە ماگنىتلىقىنى ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ، ئۆتكۈزۈلىدىغىنى ئىرسىيەت ، مۆھىت ۋە سىز سۆيىدىغان ئادەمنىڭ ھاياتىدا ساقلاپ قويغان بارلىق خۇشاللىق ، بارلىق قايغۇ ، بارلىق سۆيگۈ ، نەپرەت ، مۇزىكا ، قورقۇش ، ئازاب ، مۇۋاپپەقىيەت ، مەغلۇبىيەت ، ئۇلۇغ جاسارەت ، غەلىبە ، ئەيمىنىش ، جۈرئەت ، ئەقىل - پاراسەت ، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە گۈزەللىكتىن بولىدۇ ، چۈنكى ئۇلار سۆيگۈدىن قېلىشمايدۇ . تارتىش كۈچى قانۇنى ، سۆيگۈ قانۇنى ، سۆيگۈ ھاياتتىن ئىبارەت ، دەل مۇشۇ تەجرىبە ھاياتقا ئىلھام بېرىپ ، ئۇنى ھەرىكەتكە كىرىشتۈرىدۇ ، دەل مۇشۇ تەجرىبە ھاياتقا ئىلھام بېرىپ ، ئۇنى ھەرىكەتكە كىرىشتۈرىدۇ ، دەل مۇشۇ تەجرىبىنىڭ ياردىمى بىلەن خاراكتېرنىڭ ئىرسىيىتى ۋە تەقدىرى بەلگىلىنىدۇ .

11 . ھاياتىڭىز سۆيگۈ ، مۇۋەپپەقىيەت ، ئۇلۇغ جاسارەت ، غەلىبە ، مەغلۇبىيەت ، قايغۇ ، نەپرەت ياكى ئازاب توغرىسىدىكى ئويلار بىلەن تولغان چاغدا ، سىز ئۇلارنى دەرھال ھېس قىلالامسىز؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايسىز . نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلالمايسىز؟ جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي ، بەكمۇ چۈشىنىشلىك ، يەنى چوڭ مېڭە ئاشكارا ئاڭنى سېزىدىغان ئەزا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاشكارا ئاڭ دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىشتا تايىنىدىغان ئۇسۇلى ئاران بەش خىل ، بۇ ئۇسۇللار بەش خىل سەزگۈ ئەزانىڭ سېزىمىدىن ئىبارەت : كۆرۈش سېزىمى ، ئاڭلاش سىزىمى ، پۇراش سېزىمى ، تەم سېزىمى

ۋە تېگىش سېزىمى قاتارلىقلار . لېكىن سۆيگۈ دېگەن بۇ نەرسىنى بىز كۆرەلمەيمىز ، ئاڭلىيالمايمىز ، تېتىيالمايمىز ، پۇرىيالمايمىز ھەم تۇتالمايمىز ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئېنىقكى بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتى ياكى كەيپىياتتىن ئىبارەت ، ئەمما ، يوشۇرۇن ئاڭ-نىڭ ئۆزىنىڭ نېرۋا سىستېمىسى بولىدۇ ، ئۇ بۇ سىستېمىنىڭ ياردىمى بىلەن بەدەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ ، تاشقى دۇنيانىڭ سەزگۈلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ . بۇ مېخانىزىم مۇ-كەممەل بولىدۇ . ئۇ بارلىق ھاياتلىق جەريانلىرىدا يۈرەك ، ئۆپكە ، ھەزىم قىلىش ، بۆرەك ، جىگەر ۋە جىنسىي ئەزالارنىڭ پائالىيىتە-نى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ ، تەبىئەت ئېنىق ھالدا بۇلارنى ئاشكارا ئاڭ ئەقلىنىڭ تېزگىنلىنىشىگە ئۇچرىمايدىغان قىلغان ھەم ئۇلارنى تېخىمۇ ئىشەنچىلىك بولغان يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تىزگىنلىشى ئاستى-دا تۇرغۇزغان ، ئۇ يەردە ئۇلار كاشىلىغا ئۇچرىمايدۇ .

12 . ئۇ يەردە بەدەن ئۇچرىشىشى ئورۇندىلىدۇ . تامامەن ئوخ-شاش بولمىغان سەزگۈلەر بارلىققا كېلىدۇ ، بۇ خىل ئەھۋالدا ، بىزمۇ تېگىش سېزىمى ئەزالىرىمىز ئارقىلىق مېڭە - يۇلۇن نېرۋا سىستېمىسىنى ئىشقا كىرىشتۇرىمىز . ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى ، ئاشكارا ئاڭ ئەقلىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىد-غان بەش خىل ئۇسۇلى بار ، تېگىش سېزىمى شۇلارنىڭ بىرى ، ئەمەلىي بەدەن ئۇچرىشىشى سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغى-تىپلا قالماستىن ، يەنە مېڭە ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسىنىمۇ قوز-غىتىدۇ .

13 . چوڭ مېڭە مېڭە ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئورگى-نى بولغانلىقتىن ، سىز ھەر زامان بۇنداق ھەرىكەتلەرنى دەرھال سېزەلەيسىز ، شۇڭا كەيپىياتىمىز ياكى سەزگۈمىز ، روھىي ئۇچرى-شىش ياكى بەدەن ئۇچرىشىشى تەرىپىدىن ئويغىتىلغاندا ، بىز بەدە-نىمىزدىكى ھەربىر تال نېرۋىنى ھەرىكەتلەندۈرىمىز .

14 . بۇ ئالاقە تەرىپىدىن ھاسىل قىلىنغان ئالماشتۇرۇشلار

پايدىلىق، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، ئادەمنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرىدىغان بولۇشقا تېگىشلىك، ئەگەر ئالاقە كۆڭۈلدىكىدەك ئىجادىي بولسا، كەيپىياتمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ ئاڭ ۋە ھاياتلىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر خىل بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر، قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ شالغۇتلىشىش جەريانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچ ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئورنى ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر، بۇ نەتىجە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ، ئۇنۇم، گۈزەللىك، بايلىق ۋە قىممەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

15. تارتىش كۈچى قانۇنى چەكسىز زاماندا ھەرىكەتلىنىپ، ئۆسۈش شەكلى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. تارتىش كۈچى ئېلىپ كېلىدىغان بىر ئاساسىي، ساقلانغىلى بولمايدىغان نەتىجە، ئۆزئارا تارتىشىش كۈچىگە ئىگە شەيئىلەرنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، ھاياتلىقنىڭ ئۆسۈشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى - سۈرۈشتىن ئىبارەت.

16. سىز يات جىنستىكى ئادەم ماگنىت مەيدانىڭىزغا كىرگەن چاغدا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايقىۋالدىڭىز، ئەمدى بىز ئوخشاش جىنستىكى باشقا بىر ئادەم سىزگە يېقىنلاشقان چاغدا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرەيلى.

17. ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئالاقىسى بىر ماسلىشىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت، ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدىغان چاغدا، سىز ئامىلنىڭ بىرى بولىسىز، ئۇ سىزنىڭ يېڭى مۇناسىۋەتتە يېتەكچى ئامىل بولۇشىڭىز كېرەكلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بەلگىلىشىڭىزگە باغلىق بولىدۇ.

18. ئەگەر سىز بەرسىڭىز، مۇسبەت قۇتۇپ ئامىلى ياكى يېتەكچى ئامىل بولىسىز، ئەگەر سىز قوبۇل قىلسىڭىز، مەنپىي قۇتۇپ ئامىلى ياكى قوبۇل قىلغۇچى ئامىل بولىسىز.

19. ھەربىر ئادەم بىر ماگنىتلىق جىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسبەت قۇتۇپى ۋە مەنپىي قۇتۇپى بولىدۇ، ئۇ

مۇنداق بىر خاھىشقا ئىگە بولىدۇ : يېقىنلىشىش ياكى يېقىنلىششقا مەجبۇر بولۇشقا قارىتا ئىستىخىيەلىك ھالدا ھەمدەملىك ياكى بىزارلىق پەيدا بولىدۇ .

20 . ئادەتتىكى ئەھۋالدا ، مۇسبەت قۇتۇپ يول باشلايدۇ ، قارىمۇ ـ قارشى يۆنىلىشتىن كەلگەن ئىككى مۇسبەت قۇتۇپ ، ئۆز ـ ئارا يېقىنلىشىدىغان بولسا ، ئۇ توقۇنۇشتىن بېشارەت بېرىدۇ .

21 . ھاياتلىقنىڭ توپ پىرىنسىپى تەڭپۇڭلۇقتىن ئىبارەت ، ھايات يولىڭىزدا تەڭپۇڭسىزلىق ۋە توسالغۇلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ ، ئۇلار ھەربىر كەچۇرمىشىڭىزدىكى تىنچلىقنىڭ ماھىيىتىنى غۇۋالاشتۇرىدۇ ، لېكىن تەجرىبىڭىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، سىز كۆرۈنۈشتىكى يامانلىق ئارىسىدىن ياخشىلىقنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولىسىز ، جەلپ قىلىش كۈچىڭىز نىسبەت بويىچە ئاشىدۇ .

22 . سىز ماگنىتلىنىپ «تويۇنۇش نۇقتىسى» دەرىجىسىگە يەتكەندە ، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى ھەمدە ئۇلارنىڭ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىسىڭىز بولىدۇ .

23 . ھەرقانداق ماگنىتلىق جىسىمدا مۇنداق كۈچ بولىدۇ ، ئۇ كۈچى ئازراق ماگنىتلىق جىسىم بىلەن تەڭپۇڭ بىرلىشىشنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، بۇ ماگنىتلىق جىسىمنىڭ قۇتۇپىنى تەتۈر ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ ، ئاندىن ، ئوخشاش بولمىغان ماگنىت قۇتۇپلىرى تىنچ ، تەڭپۇڭ ھالدا بىر يەرگە كېلىدۇ .

24 . مۇسبەت قۇتۇپى كۈچلۈكرەك ماگنىتلىق جىسىم مۇسبەت قۇتۇپى ئاجىزراق ماگنىتلىق جىسىمنى ئۆزىدىن چوڭراق كۈچنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ .

25 . ئاجىزراق ماگنىتلىق جىسىم ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ماگنىت تەسىرىنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلىدۇ . ئۇ شۇنى تونۇپ يېتىدۇكى ، بۇ خىل مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى كۈچ ئۇنىڭ ئۆزد-

نىڭ قۇتۇپىنى تەتۈر ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپىنى ماڭغۇزۇۋېتىپ، مەنپىي قۇتۇپىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ماگنىتلىق جىسىمنىڭ مۇسبەت قۇتۇپىغا يۈزلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ماگنىتلىق جىسىم تەڭپۇڭ مۇناسىۋەت داۋامىدا ئۇچرىشىدۇ.

26. ئەمما مەنپىي قۇتۇپلۇق ماگنىتلىق جىسىم تېخىمۇ ئاقىلانە قاراشقا ئىگە بولۇپ، يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەشنى خالىمايدۇ، ئۇ تېخىمۇ چوڭ ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولۇپ، كۈچلۈك كۈچ ئىشلىتىش ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

27. ئۇ بېرىشنى ئەمەس، ماسلىشىشنى خالايدۇ ياكى قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن ئاجىزراق ماگنىتلىق جىسىمنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي تېڭىلغان مۇھىتقا ماسلىشىشقا زورلىمايدۇ، كۈچلۈكرەك ماگنىتلىق جىسىم ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ماگنىت قۇتۇبىنى تەتۈر ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن.

28. ئەگەر سىز تەمكىن ئادەم بولسىڭىز، بىۋاسىتە سېزىمىڭىزگە تايىنىپ زادى مەجبۇرلاش كۈچى ئىشلىتىش كېرەكمۇ ياكى كۈچ ئىشلەتمەسلىك كېرەكمۇ دېگەننى بىلىۋېلىشىڭىز مۇمكىن، مەجبۇرلاش كۈچى ئىشلىتىلگەن جايدا، نەتىجە سۈپىتىدىكى تەڭپۇڭلۇق بىر خىل ئاكسىز ھالدىكى ۋاقىتلىق تېز پۇكۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ، قارشىلىق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ئۇسۇلى ئەركىنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلغانلىقتىن، تېخىمۇ مۇستەھكەم بىرىكىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

29. ئەگەر سىز روھىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان بولسىڭىزمۇ ئوخشاشلا ئىقتىدارنىڭ كۈچىگە ئىگە بولغان بولسىڭىز، سىز ئەڭ زور چەكتە كېيىنكىسىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، سىز ھەم ئىدراكتىن ۋاز كەچمەيسىز، ھەم مەنتىقىنى يوقىتىپ قويمايسىز، چۈنكى ھاياتلىق ماتېماتىكىسىغا بولغان چۈشەنچىڭىزدە، ئۆزىڭىز جاۋاب بەرمەكچى بولغان

مەسلىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، روھ گېئومېتىرىيەسىنى، پىسخو ئالگېبرانى ۋە بەدەن ئارفېمېتكىسىنى جانلىق قوللىنالايسىز.

30. سىز مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز قايتا پەيدا بولۇشقا ماسلىشىش، مۇرەسسە قىلىش ۋە قوتۇپنى تەتۈر ئايلاندۇرۇش پۇرسىتىنى ئۆزئىچىگە ئالدىغانلىقىنى بايقايسىز. سىز سوكۇت ئىچىدىكى تېز پوكوش ئارقىلىق مەجبۇرلىنىشتىن قۇتۇلىسىز، خوشاللىقنى قوزغايدىغان سوكۇت ئارقىلىق مەجبۇرلاش كۈچى ئىشلىتىلىشتىن ساقلانسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى خالىمايدىغان بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىسىڭىز ھەم ئۆزىڭىزدىن شۇنى تەلەپ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز يەنە ئىختىيارىي ھالدىكى ھەمكارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارسىڭىز ۋە قوبۇل قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرسىڭىز، دوستلۇقنى بەرپا قىلسىڭىز بولىدۇ، سىز يەنە ئاخىرقى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىڭىز سۈپىتىدە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان نەپرەتنى يېتىلدۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

31. ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ماگنىتلىق جىسىمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىۋالسىڭىز، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولىسىز.

32. توقۇنۇش ۋە قارشىلىقنىڭ ئۆز ئورنى بولىدۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار قەتئىي ساقلىنىشقا تېگىشلىك توسالغۇ ۋە توزاقلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

33. سىز ھامان ئۆزىڭىزنىڭ قۇتۇپىنى تەتۈر ئايلاندۇرۇش ياكى يوشۇرۇن رەقىبىڭىزنى قۇتۇپنى تەتۈر ئايلاندۇرۇشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق، پايدىسىز قارشىلىق ۋە پايدىسىز توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ قالالايدىغانلىقىڭىزنى بايقايسىز.

34. ئەمەلىيەتتە، سىز ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان، سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈنلا لايىھەلەنگەن پرىنسىپلارنىڭ سەممىمىي غەمخورلۇقىغا ئۇچراۋاتقان بولىسىز.

35 . سىز ئۆزىڭىزنى ئۇلار بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە تۇرغۇز-سىڭىز ھەم شۇ سەۋەبتىن بىر خىل نىسپىي تىنچ ۋە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىڭىزنى ئىپادىلىسىڭىز بولىدۇ ياكى ئۆزد-ڭىزنى ساقلىغىلى بولمايدىغان ئىش بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويسىڭىزمۇ بولىدۇ ، بىراق بۇنىڭدىن جەزمەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ .

36 . ئۆزىڭىزنىڭ بۇلار بىلەن بولغان مەقسەتلىك مۇناسىۋىتىد-ڭىزنى بەلگىلىيەلەيسىز . سىز بەزى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇ-شىڭىزغا كىرىشىگە يول قويىسىز ، بۇ مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق بەختكە ياكى بەختسىزلىككە ئېرىشىسىز ، سىز بۇ بەخت ياكى بەختسىزلىكنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ تۇرىسىز .

37 . سىز تېز ھەم ئوڭاي ھالدا كەچۈرمىشلىرىڭىزدىن ئەقىل - پاراسەت جۇغلىسىڭىز بولىدۇ ياكى ئاستا ھەم مۇشكۇلچىلىك ئىچىدە مۇشۇنداق قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ .

38 . سىز ئۆزىڭىزنى جەلپ قىلغان نەرسىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندا ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى مەقسەتلىك ھالدا تىزگىنلىيەلەيدىغان ، ئۆزىڭىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆسۈپ يې-تىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەر بىر قىممەتلىك كەچۈرمىشىڭىز-دىن پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان بولىسىز .

39 . سىز ئىگە بولغان بۇ خىل ئىقتىدار ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن چاغدا ، تېز ئۆسۈپ يېتىلىپ ، يېڭى ئىدىيە قاتلد-مىغا يېتىسىز ، تېخىمۇ چوڭ پۇرسەت ئۇيەردە سىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ . ئۇ ھەربىر تۇتاش قاتلامدا پۇرسەت سىز ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلغان بولۇپ ، سىزنى تېخىمۇ چوڭ ماسلىشىشچانلىقنى قانداق ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ، سىزنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىز ئۈچۈن بۇ ماسلىشىشچانلىقلار سىز يېتەلەيدد-غان جايدا تۇرىدۇ .

40 . بۇگۈنكى كۈندە سىز ، نېگىزلىك ، ئاساسىي ، ئىجابىي

تۇرمۇش پىرىنسىپىنىڭ چېگراسىغا كىرىدىكەنمىز. بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا سىز ئۆزئەتراپىڭىزدىكى ئايلىنىپ يۈرگەن سانسىزلىغان تەۋرىنىشلەر ـ مەسىلەن، ئېلېكتىر، ماگنىت، ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق تەۋرىنىشلىرىنى ناھايىتى ئاز بىلەتتىڭىز، بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تەۋرىنىشلەرنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش سىزنى بىكار تۇرغۇزمايدىغان بولدى. بۇ تەۋرىنىشلەر ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل ئەقىلنى نامايان قىلىدۇ، ھالبۇكى بۇخىل ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل يىراقنى كۆرەر بولۇپ، باشلىنىشىدىنلا ئاخىرقى نەتىجىنى كۆرەلەيدۇ.

41. ئەقىل بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى، بۇ مەنىدە ئەقىلنىڭ پائالىيىتى بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئەڭ دەسلەپكى سەۋەبتىن ئىبارەت. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى ئالەم ئەقلىدىكى مۇناسىپ بىر ئوي ـ خىيالدىن ئىبارەت. دەل شەيئىنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، ھالبۇكى ئەقىلنىڭ پائالىيىتى بۇ خىل ماھىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبتۇر.

42. بىر چۈشەنچە ئەقىلدە ھازىرلانغان بىر تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت، بۇ ئىدراكىي ئىدىيە ھالىتى باشقا ھالەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر، بۇمەنىدە، بۇ ئىدىيە ھالىتى ئەڭ دەسلەپكى ھالەتنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئۇ «ماددا» غا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

43. چۈشەنچە (ياكى غايىۋى ھالەت) دىن باشقا، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەقىلدە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بەزى چۈشەنچىلەر ئومۇمىي ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم مۇناسىپ ھالەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

44. نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان، ھاياتلىقنىڭ بىر مەقسىتى، تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملىكلەرنىڭ مەقسىتىگە ئوخشاش ئاددىي بولۇپ، ئۆزىنى قوغداش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن

ئىبارەت بولۇپ كەلدى . ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئەڭ ئاددىي ئورگانىك ئىقتىدار ئوزۇقلىنىش ۋە كۆپىيىش بىلەن قانائەتلەندى . ئاچلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە سۆيگۈگە ئېرىشىش ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشتىكى مۇددىئاسىدىن ئىبارەت ، خالاس . ئۇزاقتىن بۇيان ، ئۇلار ئۇچۇن ئۆزىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئاددىي نىشانغا چىڭ تىكلىشى زۆرۈر بولۇپ كەلدى .

45 . قانداشلىقسىز داۋاملىشىش يولىدا ، خاس نەسەپمۇ جارى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى ، خاس ئالاھىدىلىكلەر بەرپا قىلىندى . بىز ھەم ئالدىنقىسىنى قولدىن بەرمىدۇق ھەم كېيىنكە-سىنىمۇ يوقىتىپ قويمىدۇق ، چۈنكى مەيلى نەسەب بولسۇن ياكى ئالاھىدىلىك بولسۇن ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلىدۇ . گەرچە نەسەبنى كۆرەلمەيدىغان بولساقمۇ ، ئۇ ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق . ئۇلار ئەزەلدىن تۇيۇقسىز ھالدا باشقا تىپتىكى ئىپادىلىنىشكە ئۆزگىرىپ كەتكىنىمۇ يوق . ئالاھىدىلىكلەرمۇ ئەزەلدىن يوقىلىپ كەتمىدى ، قەدىمدىن ھازىرغىچە ، ئۇلار ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە .

46 . بىز ئېنېرگىيە بەرپا قىلىش جەريانىدا يەتكۈزگۈچى ياكى ۋاسىتىچى ماددا قىلىنغان بارلىق ئېلېمېنتلارنى ئايرىپ ئالالايمىز ، پارچىلىيالايمىز ، ئارىلاشتۇرالايمىز ، لېكىن ئەگەر بىز ئېنېرگىـ-يەنى خاراكتېرىستىك نەسەب (ئۇلار ئالدى بىلەن بەرپا قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ئىجادچان تۇپراق ) كە مەركەزلەشتۈرەلمىسەك ، ئۇ ھالدا بىز قاتتىق پوستلۇق مېۋە ، ئەينولا ، ھەتتا قىچا ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان ئېلېمېنتلارنى تاپالمايمىز .

47 . خاراكتېرىستىك نەسەپنىڭ ئىزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ ، تەبىئەت ئۇ ئارقىلىق ئىجادىي ئېنېرگىيەنى زەمبۇرۇغ قاتلىمىدىن ئىقتىدار ۋە روھقا ئىگە ئىنسان قاتلىمىغىچە ، يارىتىلغان ھەربىر ئېلېمېنت ۋە شەيئىلەرگە كىرگۈزىدۇ .

48 . تارتىش كۈچى قانۇنى ئەڭ يۇقىرى ئىپادىلىنىش شەكلىدە

مۇھەببەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ بىر خىل ئالەم قانۇنى بولۇپ، ئۇ ھەممىگە بىردەك قارىغان ھالدا قارىماققا ئاڭسىز كۆرۈنىدىغان مىنېراللار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش كۈچىنى، ھايۋانلارنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى، شۇنىڭدەك ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈنى ئىدارە قىلىدۇ.

49. سۆيگۈ قانۇنى بىر خىل ساپ ئىلىمدۇر. ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئاددىي سۆيگۈ شەكلى، ئوخشاش بولمىغان ھۇجەيرىلەر ئارىسىدىن تۇغقانچىلىق كۈچىنى تاللاشتىن ئىبارەت. مۇھەببەت قانۇنى بارلىق قانۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى مۇھەببەت ھاياتلىق دېمەكتۇر.

50. تەرەققىي قىلىش تەبىئەتنىڭ نىشانى، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش بولسا تەرەققىي قىلىشنىڭ نىشانىدۇر، كىشىلەر «ھاياتلىق كىتابى»دا سۆزلەنگەنلىرىنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھېكايىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

# 15 ـ ساۋاق : ھاياتلىق كۆۋرۈكى

بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ھەربىر كۈن خۇددى تۇيۇقسىز ئورۇندالغان بىر مۇزىكىغا ئوخشايدۇ، شۇنداقلا ئۇ مۇزىكا كۈن بويى ياڭراپ تۇرىدۇ. سىز ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ بىر پەدە ئۇسسۇل ئوينىشىڭىز، بىرەر ناخشا ئېيتىشىڭىز ياكى تۇرمۇش قەدىمىڭىزنى بۇلارغا قويۇپ بېرىشىڭىز كېرەك.

— كارلىل

1 . ھاياتلىق يارىتىلغان ئەمەس — ئۇ پەقەت مەۋجۇدىيەتتىن ئىبارەت. بارلىق شەيئىلەر بىز «ھاياتلىق» دەپ ئاتايدىغان بۇ خىل كۈچ تۇپەيلىدىن جانلىق كۈچكە تولىدۇ. بۇ فىزىكىلىق قاتلامدىكى «ھاياتلىق ھادىسىسى» (بىزنىڭ دىققەت قىلىدىغىنىمىز ئاساسلىقى مۇشۇ) «ئېنېرگىيە»نىڭ «ماددا»غا چېكىنىشىدىن پەيدا بولغان.

2 . تىرىك توقۇلمىلار ھۆجەيرىلىك ماددا ياكى ئورگانىك ماددىدىن ئىبارەت. ئۆلۈك توقۇلمىلار ھۈجەيرىسىز ماددىدىن ئىبارەت. ھاياتلىق ئورگانىك ماددىدىن يوقالغان چاغدا، پارچىلىنىشقا باشلىنىدۇ.

3 . توقۇلما يۇقىرى چاستوتىلىق (ياكى دولقۇن ئۇزۇنلۇقى قىسقا) تەۋرىنىشكە، يۇقىرى كۈچىنىشلىك ھەرىكەتكە موھتاج. توقۇلمىنى تەشكىل قىلىدىغان مولېكۇلىلار داۋاملىق پائالىيەتچان ھالەتتە تۇرىدۇ. نەتىجىدە، بۇ توقۇلمىلار بىز دەيدىغان «ھاياتلىق»نى ئىپادىلەيدۇ.

4 . قېرىش ئۆلۈش جەريانىنىڭ بىر قىسمى، ئۇ «تۇپراق تۇزى» ياكى ئاتالمىش «مىنېرال ماددا» لارنىڭ بەدەندە جۇغلىنىد-

شى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ . بۇ خىل مىنېرال ماددىلار ئادەتتە ئارتېرىيە دىۋارىغا تىنىپ قالغان هاك ۋە بوردىن تەشكىل تاپىدۇ . بۇ ئارتېرىيەلەر شۇنىڭدىن كېيىن قاتتىقلىشىدۇ ، كالتسىيلىشىدۇ هەم ئېلاستىكلىقىنى يوقىتىدۇ .

5 . ئالەم تەۋرىنىشتىن بەرپا بولغان . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، هەربىر شەيئى ئىگە بولغان ئالاهىدە هالەت (مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن )نىڭ سەۋەبى مۇتلەق هالدا ئۆزىنىڭ ئالاهىدە تەۋرىنىش چاستوتىسىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇشىدىن ئىبارەت . ئۇ هالدا ، مەيلى ئومومىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئايرىم جەھەتتە بولسۇن ، ئالەم بىر تەۋرىنىش سىستېمىسىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ . باشقىچە ئېيتقاندا ، ئاسمان جىسىملىرى مۇزىكىسى ئۆزىنى بىز «ئالەم»دەپ نام بەرگەن ئاشۇ خىل هالەتتە ئىپادىلەيدۇ .

6 . بۇ تەۋرىنىش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . بۇ بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزدىكى ھېلىقىدەك ئىقتىدار ئەمەس ، بەلكى تىرناق ، چاچ ، سۆڭەك ، چىش ۋە تېرىنىڭ ئۆسۈشىگە مەسئۇل بولىدىغان بىر خىل ئالەم بىلىمىدىن ئىبارەت . مەيلى بىز ئۇخلاۋاتقان بولايلى ياكى ئويغاق هالەتتە تۇرايلى ، بۇ جەريانلار ئۈزلۈكسىز هالدا داۋاملىشىپ تۇرىدۇ .

7 . هەربىر شەيئى ئاڭ ياكى ئىقتىدارغا تولغان بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئالاهىدىلىكى ئۆزىگە خاس بولىدۇ ، باشقا شەيئىلەرگە ئوخشىمايدۇ ، چۈنكى پەقەت بىر خىللا ئومۇمىي ئاڭ ياكى ئومۇمىي ئىقتىدار بولىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى خىلمۇخىل بولىدۇ . قىياتاش ، بېلىق ، هايۋان ، ئادەم قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى ئومومىي ئىقتىدارنىڭ سىغىمچىسى . ئۇلار پەقەت ئالەم ماددىلىرىنى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە — ئوخشاش بولمىغان هەرىكەت تېزلىكى ياكى تەۋرىنىش چاستوتىسى بىلەن بىرلەشتۈرگەن هالدا نامايان قىلىدۇ .

8 . ئەقىل بىر تەۋرىنىش سىستېمىسى ، چوڭ مېڭە بىر تەۋ-

رەتكوچتىن ئىبارەت . ئىدىيە ھەربىر خاس تەۋرىنىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھوجەيرىلىرى بىرىكىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن نەتىجە‐دىن ئىبارەت . ئەقىلنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىنى چەكلەيدىغان نەرسە ھوجەيرىلەرنىڭ سانى ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ تەۋرىنىشىنىڭ ماس‐لىشىشچانلىقىدىن ئىبارەت .

9 . دەل ئومۇمىي ئەقىل ئارقىلىق ، «ئىدىيەنىڭ ئۇرۇقى» ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىگە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ، شۇڭا ئومۇمىي ئەقىل ئىدىيەنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ، ئىدىيە بىر ئېنېرگىيە ئېقىمىغا ئايلىنىدۇ — بۇ ئېنېرگىيە ئېقىمى ئادەمنىڭ ئەقلىدە مەركەزگە ئىنتىلىدۇ ، ئومۇمىي ئەقلىدە مەركەزدىن قاچى‐دۇ . بۇ ئىدىيە ئۇرۇقلىرى يېتىلىش ، بىخلىنىش ، ئۆسۈش يۇزلى‐نىشىگە ئىگە بولىدۇ . ئۇلار مانا مۇشۇنداق ھالدا بىز دەيدىغان «نۇقتىئىنەزەر» نى شەكىللەندۈرىدۇ .

10 . بىر خىل روھىي كارتىنا كاللىدا شەكىللەنگەندە ، بۇ كارتىنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەۋرىنىش چاستوتىسى شۇئان ئېقىر‐دا ئويغىتىلىدۇ . ئەمما ، بۇ خىل تەۋرىنىشنىڭ ئىچىدىكى دۇنياغا ياكى سىرتقا يۇزلىنىشى ، ئىرادە ياكى ئارزۇنىڭ رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .

11 . ئەگەر ئىرادە رول ئوينىسا ، تەۋرىنىش سىرتقا يۇزلى‐نىپ ، كۈچ قانۇنى ئىشقا كىرىشىدۇ ؛ ئەگەر ئارزۇ رول ئوينىسا ، تەۋرىنىش ئىچكى دۇنياغا يۇزلىنىپ ، تارتىش كۈچى قانۇنى ئىشقا كىرىشىدۇ . قايسى خىل ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، سەۋەب قانۇنى كونكرېتلاشتۇرۇش پىرىنسىپى ياكى ئىجادچانلىق پىرىنسى‐پى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ .

12 . كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە ، ئىنسانلار ئۆز تېنىنى كېسەللىكنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچراتماي ، قىرىپ ئاجىزلاشنىڭ ئادەتتىكى جەريانىنى توسۇپ قالالايدىغان — ھەتتا يۈز ياشتىن ئاشقاندىمۇ يەنىلا ياشلىق باھارىنى ساقلاپ تۇرالايدىغان بولىدۇ ، بۇ كۆڭۈلەرگە ئۇزۇن قالمى‐

دى .

13 . ئۆلمەسلىك ياكى مەڭگۈلۈك هايات ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشىدىغان ئۈمىد ، مۇۋاپىق نىشان ، ھەربىر ئىنساننىڭ توغۇلۇشىدىنلا بولىدىغان ھوقۇقىدىن ئىبارەت . لېكىن دىنغا ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى — يەنە زادىلا دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە — ئۆلمەسلىككە كەلگۈسىدىكى مەلۇم دەۋردە ، باشقا مەلۇم بىر مەۋجۇدىيەت قاتلىمىدا ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ .

14 . جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ساغلام ھەربىر ئادەمنىڭ ئىمكانقەدەر ئۇزۇنراق ياشاشتىن ئىبارەت تۇغما ئارزۇسى بولىدۇ . دۇنيادا بىرەر كىم ياشاشنى خالىمىغان بولسا ، بۇمۇ ئۇنىڭ جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتە مەلۇم غەيرىي نورمال ئەھۋالدا تۇرغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ .

15 . ئەمەلىيەتتە ، شەخسنىڭ مەدەنىيلىك ياكى تەرەققىيات دەرىجىسى قانچىكى يۇقىرى بولسا ، ھاياتقا بولغان ئارزۇسى ۋە ئىنتىلىشى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ ، ھەرقانداق تۇغما ئارزۇ ، نىشاننىڭ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان نەرسە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . «ئادەم بەدىنىدە ھاياتلىقنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بويىچە توغرا رېئاكسىيە يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىۋالسا مەڭگۈ ياشىيالايدىغان بولىدۇ» . توماس ئېدىسون : «مېنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈ ياشلىق باھارىنى ساقلاپ قالىدىغان كۈننىڭ ھامان يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان نۇرغۇن ئاساسىم بار .» دەيدۇ

16 . ئادەمنىڭ قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن بەدىنىنىڭ يەتتىدىن بەش قىسمى سۇدىن ئىبارەت ، بەدەننى تەشكىل قىلىدىغان ماددىلار ئاقسىل ، تالا ، ئىرىمچىك ماددىسى ، يېلىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇ ئەڭ دەسلەپكى تۆت خىل ئاساسىي ئېلېمېنت : ئوكسىگېن ، ئازوت ، ھىدروگېن ۋە كاربوندىن تەركىب

تاپقان ئورگانىك ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

17 . سۇ ئىككى خىل گازنىڭ بىرىكمىسى . ھاۋا بولسا بىر-نەچچە خىل گازنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بەدىنىمىز مۇشۇ ئۆزگەرگەن گازلاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ . جىسمىمىز ئانا قورسىقىدا تۆرىلىپ ئۈچ - تۆت ئايلىق بولۇشتىن ئىلگىرى بەدىنىمىزدە ھېچقانداق نەرسە — يۈز ، ئېغىز ، قول ، چاچ ، ھەتتا تىرناق مەۋجۇت بولمايدۇ .

18 . پۈتكۈل ئورگانىزم بىرخىل مولېكۇلا ئېقىمى ، ئۈزلۈك-سىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان يالقۇندىن ، يەنى مۇنداق بىر ئېرىقتىن ئىبارەت : بىز ئۇنىڭدا ئېقىۋاتقان سۇغا بىر ئۆمۈر قاراپ تۇرساق-مۇ ، سۇنى ھەرگىز قايتا كۆرەلمەيمىز . بۇ مولېكۇلىلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشمايدۇ ھەم ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ ياردىمى بىلەن داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ، بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە ئۇنى قو-بۇل قىلىدىغان غەيرىي ماددىي كۈچنىڭ قوماندانلىق قىلىشى ، تىزگىنلىشى ۋە تەشكىللىشىگە ئۇچرايدۇ .

19 . بىز بۇخىل كۈچكە «روھ»دەپ نام بەردۇق ، فرانسىيە-لىك ئۇلۇغ ئاسترونوم ، فىزىك ، بىئولوگ ۋە مېتافىزىك كامىئىل فلامما رىئون مۇشۇنداق يازغان .

20 . «ھاياتلىق كۆۋرۈكى» دىن ئىبارەت ئادەم جىسمىنىڭ قايتا تىرىلىدىغانلىقىنىڭ بۇ سىمۋوللۇق بەلگىسى ئۈزلۈكسىز ھالدا ناخشا ، تىياتىر ۋە ھېكايىلەردە قوللىنىلماقتا . پالاسېرسۇس ، پىفا-گور ، لېكگېس ، ۋالېنتىن ، ۋاگنېر ، شۇنىڭدەك قەدىمدىن ھازىر-غىچە ئۆتكەن پەيغەمبەر ، دانىشمەنلەر بۇ «سفىنكسنىڭ تېپىشمى-قى» بىلەن بىردەك ئاۋازدا ئۆزلىرىنىڭ داستانلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغان ، سفىنكسنىڭ ئوقىغا : «يا ماڭا جاۋاب بەر ، يا ئۆل» دەپ يېزىپ قويۇلغان .

21 . بۇنىڭ جاۋابى ئېھتىمال ئاشۇ ئادەم بەدىنىدىكى بەزلەر-نىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىشكە يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن ، دەل

مۇشۇ بەزلەر تەن بىلەن روھنىڭ ئۆسۈشىنى ھەمدە تولىمۇ مۇھىم بولغان بارلىق ماددا ئالماشتۇرۇشلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. بۇ بەزلەر بارلىق ھاياتلىق فۇنكسىيەلىرى ۋە بەدەندىكى مۇناسىۋەتنى زىچ ھەمكارلىقلارنى باشقۇرىدۇ، بۇخىل مۇناسىۋەتنى بەلكىم شىرىكەت لىدىرلىرىنىڭ زەنجىرسىمان يىغىنلىرىغا ئوخشاتقىلى بولار.

22. ئۇلار ئىچكى ئاجراتمىلار ياكى ھورمونلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇ ئىچكى ئاجراتمىلار بويىمىزنىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولۇشىنى، قەددى ـ قامىتىمىزنىڭ كېلىشكەن ياكى قىياپىتىمىزنىڭ ئادەتتىكىچە بولۇشىنى، ئەقىللىق ياكى دۆت بولۇشىمىزنى، غەلىتە مىجەز ياكى مۇلايىم بولۇشىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

23. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى ۋىلىيام ئوسلېر مۇنداق دېگەن: «ئادەمنىڭ بەدىنى ئىشچى ھۇجەيرىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەرە ئۇۋىسىدىن ئىبارەت (تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى: ئىنگلىز تىلىدىكى ھۇجەيرە دېگەن سۆزنىڭ يەنە ھەرە ئۇۋىسى دېگەن مەنىسىمۇ بار)، بارلىق ھۇجەيرىلەر چوڭ مېڭە بىلەن يۇرەكنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ، ‹ھورمون› دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ماددا (بەزى ناھايىتى كىچىك، قارىماققا كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان توقۇلمىلار تەرىپىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىلىدۇ)غا تايىنىدۇ، ئۇلار ھاياتلىقنىڭ چاقىنى مايلاپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بۇغدىيەكنىڭ ئاستى تەرىپىگە جايلاشقان قالقانسىمان بەزنى كېسىپ ئېلىۋەتسىڭىز، ئادەمنىڭ ئىدىيە ماتورىنى ھەرىكەتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان سىلىقلاش مېيىنى تارتىۋالغان بولىسىز. بۇ خۇددى ماتورنىڭ ماي يولىنى ئۈزۈۋەتكەنگە ئوخشايدۇ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ساقلىنىپ تۇرغان بىلىملەرنى قايتا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، بىر يىل بولمايلا، ئۇ دۆت ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. تېرىنىڭ نورمال پائالىيىتىمۇ توختايدۇ، چاچلىرى چۈشۈپ، يۈزى ئىششىپ، قاملاشقان ئۇ ئادەم قاملاشمىغان ھەجۋىي رەسىمدىكىگە ئوخشاپ قالىدۇ.»

24 . ئادەم بەدىنىدە مېڭە ئاستى بېزى (ھىپوفىز ) ، قالقانسىمان بەز ، ئاشقازان ئاستى بېزى ، بۆرەك ئۈستى بېزى ، مېڭە ئۈستى بېزى (چىلخوزا تەنچە ) ، تۆش بېزى ۋە جىنسىي بەزلەردىن ئىبارەت يەتتە خىل ئاساسلىق بەز بولىدۇ . بۇ بەزلەر بەدەننىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشنى تىزگىنلەپ ، بارلىق ھاياتلىق فۇنكسىيەلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ .

25 . مېڭە ئاستى بېزى ناھايىتى كىچىك بەز بولۇپ ، باشنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىن ، بىۋاسىتە ھالدا ئۇچىنچى مېڭە قېرىنچىسىنىڭ تېگىگە جايلاشقان ، ساڭگىلىغان قاپاقتەك باش سۆڭىكىنىڭ تېگىگە يېقىن تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئاجراتما سۇيۇقلۇقى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنى ئىشقا سېلىش ، قان بېسىمىنى ساقلاش ، باشقا بەزلەرنى قوزغىتىش ھەمدە سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش جەھەتتە مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ .

26 . قالقانسىمان بەز بويۇننىڭ ئالدى تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقان ، ئىككى يېنى ئۈستىگە قاراپ كېڭەيگەن بولۇپ ، يېرىم چەمبەر شەكلىدە بولىدۇ . قالقانسىمان بەزنىڭ ئاجراتما سۇيۇقلۇقى ئاقسىل ۋە كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنى ئىشقا سېلىش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ؛ چاچنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ؛ يەنە ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىۋېتىش ئورگانلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . مەيلى بەدەننىڭ ئومۇمیۈزلۈك يېتىلىشى جەھەتتە بولسۇن ياكى روھنىڭ فۇنكسىيەسى جەھەتتە بولسۇن ، ئۇ بىر كۈچلۈك ھەل قىلغۇچ ئامىل ھېسابلىنىدۇ . تۇراقلىق ھەم تەڭپۇڭ قالقانسىمان بەز ئىجابىي ، ئۇنۇملۈك ، مۇقىم ماسلاشقان ئەقىل ۋە بەدەنگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ .

27 . بۆرەك ئۈستى بېزى دەل ئارقا بەلنىڭ ئۈستى تەرىپىگە جايلاشقان . بۇ ئەزا بەزىدە كىشىلەر تەرىپىدىن «گۈزەللىك بېزى» دەپ ئاتىلىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ رولىنىڭ بىرى مۇۋاپىق ئېرىتمە ۋە تەمىنات ئارقىلىق بەدەندىكى پىگمېنتنى ساقلاشتىن ئىبارەت . لې-

كىن ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇھىم رولى بۆرەك ئۈستى بېزى ئاجراتما سۇيۇقلۇقىنىڭ باشقا جەھەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئاجراتما سۇيۇق-لۇقى بىر خىل ئەڭ مۇھىم قان بېسىمى ۋاستىچى ماددىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۇيغۇ نېرۋا سىستېمىسىنى قوزغىتالەيدىغان مۇسكۇل، يۈرەك، ئارتېرىيە ۋە ئۇچەينىڭ قوزغىتالەيدىغان چىسىدۇر. بۇ بەزىدە بەزى كەيپىيات تەسىرىگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرالايدىغان بولۇپ، ئاجرىتىپ چىقىرىلىش مىقدارى شۇئان كۆپىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل سىستېمىنىڭ ئېنېرگىيەسى كۆپىيىپ، ئۇنى ئۇنۇملۇك ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئوبدان تەييارلىق كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

28. مېڭە ئۈستى بېزى ناھايىتى كىچىك بىر كونۇس شەكىل-لىك تەنچە بولۇپ، ئۇچىنچى مېڭە قېرىنچىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان. قەدىمكى كىشىلەر مېڭە ئۈستى بېزىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا تونۇپ يېتىپ، ئۇنى «روھنىڭ مەر-كىزى» دەپ ئاتىغان، ئۇ روھنىڭ قونالغۇسى، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ياشلىق باھار ۋە ئۆلمەس ھاياتلىقنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ باشنىڭ ئارقا تەرەپ چوققىسىغا يېقىن يەرگە جايلاش-قان.

29. تۆش بېزى كېكىردەكنىڭ تېگىگە (يېقىن)، قالقانسىم-ان بەزنىڭ دەل ئاستى تەرىپىگە جايلاشقان. ئۇ پەقەت بالىلارغا نىسبەتەنلا كەم بولسا بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ، لېكىن تۆش بېزى-نىڭ چېكىنىشى بالدۇر قېرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇش ئېھتىماللىقى بارمۇ - يوق؟

30. ئاشقازان ئاستى بېزى قورساق پەردىسىنىڭ كەينى تەرە-پىگە، ئاشقازانغا يېقىن جايلاشقان. ئاشقازان ئاستى بېزى ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، ئۇ رولىنى مۇۋاپىق جارى قىلدۇرمىغان چاغدا، چەكتىن ئارتۇق شېكەر پەيدا بولۇپ، دىئابىت كېسىلى ۋە باشقا ئېغىر كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

31 . جىنسىي بەزلەر قورساقنىڭ ئاستى تەرىپىگە جايلاشقان . دەل جىنسىي بەزلەرنىڭ رولى ئارقىلىق ھاياتلىق يارىتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ، كۆپىيىش جەريانى داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ . بۇ جىنسىي بەزلەرنىڭ ئاجراتما سۇيۇقلۇقى نەسىللىنىش مەقسىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەن چاغدا ، ئۇلار ھۇجەيرىگە كىرىپ ، ئېنېرگىيە ، كۈچ ۋە ھاياتىي كۈچنى يېڭىلايدۇ . ئەگەر ئۇلار رولىنى نورمال جارى قىلدۇرالمىسا ، خاموشلۇق ۋە زەئىپلىشىش كۆرۈلىدۇ .

32 . ئۇنداق بولسا ناھايىتى ئېنىقكى ، ئەگەر بىز مەلۇم ئۇسۇلنى تېپىپ ، بۇ بەزلەرنى رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق ، سالامەتلىكىمىز ، كۈچىمىز ۋە ياشلىق باھارىمىزنى مۇددەتسىز ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز . بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ، قالقانسىمان بەز ھاياتلىق ئېنېرگىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ ، مېڭە ئاستى بېزى قان بېسىمىنى تېزگىنلەيدۇ ھەم روھ ئېنېرگىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ ، ئاشقازان ئاستى بېزى ھەزىم قىلىشنى ۋە بەدەننىڭ ھاياتىي كۈچىنى تىزگىنلەيدۇ ، جىنسىي بەزلەر ياشلىق باھار ، ماغدۇر ۋە كۈچ بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئاجراتما سۇيۇقلۇقنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ .

33 . ئەگەر ، قۇياشتىن كەلگەن يورۇقلۇقنىڭ ئوخشاش بولمىغان يەتتە سەييارە تەرىپىدىن ئوخشاش بولمىغان يەتتە خىل تۇس ، رەڭ ياكى سۈپەتكە ئايرىلىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ يەنە ئومۇرتقا تۇۋرۇكى ئارقىلىق يەتتە نېرۋا تۈگۈنىنى بويلاپ بەدەن سىستېمىسىغا كىرىدىغانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتالساق ، بىز بەزنىڭ مېخانىزمىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنەلەيمىز . بۇگۈنكى كۈندە بىز ھاياتلىقنىڭ بەدەندىكى يەتتە ئاساسلىق بەزگە ئىگە بولغانلىقىنى ، ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ھەربىر تۈرلۈك فۇنكسىيەسىنى تىزگىنلەپ ۋە ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىدۇق . ئەمما بەختكە قارشى ، ئادەتتىكى دېرىزە ئەينەكى ئەمەلىيەتتە ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى قوبۇل

قىلالمايدۇ ، لېكىن سالامەتلىك ۋە ھاياتىي كۈچنى ساقلاشقا نىسبەتەن ، ئۇلترا بىنەپشە نۇر كەم بولسا بولمايدۇ . كۋارتس ئەينەكلىك دېرىزە ئورنىتىلىدىغان ساناتورىيە ۋە دوختۇرخانىلار ناھايىتى ئاز ، بۇ خىل ئەينەك ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ كىرىشىگە يول قويىدۇ .

34 . بۇ ئاجراتما بەزلەر بىزدە تا بۇگۈنگە قەدەر ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇلترا بىنەپشە نۇر بىلەن تولۇقلانغان چاغدا ، نەتىجە ئادەتتىن تاشقىرى ھاياتىي كۈچكە — روھىي جەھەتتىكى كۈچكە ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچكە تولۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، بىز خولېستېرىننىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ۋىتامىنغا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇق ، باشقا ئىنېرت ماددىلارنىڭمۇ ئوخشاش شەكىلدە ئاكتىپلاشتۇرۇلۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . بىز يەنە ئىنفرا قىزىل نۇرنىڭمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك بىر خىل داۋالاش ۋاستىچىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق . بەزى توقۇلما بۇيۇملار ئىنفرا قىزىل نۇرنى سۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .

35 . دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىرقانچە ئالىملارنىڭ ئىشلىگەن تەجرىبىلىرىدىن مۇنداق نەتىجىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىشقا بولىدۇ : ئادەم بەدىنىنى شۇقەدەر ساپ ۋە سېزىمچان قىلىپ ئۆزگەرتكىلى ، ھەتتا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ ، ئۆلمەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ . بەدەننىڭ كىرىم - چىقىمىنى شۇقەدەر مۇكەممەل تەڭشىگىلى ، ھەتتا ئورگانىزمنى قېرىمايدىغان ، بەلكى ھەركۈنى يېڭىباشتىن قۇرۇلىدىغان قىلغىلى بولىدۇ .

36 . ئىنتايىن ئاددىي ھالدىكى تازىلىققا دىققەت قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ، ھەربىر ھاياتلىقنىڭ نامايان بولۇشىنى ئۇزارتالايمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋرىنىشنىڭ كۈچىنى ھەمدە ئۇنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تولۇق چۈشىنىشنىڭ ئورگانىزمنىڭ ھاياتىنى مەڭگۈ نامايان قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە ئاساسىمىز بار .

37 . ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ مۇقەررەر ، ساقلانغىلى بولمايدىغان نەتىجىسى ياكى خاسلىقى ئەمەس . ئۆلۈم بىئولوگىيەدە بىر نىسپىي يېڭى نەرسىدىن ئىبارەت . ئۇ ، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات يولىدا بىر بۆلەك ئۇزاق مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ .

38 . كرىتىك تەجرىبە ئارقىلىق كۆزىتىش نەتىجىسى ، بىر ھۈجەيرىلىك ئورگانىزمنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى . ئۇلار ئاددىي ھالدىكى بەدەن بۆلۈنۈشى ئارقىلىق كۆپىيىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ، بىر يەككە تەن ئىككىگە ئايلىنىدۇ . ناۋادا ھۈجەيرىنىڭ مۇھىتى داۋاملىق پايدىلىق بولىدىغان ، بۇ جەريان مۇددەتسىز ھالدا داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ ، ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈش تېزلىكى قىلـ-چە ئاستىلىمايدۇ ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان جەرياننىڭ بولۇشىمۇ ھاجەتسىز . جىنس ئايرىمىسى بار بارلىق ئورگانىزمنىڭ جىنسىي ھۈجەيرىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەنىدە ، ئۆلمەيـ-دۇ . بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، شۇنداق دېسەك بولىدۇكى ، ئۇرۇقلانغان تۇخۇم بىر گەۋدىنى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ جىنسىي ھۈجەيرىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ . گەۋدە (بەدەن) ئاخىرى ئۆلىدۇ . بەزى جىنسىي ھۈجەيرىلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا گەۋدە ۋە جىنسىي ھۈجەيرىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ ، ئۇ مانا مۇشۇنداق دەۋرىي ھالدا تەكرارلىنىپ ، ئۈزلۈكسىز ھالدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ ، كۆپ ھۈجەيرىلىك ئورگانىزم يەر شارىدا پەيدا بولغاندىن بۇيان ، تا بۈگۈنگە قەدەر تېخى توختىغىنى يوق .

39 . كۆپىيىش مۇشۇ خىل شەكىلدە كۆپ ھۈجەيرىلىك جانـ-لىق ھالىتىدە داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدىغانلار بولسا ، ئۆلۈمنىڭ پاناھلىنىدىغان يېرى بولمايدۇ . قەرەلسىز ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ توقۇلمىلىـ-رىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۆلۈمنىڭ ھۈ-جەيرە ھاياتىنىڭ مۇقەررەر قوشۇمچىسى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ

بەردى .

40 . بىز تامامەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى ، بەدەندىكى بارلىق ئاساسىي ھۈجەيرە ئامىللىرىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئۆلمەيدىغانلىقى ياكى ئالىقاچان تولۇق ئىسپاتلانغان ، ياكى بۇنىڭ ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرغان . يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيانقى ھۈجەيرە يېتىشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ يىغىنچاقلىساق ، مۇنداق يەكۈن چىقىرىشىمىز مۇمكىن : كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋاننىڭ تېنىدىكى بارلىق ئاساسىي توقۇلما ھۈجەيرىلىرى يوشۇرۇن ھالدا ئۆلمەيدۇ ، بىز ئۇنى ئايرىم ھالدا مۇنداق بىر خىل شارائىتتا تۇرغۇزساق : مۇۋاپىق مىقداردىكى مۇۋاپىق يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىسەك ، ماددا ئالماشتۇرۇشنىڭ زىيانلىق ھاسىلاتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا چىقىرىپ تاشلىساق ئەنە شۇنداق ئەھۋال نامايان بولىدۇ .

41 . ئۇنداق بولسا ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار نېمە ئۈچۈن مەڭگۈ ياشىيالمايدۇ؟ بىر ئاساسىي سەۋەب قارىغاندا مۇنداق بولسا كېرەك : بەدەن بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولۇش سۈپىتىدە ، ئۇنىڭدىكى ھۈجەيرە ۋە توقۇلمىلارنىڭ فۇنكسىيە جەھەتتىكى بۆلۈنۈشى ۋە مەخسۇسلىشىشى تۈپەيلىدىن ، ھەرقانداق ئايرىم قىسىم ئۆزىنى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنى تاپالمىغان . بەدەننىڭ ھەرقانداق قىسمىنىڭ ياشىشىغا زۆرۈر لازىملىق بۇيۇملار باشقا قىسىملىرى ياكى بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولغان بەدەننىڭ توقۇلمىلىرى تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ . كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلارنىڭ بەدىنىنى تەشكىل قىلىدىغان ھۈجەيرە ۋە توقۇلمىلار ئۆزئارا بېقىنىدىغان توپلىمىنىڭ فۇنكسىيە جەھەتتىكى بۆلۈنۈشى ۋە مەخسۇسلىشىشىنى ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بىر ھۈجەيرىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭدا ئەزەلدىن بار بولغان ، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم جەريانى بولمايدۇ .

42 . هۆجەيرە تىپىك قېرىش ئۆزگىرىشىنى ئاشكارىلىغان چاغدا، بۇ ئۆلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولغان بەدەندىكى ئۆزئارا بېقىنىدىغان بىرلىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. ھەرقانداق ئايرىم ھۆجەيرىدە، بۇ خىل ئۆزگىرىش زادىلا يۈز بەر-مەيدۇ، چۈنكى ئەمەلىيەتتە ھۆجەيرە ئەسلىدىنلا قېرىدۇر. بۇ خىل ئۆزگىرىش، ھۆجەيرە بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولغان تەشكىل-لىنىك بەدەندىكى ئۆزئارا بېقىنىدىغان مۇناسىۋەتتىن سىقىپ چىقىرى-ۋېتىلگەن چاغدىلا، ئاندىن يۈز بېرىدۇ. قىسقىسى، ئۆلۈم قارىغاندا يەككە ھۆجەيرىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك مېخانىزمىنىڭ ئاساسىي خۇ-سۇسىيىتى ئەمەس، تېخىمۇ كۆپرەك ھالدا بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبا-رەت بولغان بەدەننىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك.

43 . يېقىنقى تەتقىقاتلار ھەل قىلغۇچ ھالدا شۇنى چۈشەندۈ-رۈپ بەردىكى، ئادەم بەدىنىدىكى توقۇلما ۋە ھۆجەيرىلەرنىڭ چوقۇم چىرىشى ناتايىن. ئىلگىرى كىشىلەر، قېرىشتىن ساقلىنىشنىڭ ئامالى يوق، ھۆجەيرە چوقۇم قېرىش سەۋەبىدىن يىمىرىلىدۇ، بۇ پەقەت خوراشتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. ئەمما، ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، بۇ خىل قاراش كىشىلەر تەرىپىدىن قۇۋۋەتلەنمەيدىغان بولدى. ئاجراتما بەزلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات نۇرغۇن ماتېرىياللىستلارنى شۇنىڭغا چىن پۈتكۈزدىكى: ئادەمنىڭ ھۆجەيرى-سى ئۈزلۈكسىز ھالدا ياشىرالايدۇ ياكى ئورنىغا دەسسىيەلەيدۇ، قېرىلىق دەۋرىدىن ئىبارەت بۇ ھالەتتىن بىرقانچە يۈز يىل نېرى تۇرغىلى بولىدۇ.

44 . ھەممىگە مەلۇمكى، قىممەتلىك تەجرىبىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېرىك سانائەتنىڭ باشلامچىلىرى ھەمىشە 60 ياشتىن ئاشقان بولىدۇ،

كىشىلەر ھەمىشە بارلىق ئامال ـ چارىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار شۇنچە يىللار داۋامىدا ئەڭ قىممەتلىك تەجرىبىلەرگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ ئۇ- چۈن، ئۆمۈرنى ئۇزارتىشنىڭ ئامال ـ چارىسى ئىنتايىن مۇھىم. بەلكى ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى خىلمۇخىل ئالامەتلەر، بۇنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە، ھەم بۇنى جەزمەن قىلغىلى بولىدۇ.

45. بىزنىڭ بەزى ئەڭ نوپۇزلۇق زاتلىرىمىزمۇ بىر ئادەمنىڭ بىرقانچە يۈز يىل ياشىماسلىقى كېرەكلىكىنىڭ قانداق ئاساسى بارلىقىنى سېزىۋالالىغىنى يوق. بۇ (ئاشۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆ- رۈشنى دېمەكچى — تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى) قانداقتۇر ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدار ئەمەس، بەلكى مۇۋاپىق بىر ئوتتۇرىچە سەۋىيە- دىن ئىبارەت دەپ قارالماقتا. دەرۋەقە، بۈگۈنكى كۈندە بەزىلەر 125 ياش ئۆمۈر كۆردى، لېكىن بۇلار پەقەتلا ئايرىم ئەھۋال، ئەلۋەتتە. تېببىي مۇتەخەسسىسلەر، كەلگۈسىدە ھامان بىر كۈنى ئادەمنىڭ ئۆمرى 200 ياش نىشانىغا يېتىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتماق- تا. بىز توختىۋېلىپ ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئىلگىرى ئىنسان- لارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئادەتتە 40 ياش بولغان، بۈگۈنكى كۈندە 50 يىلدىن كېيىن، بىر ئادەمنىڭ نەۋقىران مەزگىلىنىڭ 100 ياكى 150 ياش بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

46. نېرۋا بەزىبىر ئىنچىكە تالالاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئوخ- شاش بولمىغان رەڭگە ئىگە ھەربىر تال نېرۋىنىڭ بەزى ئورگانىك ماددىلار (مەسىلەن، ياغ ياكى ئاقسىل)غا نىسبەتەن خاس خىمىيە- لىك بىرىكىش كۈچى بولىدۇ، بۇ خىل بىرىكىش كۈچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، ئورگانىزم كونكرېتلىشىدۇ، ھاياتلىق جەريانى داۋاملى- شىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

47 . تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەسكى ، بۇ سىرلىق ئىنچىكە تالالار «ئىنسان چىلتار»نىڭ تارىسى ، مولېكۇلا ھالەتتىكى مىنېرال ماددىلار بولسا «چەكسىز ئېنېرگىيە»گە ئىگە قول بارماقلىرىدىن ئىبارەت . ئۇلار مەلۇم بىر «مۇناجات»نىڭ مۇڭلۇق نوتىسىنى چالالايدۇ .

# 16 ـ ساۋاق : دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ دىنلار

دىن ئاساسسىز بولمايلا قالماي ، ئۇلارغا مۇجەسسەملەنگىنى ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ چوڭقۇر ، ئەڭ ئۇلۇغ ئىدىيەلىرىدىن ئىبارەت . ئۇ ئىدىيەلەر بىزنىڭ جىسمانىيىتىمىز ۋە روھىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ۋە ئۇ بىزگە مىراس قالغان ، بىز ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلدۇق ھەم ئۇلارنى ئەۋج ئالدۇردۇق .

## يەھۇدىي دىنى

1 . پەلەستىنىدىن ئىبارەت دۇنياغا داڭلىق بۇ زېمىن بىر پارچە تار ھەم ئۇزۇنچاق سەھرادۇر ، ئۇنىڭ نۇرغۇن باي ھەم مۇنبەت ۋادىلىرى ۋە ئېگىز تاغلىرى بار ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىگە ، ئەرەب قۇملۇقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان . ئۇنىڭ كەڭلىكى 70 مىل ، ئۇزۇنلۇقى 125 مىل — مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ كۆلىمىگە ئاساسەن تەڭ .

2 . ئۆلۈك دېڭىز مۇشۇ زېمىنغا جايلاشقان ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 1300 فۇت تۆۋەن ؛ ھىدمونمۇ مۇشۇ يەردە ، ئۇ دېڭىز 9166 فۇت ئېگىز بولۇپ ، 11 ـ ئايدىن كېلەركى يىلى 8 ـ ئايغىچە قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ .

3 . بۇ داڭلىق زېمىن ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشچان كىلىماتى ، دۇنياغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ دىنلارنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىدا ، بىر قەھرىمانىنىڭ رولىنى ئويىنىغان .

4 . «ئىنجىل»نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى جىلدلىرىنىڭ يېزىلغان دەۋرى كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك پەرەز قىلغىنىدىكىدىن كۆپ كېيىن ، «يارىلىشنامە» دىكى ئىبداي قوۋمىنىڭ ئاقساقالاي توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئاساسلىقى كېيىنكى قەبىلە تارىخىدىكى رىۋايەتلەردىن تەشكىل تاپقان .

5 . رىۋايەتلەر دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىبراي مىللىتىنىڭ 4 قەبىلىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ 4 قەبىلە 4 ئانىدىن كېلىپ چىققان ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى «رىيا»قەبىلىسى بىلەن «راجى»قەبىلىسىدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە مۇھىم دەپ قارىلىدۇ (رىيا ياۋا ئىنەك دېگەن مەنىدە ، راجى ساغلىق دېگەن مەنىدە ) .

6 . بۇلار زادى تۇتېم بەلگىسىمۇ ياكى ئىگىلىك بەلگىسىمۇ؟ بۇ ھەقتە كىشىلەرنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس . زىيا قەبىلىسى كالا باقىدىغان ، راجى قەبىلىسى بولسا قوي باقىدىغان قەبىلە بولۇشى مۇمكىن . ساقلىنىپ قالغان ئارخىپلاردىن ئۇنىڭ ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1300 - يىللارغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ . مىسىردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ھەمدە كېيىن مۇسا تەرىپىدىن باشلاپ چىقىلغىنى پەقەت راجى قەبىلىسى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن .

7 . مۇشۇ بويىچە قىياس قىلساق ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ دىنى ، ئۇلار پەلەستىنگە كېلىشتىن ئىلگىرى ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ دىنىدىن ماھىيەتلىك پەرقلەنمەسلىكى مۇمكىن چۈنكى ، ئىپتىدائىي سېمىت قەبىلىلىرىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ، مۇھىتى ، قىز ھۇجرىسى قاتارلىقلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن قالتىس قىلىۋېتىلگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ دىنى ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنىڭ دىنىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ ، دەپ قاراش ئەقىلگە سىغىدۇ . ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلاھى بولغان بولۇشى مۇمكىن ، بىز «God» (ئىنگلىز تىلىدىكى

«خۇدا»دېگەن مەنىدىكى — سۆز تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى ) دەپ
ئوقۇغان تەڭرى ئاشى قەبىلىسىنىڭ تەڭرىسى بولۇشى ئېھتىمالغا
ناھايىتى يېقىن . كېيىن قەبىلىسىنىڭ تەڭرىسى «يەھۋى» (
Yahweh ) ياكى «يەھۋا» ( Jehovah ) دىن ئىبارەت ، قەدىمكى
ئىبرانى يازغۇچىلىرى ، بۇ ئېتىقاد ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرلەرگىمۇ
تاقىلىدۇ ، دەيدۇ .

8 . دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇ تەڭرى ئاشۇ دەۋرلەردىكى باشق
نۇرغۇن ئىلاھلارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ ، قارىغاندا ئۇ «تۇغۇت ئىلا-
ھى»بو قارىغاندا ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇنىڭ مەنىسى «قىزغىن
مۇھەببەت پەيدا قىلىدىغان ئىلاھ» دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىكەن .
ئۇلار يانار تاغنىڭ پارتلىشى ، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق
بارلىق ھەرىكەتلەرنى ئۇنىڭغا دۆڭگىگەن .

9 . ئالامەتلەردىن مەلۇمكى ، مۇسادىن ئىلگىرىكى بىرقانچە
مىڭ يىل ئىچىدە ، يەھۋا ئىزچىل تۇردە ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي
قىسمىدىكى بىر ئىلاھنىڭ نامى بولغان بولۇشى مۇمكىن ، ئاشۇ
چاغدىكى دېڭىز كۆچمەنلىرى بۇ رايوندىن بابىلون ۋە پەلەستىنگە
ساياھەتكە بارغاندا ، بۇ نامنى ھەمدە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادنى ئاشۇ
ئەللەرگە ئېلىپ بارغان .

10 . ئېھتىمال ، بۇ بۆلەك تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخس مۇسا
بولۇشى مۇمكىن ، ئىبراي مىللىتى قۇل قىلىنىشىنىڭ دەردىنى
يەتكۈچە تارتىۋاتقان دەۋرلەردە ، ئۇ مىسىردا تۇغۇلۇپ ، مىسىردا
چوڭ بولغان . ئۇ يەردە ، ئۇ بىر مەلىكىنىڭ ئاسراندى ئوغلى
بولغان ، مەلىكە ئۇنىڭغا مىسىر ھەققىدىكى بارلىق بىلىملەرنى
ئۆگەتكەن ، لېكىن ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئېزىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇ-
رۇشقا مەجبۇر بولغان . خاتىرىلىنىشىچە ، بىر كۈنى ئۇ بىر مى-
سىرلىقنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشى-
دىن قورققانلىقتىن ، مىديانلار - كىنلارنىڭ ئېلىگە قېچىپ كەت-
كەن ھەم ئۇ يەردە نۇرغۇن يىللار ياشىغان .

11 . بۇ مەزگىلدە ، ئۇ ياتىرونىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن . ياتىرو بولسا يەھۋانىڭ كاھىنى . سىناي تېغىدىكى «يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت» ئالدىدا ، يەھۋانىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە سۈرى ئۇنىڭدا شۇقەدەر چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانكى ، ھەتتا ئۇمۇ بىر مۇرىتقا ئايلانغان . ئۇ مىسىرغا قايتىپ كېلىپ ، قۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان خەلقىگە ۋەز ئېيتىپ ، ئۇلارغا يەھۋانىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئارقىلىق مىسىردىن قېچىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن .

12 . قېچىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ، سىناي تېغىدا ئۇلار بىر پارچە «ئىتتىپاق ئەھدى»تۈزگەن ، يەھۋا ئۇلارنىڭ تەڭرىسىگە ئايلىنىپ ، ئۇلارنىڭ كۈتۈشىگە مۇيەسسەر بولغان . كېيىن ، مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى مارون كاھىنلىققا سايلانغان ، ئىتتىپاق ئەھدى بىر قۇتا (ياكى ئەھدى ساندۇقى دەپ ئاتالغان )غا سېلىپ قويۇلغان ، ئۇنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئاسان بولغان ، ئۇ مۇقەددەسلىكنىڭ سىمۋولىنى ، يەھۋانىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

13 . ئۇنىڭ يېڭى ۋەزىپىسى ئون ماددىلىق قانۇندىن تەركىب تاپقان قامۇس تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بولغان — بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنى «ئون پەرھىز»دەپ ئاتايمىز ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئون ماددا بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان ، چۈنكى تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن بۇ ئىرقتىكىلەر قول بارماقلىرىنى پۈككىنىچە بۇ قانۇنلارنى ماددىمۇماددا ساناپ بېرەلىگەن . بۇ ئەخلاققا دائىر قانۇنلار توپلىمى بولۇپ ، پۇختا ماتېماتىكىلىق ئاساسقا ئىگە . ھەممىدىن بەك دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، بۇ قامۇس دەۋرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ ، ئۇنىڭغا بۈگۈنگە قەدەر يەنىلا ناھايىتى ئوبدان ئەمەل قىلىنىپ كەلمەكتە ھەم بۈگۈنكى كۈندىكى يەر شارىدىكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلمەكتە .

14 . ئەمما بىر نۇقتا راست ، مەيلى بىر دەۋردىكى دىنلار

بولسۇن ، ياكى كېيىنكى دىنلار بولسۇن ، مۇسا ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا بار ، لېكىن نېمە سەۋەب-تىنكىن ، مۇسانىڭ بۇ قانۇنلىرى بەكمۇ گەۋدىلىك ھەمدە بارلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن دېگۈدەك قانۇن ئاساسى قىلىنماقتا .

15 . يەھۇۋا «بىر خۇدا» نۇقتىنەزىرى (ياكى «بىر ئىلاھ نەزە-رىيىسى» دەپ ئاتىلىدۇ ) دە چىڭ تۇرۇشنى كۈچلۈك تەلەپ قىل-غان ، بۇ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئېتىكا ئەقىدىسىدۇر . ئاندىن قالسا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ھەققانىيلىقتۇر . ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كاھىنى قۇربان بېرىش ۋە ھەققانىيلىق قارىشىدا چىڭ تۇرغان . كېيىنكى كاھىنلار يەھۇۋانىڭ مۇھەببىتى ھەققىدە توختال-غان . «يەھۇۋا ئىسرائىلنى توي قىلىدىغان قىزلىققا تاللىغان» ، ئۇ (ئىسرائىلنى دېمەكچى — تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى ) نىڭ يەھۇۋاغا بولغان ساداقەتسىزلىكى شەرمەندىلەرچە ۋاپاغا جاپا قىلغانلىق بو-لۇپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق رەنجىتكەن .

16 . كېيىنكى كاھىن بىر يېڭى ئۇستازنىڭ بارلىققا كېلىدى-غانلىقى توغرىسىدا ، مەسىھ توغرىسىدا ، روھنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دىننىڭ ئىچكى خاسلىقى توغرىسىدا توختالغان . ئېسايىيا بىلەن ئېرىدىن ئىبارەت ئىككى كاھىن دەۋرنىڭ دىنغا سېلىپ قويغان كىشىلىرىنى ئېلىپ تاشلاشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن .

17 . ئىسرائىلىيەدە دىننىڭ تەرەققىي قىلىشى — ئىپتىدائىي سېمىتلاردىن باشلاپ يەھۇدىي دىنىنىڭ شەكىللىنىشىگىچە — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم سەھىپىلەرنىڭ بىرىدۇر . چۈن-كى باشقا دۆلەتلەردە ، مىسىردىكىگە ئوخشاش ، بىر ئىلاھ نەزەرىيە-سى قارىشى پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرىپىدىن چۈشىنىلگەن . پەقەت ئىسرائىلىيەدىلا ، ئۇ خەلق تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان . دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ، ئىبراي دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ بىر ئىلاھلىق دىننىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان ، بۇ ئۈچ چوڭ دىن : يەھۇدىي دىنى ، ئىسلام دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىن ئىبارەت .

18 . يېرۇسالېم «يەھۋانىڭ مۇقەددەس شەھىرى» ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق . لېكىن ، ئىبرايلارنىڭ ئۇزاق تارىخىنى — ئۇلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە خارابىلىشىشى ، ئەسىرگە چۈشۈشى ۋە يۇرتىغا قايتىپ كېلىشى ، مىللىي تەرەققىياتى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا «ھەرقايسى ئەللەردە سەرسان بولۇشى»نى سۈرۈشتۈرۈش — بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەمەس .

19 . ئادەم باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل سەرسان بولۇپ يۈرىدىغان جانلىقتۇر ، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش ھامان ئۆز مىللىتىگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ . بىز يەھۇدىلارنىڭ سامالىيالىقلار بىلەن بولغان سۈركىلىشلىرىنى ھەمدە كېيىن پىرسىيە ، بابىلون ، گىرېتسىيە ۋە رىم بىلەن بولغان سۈركىلىشلىرىنى ئوقۇغان ئىدۇق ، كېيىن ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئېقىمى شۇنىڭدەك دۇنيانى تەۋرەتكەن ئىدىيەنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلغان .

20 . بۇ يات قەبىلىلەرنىڭ ئەۋلىيالىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى ، پەيلاسوپلىرى ۋە شائىرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سالمىقى بار ، بىز سۇلايماننىڭ «پەندنامە» ناملىق ئەسىرى بىلەن داۋۇدنىڭ «زەبۇر» ناملىق ئەسىرىدىن نەتىجىنى كۆردۇق ، «پەندنامە» دە گىرېتسىيەلىكلەرنىڭ ئىدىيەسىگە دىققەت قىلدۇق .

## ئىسلام دىنى

21 . مەككە شەھىرى قۇرەيشلەرنىڭ بىر قۇدرەتلىك قەبىلىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ، بارلىق ئەرەبلەرنىڭ ھەرىيلى كېلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان ياكى سودا ـ سېتىق قىلىدىغان يېرىدۇر .

22 . دەل مۇشۇنداق مۇھىتتا ، مۇھەممەد مىلادىيەنىڭ 570 ـ يىلى مەككە شەھىرىدە تۇغۇلغان .

23 . ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ، بىر دىنىي مەزھەپ تۇيۇقسىزلا قەدىمىي دىندىن ئايرىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىبراھىمنىڭ

ئېتىقادىنى ئىزدەۋاتقانلىقى توغرىسىدا جار سالغان.

24. مۇھەممەد ئىزچىل تۈردە سىرلىق نەرسىلەرنى ۋە دىنىي نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى. 50 ياشتىن ئىلگىرى ئۇ داۋاملىق مەككىدە ياشىغان، بۇ مەزگىلدە ئۇ تۇرمۇش قۇرۇپ، 2 ئوغۇل، 4 قىز جەمئىي 6 پەرزەنتلىك بولغان. بىر مەزگىل، بەزى ئېغىر گۇمانلارغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىدىن ۋە مەككىدىن ئايرىلىپ، ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر غاردا تۇرۇپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغان، ئاخىرى بىر خىل كۈچلۈك ئېتىقاد بىلەن قايتىپ كەلگەن، ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى خەلقنىڭ پەيغەمبىرى بولۇشقا بۇيرۇغانلىقىغا ئىشەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال 10 يىلغا يېقىن دىن تارقىتىشقا كىرىشكەن، بۇ مەزگىلدە، ئۇ ئاران ناھايىتى ئاز ئەگەشكۈچىلەرنىلا ئۆزىگە جەلپ قىلالىغان. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار سادىق ئەگەشكۈچىلەردىن ئىبارەت بولغان، كېيىن ئادەم سانى كۆپەيگەن.

25. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم دىنىي ئەقىدىسى: روھنىڭ «بىرلىكى» ۋە «بىردىنبىرلىكى» دىن ئىبارەت.

26. بۇ روھنى ئۇ «ئاللا» دەپ ئاتىغان، بۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى» دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

27. ئۇ روھنى بىر «ئۇلۇغ ئادەم»، ياكى ئادەتتىن تاشقىرى كارامەت ئادەم — ئۇنىڭ قولى، پۇتى، كۆزى ھەممە ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك باشقا بارلىق ئەزالىرى بار، دەپ قارىغان.

28. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، قۇدرەتلىك، ئالەمنىڭ مۇتلەق پادىشاھى.

29. ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇش قۇرۇق ئاۋارىچىلىكتىن ئىبارەت، لېكىن، ئادەم ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنسا، ئۇ مېھىر ـ شەپقەتلىكتۇر.

30. بۇنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلىنىدىغان دىنىي ئەقىدە، مۇ-

ھەممەد خۇدانىڭ پەيغەمبىرى — «مۇھەممەدتىن كېيىن پەيغەمبەر بولمايدۇ» دېگەنلىكتىن ئىبارەت . دىن ئىنسانلارغا تىنچلىق ئاتا قىلىدۇ ، بىر سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى سۆز يىلتىزى «Salama» ، بۇنىڭدا پايدىلىنىدىغان تۈپ سۆز «Islam» — يەنى «ئىتائەت قىلىش» دېگەنلىكتىن ئىبارەت . ئۇ ئىتائەت قىلىش ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلغان ۋە چۈشەندۈرگەندە ، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىدىنى «Islam» (ئىسلام )دەپ ئاتىغان .

31 . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئۇ بۇ دىنىي ئەقىدىلىرىگە نۇرغۇن ماددىي ئەقىدىلەرنى مۇكاپات ۋە جازا سۈپىتىدە قوشقان . مۆمىنلەر ئىگە بولىدىغان مۇكاپات ماددىي ھالەتتىكى جەننەتتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ يەردە ئاياللار توپ - توپ بولۇپ يۈرىدىغان ئارقا ئوردا بار ؛ كۇففارلار بولسا ماددىي ھالەتتىكى دوزاختا يەتكۈچە ئازاب - ئوقۇبەت تارتىدۇ . «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىككى ئايەت بۇ بىر نۇقتىنى ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ :

ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ . سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر ؟ ئۇ ئىككى جەننەتتىن تۆۋەنرەك ئىككى جەننەت بار . سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر ؟ ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر . سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر ؟ ئۇ ئىككى جەننەتتە قايناپ چىقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار . سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر ؟ ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر ، خورمىلار ۋە ئانارلار بار . سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر ؟ . . . . . . . . ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر ! ( «قۇرئان كەرىم»55 - سۈرە ، 60 - ئايەتتىن 78 - ئايەتكىچە )

32 . بۇنچىۋالا كۆپ مۇكاپات ھەققىدە ئاجايىپ نېمەتتۇر ، ئەمما تۆۋەندىكى بۇ جازالارغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك :
كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ قۇيۇلىدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ ، ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ . ھەرقاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان ) غەم - قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا ، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ ، (ئۇلارغا )كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ ) ئازابىنى تېتىڭلار (دېيىلىدۇ ) ! ( «قۇرئان كەرىم» 22 - سۈرە ، 19 - ئايەتتىن 22 - ئايەتكىچە )

33 . مەككىلىكلەر مۇھەممەدنى سەل يامان كۆرىدىغان بولغاچقا ، ئۇ ، ئۇ يەردىن قېچىپ ، مەدىنىگە بارغان . بۇ ئىسلام دىنىدا بىر ھالقىلىق نۇقتا ھېسابلىنىدۇ ، چۈنكى شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ دەۋرىگە بەلگە سېلىنغان . مەدىنىدە ، مۇھەممەد ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ قوبۇل قىلىنغان ، ئىسلام دىنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان .

34 . مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە ، ئادىتى بويىچە ، ئۇ يۈزىنى يېرۇسالىمغا قارىتىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلغان ، چۈنكى ئۇ يەھۇدىلار (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر مەدىنىدە ئىدى )نىڭ ئۇ ئۆزىنى ئۆزلىرىنىڭ كاھىنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىنى سەمىمىي رەۋىشتە ئۈمىد قىلاتتى . مۇشۇ بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ھەسرەتلىك ھالدا ئۈمىدسىزلەنگەن .

35 . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ دۇئا - تىلاۋەت قىلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ، يېرۇسالىمدىن مەككىگە بۇرالغان — نەتىجىدە ، ئەرەبلەرنىڭ غايىسى ناھايىتى تېزلا يېرۇسالىم ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ

غايىسگە قارىغاندا تېخىمۇ تەسىر كۆچىگە ئىگە بولغان .

## ئاتەشپەرەسلىك

36 . بەزى تېخىمۇ غەلىتە دىنلار بولۇپ ، ئۇ مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەملەر ئىشىنىدىغان نەرسىنى يوقلاشتىن ئىبارەت . ئەگەر بىز بۇ دىنلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئوقۇساق ، بىر خاتا ئويغا ياكى خاتا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن ، چۈنكى ۋاقىت بىلەن ئورۇن ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدىكى مۇھىم كۆرسەتكۈچتۇر .

37 . ئاتەشپەرەسلىك پېرسىيىدە دۇنياغا كەلگەن ، بۇ بىر ئۇلۇغ ئېگىزلىك دۆلىتى بولۇپ ، كۆلىمى تەخمىنەن ئامېرىكا يەر مەيدانىنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ . ئۇ ئاساسەن كۆز يەتكۈسىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ ، سىرتقا بارغىلى بولىدىغان پەقەت بەزىبىر تاغ جىنسلىرى چوقچىيىپ تۇرغان تارئېغىزلىرى بار . ئۇنىڭدا ئىنتايىن ئاز بىر نەچچىلا دەريا بولۇپ ، ھەممىسى قۇمساڭ تۇپراققا سىڭىپ تۈگەيدۇ .

38 . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، زوروئاستېر ئۇلۇغ دېھقانچىلىق ئىلاھى بولغانلىقتىن ، دېھقانچىلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن دىنىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىنى تېخىمۇ ئاسان كۆرۈۋالالايمىز .

39 . بۇ ئېگىزلىكتە ، تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەش قابىل ھەم ئەمەلىيەتچىل بىر مىللەتنى پەيدا قىلغان ، بۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى جەھەتتە رىملىقلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق . لېكىن دىققەت قىلىش كېرەككى ، ئۇلارنىڭ ھىندىستانلىق تۇغقانلىرى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ ، ئۇ يەرنىڭ كىلىماتى تېخىمۇ مۆتىدىل . ئۇ يەردە ، سىز چوڭقۇر ئويلىنىدىغان ، يۇكسەك دەرىجىدىكى سىرلىق خاراكتېرنى كۆرىسىز ؛ ئەمما پارسلار تاكى ئەڭ

ئاخىرىغا كەلگۈچە تېتىك ، چىچەن خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلگەن ، ئۇلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە سىرلىق شەيئىلەردىنمۇ بەكرەك قىزىقىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاللىسى ، روھى ۋە ئىقتىدارىغا تېگەلەيدىغان بىر ئوقۇتقۇچى ۋە ئۇستازغا تاپشۇرۇلغان — زوروئاستېرنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى باشقا بارلىق دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ .

40 . شۇڭا ، «ئاۋېستا» (ياكى «بىلمنامە»دېيىلىدۇ ) زوروئاستېر دەۋرىدىن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېزىپ چىقىلغان ، لېكىن ئۇ نەزم (بىزنىڭ ھەمدۇسانايىمىز بىلەن ئوخشاش )شەكلىدە ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى ۋە غايىسىنى يەتكۈزگەن . بۇلار ئۇلارنىڭ دىنىنى تەشكىل قىلغان .

41 . قەدىمكى ئىران دىنى ئىلگىرىكىدەكلا تەسىر كۆچىگە ئىگە بولغان لېكىن زوروئاستېر بۇلارغا قارشى تۇرغان ، ئاھۇدامازدا زوروئاستېرنىڭ قېشىدا ئوت ئىلاھىغا ئايلانغان . شۇڭا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە ئاسترونومىيەنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن : قۇياشنىڭ ئوتى بارلىق تىرىك نەرسىلەرنىڭ جېنىدۇر .

42 . زوروئاستېر ئەڭ دەسلەپتە «زارا تۇسترا»دەپ ئاتالغان . بۇ ئىككى ئىسىم شۈبھىسىزكى ئادەمنى ئەمەس ، بەلكى ۋەزىپىنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇ خۇددى بىزنىڭ «پىرىزدېنت» ، «سودىيە» دېگىنىمىزگە ئوخشاش ، لېكىن جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، جەزمەن بىر ئۇلۇغ زوروئاستېر ، يېڭى غايىگە ، يېڭى سىستېمىغا ئىگە بىر زوروئاستېر بار .

43 . تەخمىنەن 20 ياش چېغىدا ، ئۇ ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ ، تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاپ ، ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ، شۈبھىسىز ھالدا يەنە ئۆز سىستېمىسىدىكى ئومومىي ئېتىقادنى يەكۈنلەشكە كىرىشكەن ؛ ئەيساغا ئوخشاش ، بىز ئۇنى قايتا كۆرگەن چېغىمىزدا ، ئۇ ئاللىقاچان 30 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ ، بەزىبىر خىيالىي تۇيغۇ ۋە ۋەھىيلەرگە ئىگە بول-

غان .

44 . كۆنگە ئۆچ قېتىم تەكرارلانغان بىر خىيالىي تۈيغۇدا ، ئۇ ئاھۇ دامازىدادىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي مەۋجۇدىيەتتىن ئالدىغا بېرىپ ، جەننەتتە ئۇنىڭ تەلىمىنى قوبۇل قىلىشقا ئىجازەت ئالغان .

45 . زوروئاستېر زېمىنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، دەرھال ئەينى چاغدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان پەيغەمبەرلەرگە ئۆزىنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈشكە ، ئاھۇ رامازداغا چوقۇنۇشقا ، پەرىشتىلەرگە مەدھىيە ئوقۇشقا ، جىن - شەيتانلارغا زەربە بېرىشكە كىرىشكەن .

46 . كېيىن ، ئۇ يەنە 6 خىيالىي تۈيغۇغا ئىگە بولغان ، بۇ خىيالىي تۈيغۇلاردا ، ھەربىر پەرىشتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەملىك سۈپەتكە ئىگە بولغان ، مەسىلەن ، «ئويلىنىشقا ماھىر » ، «سۆزگە ماھىر » ، «ساۋاپلىق ئىش قىلىش »قاتارلىقلار .

47 . زوروئاستېر ئەمەلىيەتتىكى بىر ئىلاھ ئېتىقادچىسى . ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە ، ئاھۇ رامازدا ئەڭ ئالىي ئىلاھتىن ئىبارەت .

48 . ئۇ بۇ جەھەتتە ناھايىتى تەجرىبىلىك ، ئۇ بۇ غايىلىرىنى يېڭى تەپسىرلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن دىنغا كىرگەنلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان چىشىغا تېگىش ۋە زەربىلىرىنى يەڭگىللەتكەن .

49 . ئۇ ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ئادەمنىڭ ھايۋانلىق ۋە ئىلاھلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەبىئىتى بولىدىغانلىقىنى ، «ئويلىنىشقا ماھىر » ، «مۇكەممەل دىن » قاتارلىقلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ، ئادەمنىڭ ئاخىرى ئاھۇ رامازدا بىلەن قوشۇلۇپ بىر بولۇپ كېتىدىغانلىقى ، مۇشۇنداق قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئادەملەرگە ، ئەگەر ئۇلار تەلەپ قىلىدىغانلا بولسا ، ئاھۇرامازدانىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەلىم بەرگەن .

50 . ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ ھۆكۈم قىلغۇچىسى ؛ پەقەت خالىد-

سىگىزلا ، سىز توغرا ئىش قىلالايسىز ، دەپ قارىغان .
51 . توغرا ئىش قىلىش سەمىمىي بولۇش ، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش ، دېھقانچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت .
52 . خاتا ئىش قىلىش يالغان سۆزلەش ، بۇلاڭچىلىق قىلىش ، سۇ ئىنشائاتلىرىغا ، چارۋا ماللارغا ۋە زىرائەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت .
53 . مۇكاپات بىلەن جازا ئوخشاشلا بۇ قىلمىشلارنىڭ نەتىجىسىدۇر .

## بىراھمان دىنى

54 . ھىندىستان شىمالدا ھىمالايا تېغىدىن جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغىچە سوزۇلغان بولغاچقا ، ئوخشاش بولمىغان تېمپېراتۇرا ۋە كىلىماتنى شەكىللەندۈرگەن . ئۇ بىر چوڭ ئۈچ بۇلۇڭسىمان رايون بولۇپ ، جەنۇبتىن شىمالىغىچە 1000 مىل كېلىدۇ ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى ئاساسەن شۇنىڭغا ئوخشاش .
55 . ئەمما ، بىراھمان دىنىنىڭ بارلىققا كەلگەن يېرى پەقەت ھىندى دەرياسى بىلەن گانگې دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دەريا ۋادىسىغىلا چېتىلىدۇ . ھىندى دەرياسىنىڭ باش ئېقىن رايونىدا ، ھىمالايا تېغىدىن ئېرىگەن قار سۇلىرى بۇ يەردىكى دەريالارنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ ، كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغقا مەنسۇپ ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى شىتاتلىرىنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ . گانگې دەرياسى ۋادىسى جەنۇبتاراق بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ ھوسۇلى مۇسسۇن شاملى ئېلىپ كېلىدىغان يامغۇرغا باغلىق . كىلىماتى ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا پايدىسىز ، ياشاش رىقابىتى ناھايىتى ئۆتكۈر .
56 . ھىندىقۇش تېغىنىڭ تار ئېغىزى ئارقىلىق ، ھىندى دەرياسىنىڭ باش ئېقىن ۋادىسىغا كىرگىلى بولىدۇ ، ئارىئان نەسلىدىكى بەزى قەبىلىلەر مۇشۇ يەردە ياشايدۇ . ئۇلار ھىندى دەرياسى

ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، بۇ يەردە نۇرغۇن ئەسىرلەر ياشاپ، «ئىنجىل» غا سەل ئوخشاپ كېتىدىغان، «ۋېدا كالامى» ناملىق بىر ئەسەرنى ئىجاد قىلغان. كېيىن، بەزى ئىرقتىكىلەر گانگې دەرياسى ۋادىسىغا كىرگەن، بەزى يازغۇچىلار، شۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈز بەرگەن دىنىنىڭ پارچىلىنىشىدىكى سەۋەبنى بۇ ۋادىنىڭ كىلىماتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان، دەپ قارايدۇ.

57 . 100 نەچچە پارچە كىتاب بولۇپ ھەممىسى «ۋېدا كالامى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىقلىرى «دىگاۋېدا»، «ئىراۋېدا» ۋە «ساماۋېدا» دىن ئىبارەت. ۋېدانىڭ مەنىسى «ئەقىل - پاراسەت» ياكى «بىلىم» دېگەندىن ئىبارەت. ئەڭ قەدىمكى ۋېدا كالامى «دىگاۋىدا» بولۇپ، تېكىستى ھەمدۇسانادىن تەركىب تاپقان، تەخمىنەن 10000 جىلىدقا يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھەمدۇساناتا — بەزىلىرى ئائىلىمى مەكتۇپلىرى، بەزىلىرى «تىلەكنامە» ۋە «قارغىشنامە» دەپ ئاتىلىدۇ.

58 . پەرەز قىلىنىشىچە، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان شائىرلار ۋە بېشارەتچىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان. باشقا بەزى ۋېدا كالام بولسا بېغىشلىمىدىن ئىبارەت، بەزىلىرىگە مۇزىكا ئىشلەنگەن.

59 . «براخماننامە»نەسر شەكلىدە يېزىلغان روھشۇناسلىق ئەسىر بولۇپ، نەزىر مۇراسىملىرىغا چېتىلىدۇ. ئۇلاردا بىر خىل قايتا ئويلىنىش روھى — ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىشكە بولغان بىلەن بىردەكلىككە ئىنتىلىشى بار.

60 . «براخماننامە» نىڭ قايتا ئويلىنىش مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتى زىچ بولغىنى «ئوپانىشاد»تىن ئىبارەت، ئۇ تامامەن ئوخشاش بولمىغان بىر خىل دىنىي ئەسەردۇر. بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتىدە، «براخماننامە» نىڭ مۇھىملىقى «دىگاۋېدا» دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

61 . كىشىلەر «ئوپانىشاد» نىڭ ساكىيامۇنى دەۋرىدىن بۇرۇن يېزىلغانلىقىغا ئومۇميۈزلۈك قوشۇلىدۇ، ساكىيامۇنى «بۇددا»دەپ

ئاتالغان ، ئۇ مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 487 ـ يىلى ۋاپات بولغان ، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ ، چۈنكى بۇددا دىنىنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە سىستېمىسى «ئوپانىشاد»نىڭ پەلسەپە قارىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، «براخمانىنامە» بىلەن «ئوپانىشاد»نىڭ مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 800 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 500 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان دېيىشىنىڭ ئاساسى بار .

62 . «دىگاۋېدا» بىر خىل جەمئىيەت تەرتىپىگە — بىر خىل ئۇرۇقداشلىق تىپىدىكى جەمئىيەت تەرتىپىگە ، «قەبىلىلەر ئاقسا-قىلى» دەپ ئاتالغان ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىگە بەكرەك ئوخشايدۇ .

63 . «دىگاۋېدا»دا ، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى دادا بىر ئائىلىنىڭ خوجايىنى ، شۇنداقلا نەزىر ـ چىراغ قىلىشقا رىياسەتچىد-لىك قىلىدىغان كاھىندىن ئىبارەت ؛ خوتۇن گەرچە ئېرىگە بويسۇ-نىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئىگە بولغان ئورۇن «براخمانىنامە» دىكىدىنمۇ ھۆرمەتلىك ، چۈنكى ئۇ نەزىر قىلىشقا قاتنىشىدۇ ، ئۇ ئائىلىنىڭ ئايال خوجايىنى بولۇپ ، ئېرى بىلەن بىللە پەرزەنتلىرد-نى ، قۇللىرىنى ھەمدە ئېرىنىڭ تۇرمۇش قۇرمىغان ئىنى ـ سىد-ڭىللىرىنى تىزگىنلەيدۇ .

64 . ئەخلاق ئۆلچىمى ناھايىتى يۇقىرى .

65 . بۇ قەبىلىلەر دېھقانچىلىق جەمئىيىتى بولۇپ ، قىممەت ئۆلچىمى ئىنەكتىن ئىبارەت ، ئۇ گەرچە ئالتۇن ۋە مىس تۇردىكى مېتاللارغا چېتىلىدىغان بولسىمۇ . كېيىن ، باشقا رايونلاردىكى (بولۇپمۇ گانگې دەرياسى ۋادىسىدىكى ) يەرلىك خەلق بۇ يەرگە قارىتا ئىستېلا قىلىش ئېلىپ بارغان ، مۇشۇ سەۋەبتىن پارتلىغان ئۇرۇش مەزگىلىدە ، كەسىپنىڭ بۆلۈنۈشى بارلىققا كېلىپ ، ئاخد-رى راھىبلار تەبىقىسى ، سامورايلار تەبىقىسى ۋە يېزا ئىگىلىك تەبىقىسى مەيدانغا كەلگەن ، بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ رايونلاردا سالاھد-

يەت تۇزۇمى باشلانغان .

66 . ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىراھمان دىنىدا 33 ئىلاھ (بۇ ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر سان ھېسابلىنىدۇ) بار ئىكەن، لېكىن بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممىدىن مۇھىمى ئىندرادىن ئىبارەت، ئۇ بىر قەبىلىنىڭ ئىلاھى بولۇپ، ئۇ مىللىي ئۇرۇشتىكى بىر جەڭچى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىنماقتا، چۈنكى ئۇ ئۇرۇشخۇمارلىق خاراكتېرىنى زادىلا يوقاتمىغان. ئۇ پانىي دۇنياغا مەنسۇپ بولۇپ — دەھرىي ئىدى. ئۇ ئەجدىھا بىلەن ئالۋاستىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇ بىر نەپسىبالا، هاراقكەش، پوچى نېمە ئىدى. يەنە بىر ئىلاھ ئوت ئىلاھىدىن ئىبارەت.

67 . (بىز ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردە توختاپ، تۆۋەندىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بۇ پاكىت ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرەيلى: دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دىنلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يەر، هاۋا، سۇ، ئوتتىن ئىبارەت بۇ 4 خىل ئېلېمېنتنىڭ مۇقەددەسلىكى نەزەرگە ئېلىنغان. بۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇ دىنلاردىكى بىر ئومومىي ئەقىدىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ بارلىق رايونلىرىدا ئوخشاش. ھىندىستاندىكى بۇ قەدىمكى خەلق ئەۋلىيالارنىڭ كۆپىيىشىگە قارىتا كۈچلۈك ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن، بۇ خىل كۆپىيىش نۇرغۇن تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ نامايەندىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان، ئۇلار: چولپان يۇلتۇزى ۋە چولپان گۈگۈم يۇلتۇزىنىڭ كۈچى، قۇياش ۋە ئاينىڭ كۈچى، زېمىن ئانىنىڭ كۈچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان).

68 . «رىگاۋېدا»دا، «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»بىر قېتىملىق تەبىئىي بارلىققا كېلىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى دېيىلگەن («رىگاۋېدا» تۆتىنچى پارە ئىككىنچى جىلىد.)

69 . ئۆلۈم ئىلاھى «ياماراجا» دەپ ئاتالغان، مەيلى ياخشى ياكى يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆلۈم ماكانىغا ھۆكۈمرانلىق

لىق قىلغان .

70 . ئۇلارنىڭ ئۆلمەسلىككە بولغان چۈشەنچىسى ناھايىتى مۇجمەل ، گەرچە كېيىنكى ئەدەبىي ئەسەر «ئوپانىشاد» ۋە «ماخابخاراتا»دا ئۆلمەسلىككە نىسبەتەن بىر خىل كۈچلۈك ئارزۇنى نامايان قىلغان بولسىمۇ . ھىندىستانلىقلارنىڭ دوزاخ ۋە جەننەتكە ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ناھايىتى روشەن دەلىللەر بار .

71 . «بىراھنامە» رەسىم ـ قائىدە توغرىسىدىكى بىر كىتابتىن ئىبارەت بولۇپ ، ھەم ئېتىقادقا چېتىلىدۇ ھەم نەزىر ـ چىراغ قىلىشقا چېتىلىدۇ ، يەنە بىراھمان (راھىبلار تەبىقىسى) ، كشاتردىيا (سامورايلار تەبىقىسى) ،ۋايسىيا (يېزا ئىگىلىك تەبىقىسى) ھەمدە سۇدرا (قۇللار تەبىقىسى )دىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان 4 سالاھىيەتتىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا توختالغان .

## بۇددا دىنى

72 . ناسارالارنىڭ ئەيساسىغا ئوخشاش ، بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى گاۋئۇتاما (ساكيامۇنىنىڭ فامىلىسى ، ئادەتتە ساكيامۇنىنى ئاتاشتا قوللىنىدۇ — تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى)مۇ گەرچە ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى كىتابلار ئۇنىڭ نامىغا مەنسۇپ قىلىنغان بولسىمۇدۇنياغا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى قالدۇرمىغان .

73 . ئۇ تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 567 ـ يىلى بېنارېستا تۇغۇلغان ، ئۇنىڭ دادىسى بەگ بولۇپ ، ئىسمى سۇددودانا ئىدى .

74 . ئۇ تۇغۇلىدىغان چاغدا ، ئاپىسى ئانىسىنىڭكىگە كېتىۋاتقان يولدا بولۇپ ، ئوغلى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ، «لۇمبىنى»دەپ ئاتىلىدىغان بىر باغدا تۇغۇلغان . بىر ھەپتىدىن كېيىن ، ئاپىسى ۋاپات بولغان ، ئۇنىڭ

سىڭلىسى بۇ بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغان.
75. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گاۋتاما ئۆزىنىڭ شاھ بەگزادىلىك مەسئۇلىيىتىگە زادى قىزىقمىغان، ئەمەلىيەتتە ئائىلىسىدىن، خوتۇنى ۋە بالىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئۆگىنىش ۋە دىن ئىشلىرىغا ئاتىغان. لېكىن بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ، چۈنكى «ئوپانىشاد»نىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ يەردە بىر زاھىدلار توپى پەيدا بولغان، ئۇلار پانىي دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، ئورمانلىق ۋە ئېگىز تاغلىقلار ئارىسىدا نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەن، تىلەمچىلىككە تايىنىپ ياشىغان.
76. گاۋتاماني 4 خىيالىي ئوبراز ئاشۇ قەدەمنى بېسىشقا يېتەكلىگەن: ئۇ سەكراتقا چۈشكەن بىر قېرى ئادەمنى، ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىر ئاغرىقنى، سېسىپ كېتىۋاتقان بىر جەسەتنى، ئالىيجاناب ھەم سۈرلۈك بىر دەرۋىشنى كۆرگەن. ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى، ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرى ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە ئوغرىلىقچە كېلىپ، ئۇلارنى ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈۋالغان.
77. شۇ قېتىمقى ئايرىلىش بۇددىستلار تەرىپىدىن «ئۇلۇغ ۋاز كېچىش» دەپ ئاتىلىدۇ.
78. ئاندىن كېيىن ئۇ شەرقىي جەنۇبقا، گانگې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا بارغان، ئۇ يەردە مەلۇم ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ ئىككى نەپەر ئالىيجاناب ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىكىدە براخمان پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلغان. لېكىن بۇ ئۇنى قانائەتلەندۈرمىگەن، ئۇ ئورمانلىققا بېرىپ خىلۋەتچىلىكتە ياشىغان، 6 يىل ئەڭ قاتتىق زاھىدلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، ھىندىستاندا نام ـ شۆھرەتكە ئېرىشكەن.
79. ئەمما ئۇ يەنىلا روھىي جەھەتتىكى تىنچلىققا ئېرىشەلمىگەن، بىر كۈنى ئۇ يېمەك ـ ئىچمەكتىن قاتتىق پەرھىز قىلىش تۈپەيلىدىن ھوشىدىن كېتىپ، خۇدىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ

قالغان، شاگىرتلىرى ئۇنى ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان؛ لېكىن ئۇ ھوشىغا كەلگەن، بۇ خىل قاتتىق زاھىدلىق ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلىققا ئىگە بولۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن. ئۇ ئادەتتىكىدەك غىزالىنىشقا كىرىشىپ، زاھىدلىق يولىنى تۇتۇشتىن ۋاز كەچكەن.

80. شۇنىڭدىن كېيىن، گاۋتۇتامانىڭ ئىشلىرىدا ئىككىنچى قېتىم كىرىزىس يۈز بەرگەن. ھىندى پەلسەپىسىنىڭ بارلىق ئەقىدىلىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇنۇمسىز يوقاتقان، ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولۇش - بولماسلىقىغا قارىتا، ئۇ ئاساسەن ئۇزۇل - كېسىل ئۈمىدسىزلەنگەن.

81. جاھانكەزدىلىك قىلىش ۋە چوڭقۇر ئويلىنىش داۋامىدا، ئۇ بىر تۈپ فىكۇس دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغان. ئۇ ئۆتكەن ئۆمرىنى ئەسلەپ، ئېزىقتۇرۇشلار بىلەن كۈرەش قىلغان، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى ئۇسۇلى خاتىرىلەردىكى ئەيسانىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇ بىر كۈن ئاياغلىشاي دەپ قالغان چاغدا، خىيالىدا بىر يېڭى يولنى، ئۆزىنىڭ «بۇددا»غا ياكى «ئويغانغان ئادەم»گە ئايلانغانلىقىنى كۆرگەن.

82. بۇ دەرەخ «فىكۇس دەرىخى» — ئويغىنىش دەرىخى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەخپىيىتى سۈكۈت ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىشكە يوشۇرۇنغان ئىچكى تەربىيەلىنىشكە ۋە باشقىلارغا بولغان سۆيگۈگە يوشۇرۇنغان.

83. ئۇنىڭ كەچۈرمىشى تۈپەيلى، فىكۇس دەرىخى مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان بولغان، بۇددىستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ گويا خىرىستىيانلارنىڭ كرېست بەلگىسىگە ئوخشايدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە، ئادەملەر ھەممىسىنىڭ كۆرۈنمەيدىغان ياكى شەكلەن بولغان، پەزىلىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىمۋوللۇق بەلگىسى بولىدۇ.

84. ئۇ ئۆگەتكەن دىنىي ئەقىدە: «ئەڭ ئالىي ئىلاھ»قا رىشى-

ـنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، كونا دىنلاردىكى دىۋا ياكى ئىلاھلار ھەقىد-قىي مەۋجۇدىيەتتىن ئىبارەت ، لېكىن ئۇلار ئادەمگە ئوخشاش بو-لۇپ ، جىسمانىيەتنىڭ تورىغا چىرمىشىپ قالغان .

85 . ئۇ «سەۋەب ـ نەتىجە»ۋە «نىرۋا ناغا يېتىش» ئەقىدىلى-ـرىنى ئۆگەتكەن .

## يوگا سىستېمىسى

86 . بىز ھىندىستان ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىدىيە ئېقىملىرىدىن مانا مۇشۇنداقلا ئايرىلىپ ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىيا-تىغا نەزەر سالمىساق بولمايدۇ ، بىز چوقۇم تارىختا بۇرۇنلۇپ بۇ قەدىمىي ئېتىقادتا قانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشىمىز لازىم .

87 . مەيلى ۋېدا دىنى بولسۇن ياكى «ئوپانىشاد» بولسۇن ، بۇددا دىنى ياكى جائىن دىنى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلمى-گەن ، ئۇلار ئامان قېلىپ ، نەچچە مىڭ يىل ۋاقىت ئىچىدە ئىلگى-ـرى ـ كېيىن بولۇپ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن .

88 . ھىندىستاندا نۇرغۇن قېتىم كەسكىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن ، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان مىللەت-لەر (سۈرىيەلىكلەر ، پىرسىيەلىكلەر ، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ) تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان . لېكىن ئەڭ مۇھىم ئىستېلا مىلادىيە 1803 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىستېلاسىدىن ئىبارەت بولغان .

89 . «ئوپانىشاد»تىن تەرەققىي قىلغان خىلمۇخىل ئىدىيە سىستېمىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىككى «مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيەت»نىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ . مانا بۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر كاپىلانىڭ نەزە-رىيىسى بولۇپ ، ئۇ «ئوپانىشاد»تىكى بىر ئىلاھ نەزەرىيەسىنى ياقتۇرمايدۇ ، ئۇ پەقەت ماددا بىلەن ئادەمنىڭ روھىنىلا ئېتىراپ

قىلىدۇ — ئۇ «ئىلاھ»نى ئىنتىراپ قىلمايدۇ .

90 . يوگا سىستېمىسى پادانكارى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ، ۋاقتى تېخىمۇ كېيىن . يوگانىڭ مەنىسى «بىرىكىش»ياكى «بىرلىشىش»تىن ئىبارەت ، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بىرلىشىش ئىلاھ بىلەن ياكى تېخىمۇ ئالىي «مەن»بىلەن بىرلىشىشنى كۆرسىتىدۇ ، تەكىتلەيدىغىنى جاپالىق تەربىيەلىنىش ، پەرھىز تۇتۇش ۋە باشقا ھىندىستاندا ئۇزۇن مۇددەت ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلگەن زاھىدلىق ئەمەس ، بەلكى تەجرىبە ۋە بىلىمدىن ئىبارەت . بۇلار يوگا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەم پەلسەپىۋى چۈشەندۈرۈش بويىچە ، ماددا بىلەن روھنى ئايرىۋېتىش (مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇ ئاندىن ئىلاھ بىلەن بىرلىشەلەيدۇ ) مەقسىتىدە ، ئومۇملاشتۇرۇلغان .

91 . بىر ئادەمنىڭ چېچىغا لاي چاپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ تاكى قۇش ئۇنىڭ چېچىغا ئۇۋا سالغانغا قەدەر ، شۇ جايىدا قىمىر قىلماي تۇرغان (چۈنكى روھ جىمجىت ھالەتتىكى ئابستراكتلىقتا تۇرىدۇ ) ، مۇشۇنداق ھالەت يوگا پەلسەپىسى ئەمەلىيىتىنىڭ چېكىگە يەتكەن ئىپادىلىرىنىڭ بىرىدۇر .

92 . «ئوپانىشاد»نىڭ باشقا بىر راۋاجى «ۋېدانىتا» بولۇپ ، ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 800 ـ يىللىرى ياشىغان بىر ۋېدا تەپسىرچىسى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان .

93 . بۇ نەزەرىيە ، ھادىسىلەر دۇنياسىدا چۈشىنىڭ چىنلىقىدىن ئېشىپ كېتەلەيدىغان ھېچقانداق چىنلىق يوق ، ھايات ـ ماماتنىڭ ئالمىشىشىدىن ئىبارەت قارا بېسىش تاكى ھەربىر روھ «براخمان ـ مەن» دىن باشقا ، چىن مەۋجۇدىيەتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنگە قەدەر ، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ ، دەپ جاكارلىغان .

94 . بۇنىڭدىكى «مەن» نى چۈشىنىش كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

95 . بۇ يەردىكى «براخمان»نىڭ مەنىسى بەزىدە «ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىلاھ»دېگەنلىك بولسا ، يەنە بەزى چاغلاردا

«ئەڭ ئالىي شەخسىي ئىلاھ»نى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى بەزى قاراشلىرىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر، مەسىلەن، ماددىنىڭ چىن ئەمەسلىكى، شۇنىڭدەك «ھەممىدىن ئۇستۈن ئىلاھنىڭ شەخسىي ئىلاھقا ئايلىنالايدىغانلىقى» قاتارلىق ئېتىقادلار، بىزنىڭ بەزى پراۋوسلاۋىيە دىنى تەشكىلاتلىرىمىز مۇشۇنداق قاراشقا ئىگە.

96. ئۇلۇغ ھىندى ئېپوسى «ماخابخاراتا»نۇرغۇن ئادەملەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بىر ئۇلۇغ ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن خام ماتېرىيالى پەيدىنپەي راۋاجلىنىدىغان ۋەقەلىكتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئاساسىنى ھىندىستاننىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىگىچە سۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ۋەقەلىكلەردە نۇرغۇن ئۇرۇش، سۇيىقەست، مۇھەببەت، نەپرەت قاتارلىقلار ، بىر باش قەھرىمان — كرىشنانى مەركەز قىلغان، ئۇ كېيىن ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئىلاھقا ئايلانغان، كىشىلەر ئۇنى «بىخاگاۋات» يەنى «چوقۇنۇشقا ئەرزىيدۇ» دەپ ھۆرمەتلەيدۇ.

## كۆڭزىچىلىق

ئالىيجانابلا ھۆرمەتكە لايىق، ئەستايىدىل ،سەگەك بولۇشى زۆرۈر، شۇندىلا ئاۋام پۇقرا ئۇلارغا قايىل بولىدۇ.

— «يوسۇننامە»

97. يۇقىرىدىكى بۇ سۆز خەنزۇ يېزىقىدىكى ئىنتايىن قەدىمىي بىر ئەسەردىن ئېلىنغان، لېكىن بىر ئادەم توختاپ خەنزۇلارنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولسا، بىز، بۇنداق ئەقىدىلەرنىڭ خەنزۇلارنىڭ خاراكتېرىگە چوڭقۇر ھالدا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ھېچقانداق مىللەتتە مۇنداق كۆپ تەبىئىي تەمكىنلىك، خاتىرجەملىك ۋە ھېيىقىش يوق.

98. خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى قارىغاندا جۇڭگونىڭ

غەربىي شىمال رايونلىرى بولسا كېرەك ، خۇاڭخې دەرياسى تەرىپىدىن سۇغىرىلىدىغان ئۇ رايونلارنىڭ كىلىماتى قۇرغاق ۋە سالقىن بولۇپ ، باي ، مۇنبەت يەرلەردىن ئالما ، نەشپۈت ، ئۈزۈم ، قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەر ۋە تېرىق كۆپ چىقىدۇ .

99 . هازىرقى زامان مېتافىزىكىسى ، ئالەمدىكى ھەربىر خىل جىسىمنىڭ يوشۇرۇن بىر تەرىپىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئەمدىلا تونۇپ يېتىشكە باشلىدى — ئۇ دەۋرلەردىكى ئۇستازلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يوشۇرۇن تەرەپ قانداقتۇر باش ئورۇنشقا تېگىشلىك ئىلاھنى ئۆزئىچىگە ئالغان دەپ قارىمىغان ، ئەمما ئۇلارمۇ كۆرۈنمەيدىغان بىر خىل سۈپەت ياكى مەنىۋى كۈچنى تونۇپ يەتكەن ۋە بۇ ھەقتە كىشىلەرگە بىلىم بەرگەن ، بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قىلىۋاتقىنىمىزدىن پەرقلەنمەيدۇ .

100 . ئۇلار چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن : ئالەمنىڭ مەنبەسى ئىككى خىل روھىيەت ياكى «يەل»دىن بارلىققا كەلگەن ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «مۇزەككەر» ۋە «مۇئەننەس» دەپ ئاتىلىدۇ . مۇزەككەر ئىللىقلىق ، يورۇقلۇق ۋە ھاياتلىق ، شۇنداقلا «ئاسمان» دىن ئىبارەت بولۇپ ، بارلىق ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن كېلىدۇ . مۇئەننەس قاراڭغۇلۇق ، سوغۇق ۋە ماماتلىق ، شۇنداقلا «زېمىن» دىن ئىبارەت . مۇزەككەر ئىنچىكىلىك بىلەن نۇرغۇن ياخشى روھىيەتلەرگە ئايرىلغان بولۇپ ، «ئىلاھ»دەپ ئاتىلىدۇ . مۇئەننەس ئىنچىكىلىك بىلەن نۇرغۇن يامان روھىيەتلەرگە ئايرىلىدىغان بولۇپ ، «جىن»دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئىككى خىل روھىيەت ئىنسان ئىرقىغا جان ئاتا قىلىدۇ .

101 . تۇغۇلۇش بۇ روھىيەتلەرنىڭ كىرىشى ، ئۆلۈم ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئىلاھ خىسلىتى مۇزەككەرگە ، جىن خىسلىتى مۇئەننەسكە قايتىدۇ .

102 . خۇددى ئادەمنىڭ بىر «ئالىي ھۆكۈمرانى»بولغىنىغا ئوخشاش ، روھىيەت دۇنياسىنىڭمۇ بىر ئالىي ھۆكۈمرانى بولىدۇ .

تەڭرى مانا مۇشۇ ھۆكۈمراندىن ئىبارەت ، ئەمما كىشىلەر يەنىلا نۇرغۇن ئىككىنچى ئورۇندىكى ھۆكۈمرانلارغا نەزىر - چىراق قىلىدىشى كېرەك .

103 . بۇ خىل دىن بەش كىلاسسىك ئەسەر ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان ، بۇنى كۆڭزى بۇرۇنقى كىتاب - ماتېرىياللاردىن رەتلەپ چىققان ھەم كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ، بۇ بەش كلاسسىك ئەسەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا : «ئەمىنىيە» ، «نەزمىنامە» ، «نەسىرنامە» ، «پالنامە» ، «يوسۇننامە»دىن ئىبارەت . بۇ ئەقىدىلەر خېلى زور دەرىجىدە بۇگۈنكى كۈندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى يارانقان .

104 . پادىشاھ «تەڭرىقۇت»دەپ قارىلىدۇ ، ئەجدادلاردىن ھەدىيەقىش كۆڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر . بۇتخانىلار مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان ، ئۇلارنىڭ ئىككى چوڭ بايرىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىشلىق كۈن توختاش ۋە يازلىق كۈن توختاش مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ ، بۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى كۈننىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

105 . جۇڭگو تارىخىدىكى ھەممىدىن بەك تەسىرگە ئىگە ئادەم كۆڭزى بولۇپ ، ئۇ تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 550 - يىلىدىن 480 - يىلىغىچە ياشىغان . خاتىرىلەردە كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشاش ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھەرقانداق دەۋردىكى ، ھەرقانداق بىر ئادەتتىكى ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىن چوڭ پەرقلەنمەيدۇ .

106 . 15 يېشىدا ، ئۇ بېرىلىپ ئۆگەنگەن . كېيىن تۇرمۇش قۇرغان ھەم بىر پەرزەنتلىك بولغان ، لېكىن ئائىلە تۇرمۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ، ئۇ خوتۇنى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىپ ، بالا ئوقۇتقان ، بۇنىڭ بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش ، قېتىرقىنىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ۋاقىت چىقىرالايدىغان بولغان ، بۇلار ئۇ جان - دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئىش ئىدى .

107 . 30 . يېشىدا ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى شەكىللەندۇر-
گەن ، چىڭ پۇت تىرەپ تۇرغان ھەم نام چىقىرىشقا باشلاپ ، نۇر-
غۇن ئاقسۆڭەك ئائىلىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزىگە شاگىرتلىققا
جەلپ قىلغان ، ئىپتىشلارغا قارىغاندا ، بىر مەھەل ئۇنىڭ شاگىرتى
3000 غا يەتكەن . بارلىق ئىشلاردا ئۇ بىر قەتئىي ئىسلاھاتچى
بولغان ، ئاخىر بېرىپ ، ئۇنىڭ دىنى ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا
ئايلىنىپ قالغان .

108 . ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، يىراق ئۆتمۈش بىر ئالتۇن
دەۋردىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ دەۋرنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇنىڭ نىشانى
بولغان .

109 . ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزى مۇنـ-
داق :

ئۆزۈڭ خالىمىغاننى باشقىلارغا زورلىما .

110 . بۇ دىنىنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپىنى ھەقىقىي بايان قىلـ-
غان بىر ئۆزگەرمەس ئەقىدە : ئالەمدىكى ئەڭ ئالىي نىشان «ئەخـ-
لاق»تۇر ، ماداراچىلىق ئەخلاقتۇر ، «تەرتىپ ئالەمنىڭ بىردىنبىر
قانۇنىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت .

111 . لاۋزى جۇڭگودىكى ئىككىنچى ئۇلۇغ ئۇستاز ، روھشۇ-
ناس . ئۇ تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 600 ـ يىلى تۇغۇلغان .
ئۇ خان ئوردىسىدا نۇرغۇن يىل مەلۇم بىر يۇقىرى ئەمەل تۇتقان .
لېكىن قېرىلىقنىڭ ئالامەتلىرى ئۇنىڭ جىسمىدا ئاشكارىلىنىشقا
باشلىغان چاغدا ، مەنسىپىدىن ئىستېپا بېرىپ ، تەركى ـ دۇنيا
بولۇپ ياشاپ ، ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان داڭلىق ئەسىرى «تەرىـ-
قەتنامە ۋە ئەخلاقنامە» نى يېزىپ چىققان .

112 . لاۋزى بۇ ئەسەردە ئەڭ قەدىمى ئەقىدىلەرنى ئوتتۇرىغا
قويغان . ئۇنىڭ سىستېمىسىدا ، ئۇلۇغ ھەم چوقۇنۇشقا ئەرزىيدىغان
نەرسە «تەرىقەت» تىن ئىبارەت ، بۇ سۆزنى «يول» ، «كۈچ» ،
«تەبىئەت» ، ھەتتا «تەڭرى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ .

113 . لاۋزىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، «تەرىقەت» گويا تىل بىدەلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان چەكسىز نەرسىدىن ئىبارەت . خۇددى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەنگە ئوخشاش :

ئاقىل كەم سۆز كېلىدۇ ، كۆپ سۆزلىگەن ئاقىل ئەمەستۇر .

پىنھانلىق مەۋجۇتتۇر . ئۇنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى مەلۇم ئەمەستۇر . بارلىق شەيئىلەر قائىدە ـ مىزانلار يوق چاغدىمۇ ئۇ باردۇر .

114 . بۇ سۆزلەردىكى دانىشمەنىنىڭ سان ـ مىزانلار يوق چاغدىمۇ ئۇ باردۇر دېگەن شىزىنقىنىڭ پاۋلونىڭ «تەڭرىگە سېغىنىپ ھېس قىلىڭلار» دېگىنىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايمىز . ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن :

مۇناسىۋەتتە سۇدەك بولماق لازىم . سۇ ھەممىگە نەپ يەتكۈزۈر ، لېكىن تالاشماس . بۇ ئەسلىي ئەخلاقتۇر .

115 . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ، كەمسىندۇرۇش ، تەقدىرچىلىك — بۇددا دىنىنىڭ شىمالدىكى ھالىتى باشتىن ـ ئاخىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . بۇددا دىنىنىڭ ماخايانا مەزھىپى تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 75 ـ يىلى جۇڭگوغا تارقالغان ، ئەمما بۇ جەھەتتىكى بىلىملەر ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ يەرگە كىرگەن ، نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان جۇڭگودا راھىب بولغان ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگەشىپ ، جۇڭگو ئۆلىمالىرى ھىندىستانغا بېرىپ ، ھىندىلارنىڭ ئېتىقادىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىشكە باشلىغان .

116 . لېكىن كۇڭزىچىلىق بۇددا دىنىنىڭ ئېتىقادىغا باشتىن ـ ئاخىر قارشى تۇرغان ، نەتىجىدە مەملىكەت ئىچىدە بەك كۆپ نارازىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇددا دىنىدىن ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق مەلۇم مەنىۋى نەرسىلەرنى تاپقان ، بۈگۈنكى كۈندىكى جۇڭگو بۇددا دىنى لاما دىنىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ . ئۇلار ئىبادەتكە ئىشىنىدۇ ، جەننەت بىلەن دوزاخ ، روھ بىلەن

تەننىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ۋەھاكازالار. جۇڭگودىمۇ شۇنداق، بىز كۇڭزىچىلىق، تەرىقەتچىلىك ۋە بۇددا دىنىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان دىن يوق، ئەمما ھەربىر خىل دىن بىر پۈتۈنلۈككە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

117. بىز شۇنى بايقايمىزكى، كۇڭزىچىلىق ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ، تەرىقەتچىلىك دىنى مەنىۋى كۈچنىڭ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسىگە كۈچ چىقىرىدۇ، بۇددا دىنى ئادەمنىڭ ئاخىرەتتىكى ئۆمرىنى تەسىرلىك، جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. كۇڭزىچىلىق كۆرگىلى بولىدىغان ھازىرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، تەرىقەت دىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ھازىرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، بۇددا دىنى كۆرۈنمەيدىغان كەلگۈسىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

## شىنتو دىنى

118. ياپونىيە ئاسىيا قىتئەسىدىكى شەرقىي دېڭىز ياقىسىدىكى تاقىم ئارالدىن ئىبارەت، ئۇلار ئەگرى سىزىق ھالىتىدە جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن شىمالىي كەڭلىك 31° تىن 45° قىچە سوزۇلغان. ياپونىيەنىڭ دەسلەپكى ئاھالىسى تەخمىنەن ئەينو ۋە ياماتودىن ئىبارەت ئىككى ئىرقتىن تەشكىل تاپقان.

119. ئەنئەنىسى ئەتراپىدىكى باشقا ئىرقلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ياماتولار كۆپ ساندىكى زېمىننى بويسۇندۇرغان، لېكىن تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولغان — خەلق كەپىلەردە ياشىغان، شەھەرمۇ، ئىبادەتخانىلارمۇ بەرپا قىلىنمىغان، ئۇلار ئاساسلىقى ئوۋ ئوۋلاش ۋە بېلىق تۇتۇشقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان، كىشىلەرمۇ بەزىبىر يىرىك ۋە ئاددىي تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، سىناق تەرىقىسىدە شال تېرىغان، تۆمۈر سايمانلارنى-

مۇ ئىشلىتىشكە باشلىغان، نىكاھ ۋە ئائىلە پەقەت قىسمەن ھالدا تەشكىللەنگەن — ئەمما كېيىن، تەرەققىيات جۇڭگودىن كەلگەن تەسىرگە ئۇچرىغانلىقتىن تېزلەشكەن — يېزىق كىرگۈزۈلگەن، بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە كۇڭزىچىلىق كىرگەن، كۇڭزىچىلىق ھەمىشە تېخىمۇ كۆپ ھالدا روھ پەلسەپىسىگە ئەمەس، بەلكى ماددا پەلسەپىسىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن — مۇشۇنىڭدەك ياپونىيەنىڭ دۆلەت دىنى بارلىققا كەلگەن.

120 . «شىنتو»، ياپونىيەنىڭ پادىشاھى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدە ئىزچىل تۇردە ئىككى ئىپتىدائىي ئىلاھتىن كەلگەن، ئۇلار ياپونىيەنىڭ باشقا بارلىق ئىلاھلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ئىپتىدائىيلىق مۇنداق بىر خىل قاراشقا ئىگە: ئادەم، ھايۋان ۋە ئىلاھ بىر جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىلاھنى ئىپادىلەيدىغان سۆزى «Kami»بولۇپ، مەنىسى «ئادەتتىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەت» دېگەندىن ئىبارەت. Kami بەزى چاغدا قۇياش، ئاسمان ھەتتا شامالنى ئىپادىلەشكە قوللىنىلىدۇ، چوڭ يىلاننى ئىپادىلەشتىمۇ قوللىنىلىدۇ؛ بەزى چاغدا يەنە جاۋاھىراتلارنى، تاشلارنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىشقا بولىدۇ. ئۇلارنى سېمىتلارغا ئوخشاشلا، ھاياتلىق كۆپىيىشىنىڭ سىرى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردا كۆپىيىش ئەزالىرىغا تېۋىنىش بەلگىلىرى نۇرغۇن، زەكەرگە، ئەمما، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ياپونلار زەكەرگە تېۋىنىش بەلگىلىرى سىستېمىسىدا تۆۋەن دەرىجىدىكى نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى تەبىھلەرنى كۆرىدىكەن، چۈنكى ھېيىقىش بەلگىلىرى شەكىللىنىش جەريانىدا، ئۇلار ھالەت جەھەتتە كىشىنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدىغان، ھەممىدىن بەك شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولغان ئىلاھتىنمۇ ھېيىق-

قان . هازىرقى زامان پسخولوگلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئەڭ ياخشىسى تۆۋەندىكى بۇ قەدىمىي كۆزقاراشنى ئۇلارنىڭ كالللىسىدىن مەڭگۈ تازىلاپ چىقىرىۋېتىش كېرەك : ئادەمنى يوكسەلدۇرۇش مەق-سىتىدە ، ئۇلارغا قارىتا ھەرقانداق ئەمەلىي بويۇم تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش بىر خىل چېكىنىش خاراكتېرلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش-تىن ئىبارەت دەپ قارىلىشى كېرەك .

121 . يارىتىلىش بىر ئەر ئىلاھ بىلەن بىر ئايال ئىلاھنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ھېكايىسى قىلىپ سۆزلەنگەن ، بىزنىڭ جىسمە-مىزدىمۇ ئوخشاشلا مۇسبەت قۇتۇپ بىلەن مەنپىي قۇتۇپنىڭ كۈچى مەۋجۇت . ئۇلاردا گەرچە جەننەت ۋە دوزاخ قارىشى بار بولسىمۇ ، ئەمما روھ قارىشى يوق ، گۇناھ قارىشىمۇ يوق ؛ ئەمما بىز ناھايىتى خۇشال ھالدا شۇنداق دەيمىزكى ، بۇ ئىككى خىل قاراش مۇكاپاتلا-ش ۋە جازالاش قارىشىغا ئىگە ئەمەس . كۆڭۈزچىلىق پەلسەپىسىدە ئەجدادلارغا ، بولۇپمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا ئىنتايىن كۈچ-لۈك ھېيىقىش تۇيغۇسىدا بولۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇ ياپونىيەدە «شىنتو دىنى» دەپ ئاتالغان ، ئۇ ئارقىلىق ، ئائىلە ۋە نىكاھ تېخىمۇ ئوبدان تىزگىنلەنگەن ، بۇلار دەرىجە جەھەتتە «ئىلاھ» (Kami) تىن كېيىن تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، شىنتو دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە ئادەم بۇ ئۆمرىدە ئىلاھ بىلەن ئوخشاش بىر تۇرگە مەنسۇپ بولىدۇ ، لېكىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنى ھېيىق-تۇرغان ئادەملەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلىدۇ . بۇ خىل قاراش بىز ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى بولۇش سۈپىتىدىكى قېرىنداشلىق قارىشىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە !

122 . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ياپونلار گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈ-شىنى تىلەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلمايدىكەن ، بەلكى تۇرمۇشتىكى گۈزەل شەيئىلەر ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىكەن ؛ خۇشال بولۇشى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىكەن ، تىلەك ئۈچۈن ئىبادەت قىلمايدىكەن . يەنە بەزىلەر چوقۇنغۇچى «ئۆز روھىنىڭ ئىلاھ خاراكتېرىگە ، پاك

خاراكتېرگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن چاڭ ـ توزانلارنى يۇۋېلىۋېتىشى، داغلارنى يۇيۇۋېتىشى ئۇنىڭ پاكلىقى ئەسلىگە كېلىدۇ» دەيدۇ؛ ئۇنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بىز ئۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى ھازىرقى زامان پىسخولوگىيەسى بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

123. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىز ياپونلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىر شەرق مىللىتىنى كۆرۈۋالدۇق. ئۇ يەردە خىرىستىيان دىنى بەزىبىر ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ئىگە بولـ‍ غان، لېكىن بۇددا دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان؛ ئۇنىڭ ئالغا بېسىش روھى ئەڭ زور دەرىجىدە كۈچىيىپ ئەسلىدىكى سىياسى بىرلىك يۈز ئىگە بولۇش قىلىشقا بولۇشنى تەمىن بولسىدا بۇ يەردە بىز «ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ مىللىي باي ـ لىقنىڭ ۋارىسى بولالايدىغانلىقى»نى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالدۇق.

## يۇنان پەلسەپىسى

124. يۇناننىڭ دىنى مۇزىكا، ئەدەبىيات، ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسساملىق دىنىدىن ئىبارەت. بۇ دىننىڭ قان تەركىبى ئۇنى دىني تۇسكە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ پەلسەپىۋى تۇسكە ئىگە قىلغان، شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا بىر خىل چوڭقۇر ئويلىنىش تۇيغۇسى سىڭگەن بولۇپ، ئىنسانلار ئەقىلنىڭ بۇ يەردە ئەتراپىدىكى ئالەمنىڭ غايەت زور خىزمىتىگە قارىتا بىر قېتىملىق ھەقىقىي تەھلىل قىلىشنى باشلىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

125. يۇناننىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئاھالىسىنى مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 3000 ـ يىلغىچە سۇرۇشتۇرۇشكە بولىدۇ، ئۇ تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلانغان، بابىلون، مىسىر ۋە جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىلدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ھىندى

ـ ياۋروپالىقلار شىمال تەرەپتىن دوناي جىلغىسىدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كېلىپ، برونزا قورالىلار دەۋرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ، ئۆزگەرتىلگەن، قوبۇل قىلىنـ غان.

126 . پانتېئون (Pantheon ـ ئىبادەتخانا) بارلىق ئىلاھلارـ نىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدۇر.

127 . بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراق ئىلاھلار ئاپوللو بىلەن ھېرمېستىن ئىبارەت.

128 . مىلېتو (مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 6 ـ ئەسىردە ئاسىيادىكى ئىئونىيەلىكلەرنىڭ بىر شەھىرى)دا، تالېس، ئاناكسىماند ۋە ئاـ ناكسىمېنېلار ئەتراپىتىكى دۇنيانىڭ بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىـ نى تونۇپ يەتكەن، لېكىن ئۇلار بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى بولۇش سۈپىتىدىكى بىر خىل ئېلېمېنتنى، شۇنىڭدەك ھەممىنى چۇشەندۇرۇپ بەرگىلى بولىدىغان ئۆزگىرىشنى ئىزدەۋاتاتتى.

129 . تالېس ئۇنى «سۇ» دەپ ئاتايدۇ، ئاناكسىماند ئۇنى «يەل» دەپ ئاتايدۇ، لېكىن پىتاگوراس (ئۇنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە بابىلوندا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن) بولسا سانلىق مۇناسىۋەت بارلىق شەيئىلەرنى چۇشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. بىز، بۇگۈنكى كۈندىمۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدىيەلەرنى ئۆگىتىدىغان ئۇستازلارنىڭ يەنىلا سان ئىلمىدىن دەرس سۆزلەيدىغانلىقىنى بايقايمىز

130 . يەنە بەزى ئۇلۇغ كاللىلار باشقا بەزى ئۇلۇغ ئىدىيەلەرنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىر پەيلاسوپ مۇنداق دەپ قارىغان: ئىلاھتىن ئۇرغۇنى بولمايدۇ، پەقەت بىرسىلا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. بارلىق شەيئىلەرمۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ نەرسىلەر پەيدا بولمايدۇ، يوقىتىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ پەيلاسوپ كسېنوفانېدۇر.

131 . سوقرات (مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 469 ـ يىلىدىن مىلادىـ

يەدىن ئاۋۋالقى 397 ـ يىلغىچە ) ئۆزى ياشىغان ئاشۇ دەۋردىكى
تەنقىدىي پەيلاسوپ . ئۇ بىزنى نۇرغۇن ساختا بىلىملەرنى ، يۈزەلىد-
كىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ، شۇنىڭ بىلەن بىللە
ئادەمنى ئۆزىنى چۈشىنىشكە يېتەكلىمەكچى بولغان . ئۇ كۆزگە
كۆرۈنگەن بىر ئۇستاز بولۇپ ، ئۇنىڭ سوئال ۋە جاۋاب ۋاسىتىسى
بىلەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن ئەزەلدىن ھېچكىممۇ ئېشىپ كېتەلمى-
گەن . ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىدە بىر خىل روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ، ئۇ
ئۆزىنى ۋە ئۆز ئىدىيەسىنى ئەڭ ياخشى تونۇمۇش ئۇسۇلىنى ئىزدەپ
تېپىشقا يېتەكلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن . ئۇ ئاددىي ـ ساددا تونۇمۇش
كەچۈرگەن ، ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان چاغدا ، باتۇرلۇق
ھەم خۇشاللىق بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن .

132 . ئەپلاتون سوقراتقا 8 يىل شاگىرت بولغان ، دۇنيا بويى-
چە ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ ، ئوقۇتقۇچى ۋە يازغۇچىلارنىڭ بىرى .
ئۇ كىشىلەرگە تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ توختىماستىن ئۆز-
گىرىپ تۇرىدىغانلىقى ، پەقەت ئىدىيەنىڭلا ئۆزگەرمەس ، مەڭگۈلۈك
بولىدىغانلىقىنى ، سەزگۈ مەۋجۇتلۇقنىڭ مەڭگۈلۈك ئىدىيەسىنى
ئىپادىلەش تىرىشچانلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان .
ئۇنىڭ نەزەرىدە ، روھ ئىدىيە بىلەن ماددىي دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا
تۇرىدۇ ھەم ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدۇ . روھ سەزگۈدىن ئۈستۈن تۇرى-
دىغان دۇنياغا مەنسۇپ ، پەقەت روھتىنلا ئاندىن چىن ، داۋاملىشى-
دىغان مەۋجۇدىيەتنى تاپالايمىز .

133 . ئەپلاتوننىڭ شاگىرتى ئارىستوتېل ، چىنلىقنىڭ ئىدىيە-
دە ئەمەس ، بەلكى شەيئىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى
بايقىغان . ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان : «شەيئىلەر مەڭگۈ ئۆزگىرىپ
تۇرىدۇ ، لېكىن تۈرى ئۆز پېتى ساقلىنىدۇ .» ئالەمنىڭ ھۆكۈمرا-
نى ئەقىلدىن ئىبارەت ، بۇ ئىدىيە مەڭگۈلۈكتۇر . بۇ ئۇلۇغ ئەقىل-
لىق ئادەملەردىن باشقا ، يەنە ستوئىك ئېقىمى ۋە ئېپىكۇرو تەلىماتى
قاتارلىق ئىلمىي ئېقىملارنىڭ بەرپا قىلغۇچىلىرى بار .

134 . ئەيسا پەلەستىندە تۇغۇلغان، بۇ يەر كېيىن يەھۇدىلارنىڭ «مۇقەددەس جاي»ىغا ئايلانغان .

135 . بۇ رايون ئۇ تۇغۇلغان چاغدا رىملىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئاشۇ دەۋرگە كەلگەندە، رىم ئەمەلىيەتتە «دۇنيانىڭ خوجايىنى»بولۇپ قالغان، لېكىن نۇرغۇن يەھۇدى ئەمەلدارلار رىملىقلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرغان، مەسىلەن، داشىلۇ، ئۇ مۇشۇ ئالاھىدە رايوننىڭ پادىشاھى ئىدى. دەل ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئەيسا تۇغۇلغان .

136 . ئۇنىڭ ئاپىسى مەريەم ياغاچچى يۇسۇپنىڭ خوتۇنى ئىدى . ئەيسا مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىلىپ تەربىيەلەنگەن ھەم تەخمىنەن 30 ياشقا كىرگىچە مۇشۇ ئىشنى قىلغان .

137 . ئۇ مۇشۇ ياشقا كىرىشتىن سەل ئىلگىرى، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى يوھان «مەسىھنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى» دېگەننى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان ھەم كىشىلەرنى چوقۇندۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشاي دەپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن . ئەيسا يوھاننىڭ ئۆزىنى چوقۇندۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن، ئۇ سۇدىن چىققان چېغىدا، ئاسماندىن كەلگەن بىر سادا ئۇنى : سەن «خۇدانىڭ ئوغلى»، كىشىلەر ئۈمىد قىلىۋاتقان «مەسىھ» دەپ جاكارلىغان . ئەيسا ئۆزىگە ئوخشاش مەسىھنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر روھنىڭ نىجاتكارى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىدە يوقاتقان شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرەتتى .

138 . كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇ-

دىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن ، بۇ ئېتىقاد ئۇنى چۆلغۇۋالغان ، ئۇ قاقاس چۆلدە پىنھان ياشاپ ، ئۇنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلانغان .

139 . «ئازدۇرغۇ» باياندا ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى كۈرەش سۆزلەنگەن ، شۇ قېتىمقى كۈرەشتە ، ئۇ «مەسىھلىك سالاھىيىتى» ۋە «ئىلاھە ئالىمى» توغرىسىدا يېڭى قاراش بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان .

140 . ئۇ ئېنىق ھالدا ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىدىن ۋاز كەچكەن . چۈنكى ئۇ خىل غايە قورال كۈچى ئارقىلىق ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا چېتىلاتتى .

141 . ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ۋە سۆيگۈ ھۆكۈمرانلىقىنى تاللىغان .

142 . ئۇ قەتئىي ھالدا مەسىھنىڭ ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان ، لېكىن بۇ ۋەزىپە سىياسىي ساھەگە ئەمەس ، بەلكى روھىي ساھەگە مەنسۇپ ئىدى .

143 . «ئىلاھە ئالىمى» توغرىسىدىكى تەلىمىدە ، ئەيسا كىشىلەرگە ، قەلبىدە تەڭرىنىڭ بىۋاستە كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلىش ھەربىر ئادەمنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان . بىر قېتىم ئۇ كىشىلەرگە : «مەن ساڭا دېمىدىممۇ ، ‹سەنمۇ ئىلاھ› ،» يەنە كېلىپ ، «جەننەت سېنىڭ قەلبىڭدە .» دېگەن ، جەننەت شۇنىڭ بىلەن تەڭرىدىن يىراقتىكى پادىشاھلىقلارنىڭ پادىشاھلىقى ئەمەس ، ئۇ بىر ئائىلە ، تەڭرى بولسا شۇ ئائىلىدىكى مېھرىبان ئاتىسى ، بارلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قېرىنداشقا ئايلانغان . «ئازغان بالىنىڭ يامان يولدىن قايتىشى» دېگەن مەسىلدە ئۇنىڭ مەركىزىي مەنىسى سۆزلەنگەن .

144 . ئۇ ھەربىر خىل ئادەتتىكى ، ئاددىي كەسىپتىكىلەردىن 12 ئادەمنى تاللاپ ، ئۆزىنىڭ مۇرتى ۋە شېرىكى قىلغان ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھەمراھ بولۇشۇپ ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ ، ۋەز ئېيتقان ھەم ئاغرىقلارنى داۋالىغان ، ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ

مەسىھ توغرىسىدىكى قارىشىنى ئۇلارغا ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشنى قەتئىي ئەيىبلەش، ھەر بىر كىشى ئادىللىقنى تە-كىتلەش، دېگەن نۇقتىئىنەزەرىنى چۈشىنەلمىگەن.

145. ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇننى مەنسىتمەسلىكى چوڭ ھوقۇق-نى قولىدا تۇتقان ئادەملەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان، ئۇلار ئاخىرى ئۇنى مىخلاپ ئۆلتۈرگەن.

146. ئەيسا ھېچقانداق يازما ئەسەر قالدۇرمىغان، ئەمما ئۇ-نىڭ تەگداشىسىز ۋەزلىرى ۋە ئىستېھزالىرى — ئۇنىڭ تەگرى ۋە ئادەمنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى چوڭقۇر كۆزىتىشلىرى — كېيىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار «ئىنجىل» غا كىرگۈزۈلگەن.

147. خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىنىڭ — دىن تارقاتقۇچى-لار ئەيسا ئۇلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن قۇرۇپ چىققان — ھېكايىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، بىز ئۇنى ئازدۇر - كۆپتۇر بىلىمىز. ئېتىقاد قىلغۇچىلار ۋە دىن تارقاتقۇچىلار قىزغىنلىققا تولغان دىن تارقاتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئەيسانىڭ دىنىي ئەقىدىلى-رىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە سىڭدۈردى.

148. لېكىن ئىتالىيەنىڭ رىم شەھىرى ئەڭ چوڭ مەركەز بولۇشى مۇمكىن، ئۇلۇغ رىم كاتولىك دىنى جەمئىيىتى دەل ئاشۇ يەردە قۇرۇلغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا مۇتلەق كۆپ قىسىم كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

149. تەخمىنەن مىلادىيە 1300 - يىلى كىشىلەر يېڭى غايىگە بولغان ئېھتىياجنى بايقاشقا باشلىغان، بۇلارنىڭ بىرى تېخىمۇ چوڭ دىنىي ئەركىنلىكنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىش ئىدى، بۇ قىسمەن ھالدا مارتىن لۇتېر ۋە جون گالۋىن رەھبەرلىك قىلغان دىنىي ئىسلاھات ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنگەن. بۇ ئىسلاھاتلاردىن كېيىن يېڭى دىنلارنىڭ دىنىي جەمئىيەتلىرى بارلىققا كېلىپ، خىرىستى-

يان دىنىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى.

## بۇگۇنكى كۈندىكى دىن

150. كۆڭزى مۇنداق دېگەن: ئىنسان ئىرقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشى غايە ساغلام بەدەننىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت — دۇنيادا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خەلقتەك جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق، سەۋر ـ تاقەتلىك ئىرق يوق.

151. ئاساسەن كۆڭزى بىلەن ئوخشاش دەۋردىكىسى، زورو-ئاستېرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆرسەتكەن تەسىرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ سەييارىلەرنىڭ ئادەم ۋە تەبىئەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدىكى تەلىماتىدىن ئىبارەت، چۈنكى ئادەم يۈكسەلگەن چاغدا، تەبىئەتنىڭ ئۆزىمۇ يۈكسىلىشى كېرەك.

152. ئاندىن كېيىن قۇربان بېرىش قارشىغا ئىگە ئىبراي ئىرقى ھەمدە ئۆلمەس ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان مىسىرلىقلار ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلار يېڭى مەدەنىيلىكنىڭ ئېتىكىلىق ئۆلچىمىنى يارىتىۋاتاتتى ئىدى.

153. بۇددانىڭ ئۇلۇغ ۋەھىيلىرى چوڭقۇر روھىيەتچانلىقنىڭ بىرى. ئۇ كىشىلەرگە ئادەمنىڭ ئاخىرقى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە، تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشتىن ئىبارەت بىر تەرىپى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

154. گرېكلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق تەڭرىگە ئېرىشتى، گرېتسىيە ھازىرغا قەدەر يەنىلا سەنئەتنىڭ ئانىسى دەپ قارىلىدۇ.

155. رىم بىزگە باشقۇرۇشنى — دۆلەتنى، ھەم شەخسنى باشقۇرۇشنى ئاتا قىلدى، ئىنسانلار بۇ ئۇلۇغ ئاساسىي قانۇنلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇگۇنكى كۈندە باشقا بىر ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن ئۇبدان تەييارلىق كۆرۈپ قويىدى — ئەيسا خرىستوس بارلىققا كەل-

دى. «شاگىرت تەييار بولسا، ئۇستازمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.»

156. مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە، «ئىدراكىي دەۋر» كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى، ئىچكى دۇنيادىكى روھمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قوچۇپ، ئۇلارغا ئەتراپىمىزدىكى تەبىئەتتە ھېلىقى كۆرۈنمەس كۈچنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرماقتا.

**مەجمۇئە ئىسمى:** جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش
**كىتاب ئىسمى:** دۇنيادىكى ئاجايىپ پىسخىكىلىق ساۋاق (3)
**ئاپتورى:** چارلس خانايىر [ئامېرىكا]
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئابدۇۋايىت قاسىم
**پىلانلىغۇچى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىلنۇر ئابدۇراخمان
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**مەسئۇل كوررېكتورى:** مەرھابا مەمەت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھەچىلىكى
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تېلېفون:** 0991−8888763
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** ئۈرۈمچى خاۋكۈن رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
**فورماتى:** 880×1230 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 7.125
**نەشرى:** 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-966-9
**ئومۇمىي باھاسى:** 56.00 يۈەن (ئۈچ قىسىم)